

1
1990
تڭرتاغ

# تەڭرىتاغ ئەدەبىياتى ۋە سۆيگۈ مۇكاپاتى يىغىنىدىن



قىيۇم تۇردى ۋە ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر



ھەبىبۇللا رېقىپ، مېجىت لېتىپ



مەمتىمىن ھاشىم، شۆلىجۇ، تۇرغۇن ئالماس



يازغۇچىلار، تەھرىرلەر سۆھبەتتە

دەۋر روھى، يەرلىك خۇسۇسىيەت
ياشلار ئالاھىدىلىكى، مىللىي ئۇسلۇب

# تەڭرىتاغ

قوش ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال

1990 - يىل 1 - سان

## مۇندەرىجە

### ماقالىلەر

«تەڭرىتاغ ئەدەبىياتى» ئۆكاپاتلاش يىغىنىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق ......... قەييۇم تۇردى 1
مەن بېسىپ كېلىۋاتقان مۇساپە ۋە ئىزدىنىش ......... زوردۇن سابىر 7
ئۈرۈمچى ئاتالغۇسى ھەققىدە قىسقىچە بايان ......... ئەخمەت ھوسەيىن 81

### ھېكايىلەر

تۈندىكى ھەسرەت يېشى ......... ھۆرنىسا تۇردى 21
ئۇستام نەدە سىز ......... ھەبىبۇللا رېقىپ 42
مودا مەستانىسى ......... تۇرسۇن يوسۇپ 54
بەختىم كۆمۈلگەن قەبرە ......... ئەزىزى 49
ياشلىق بوسۇغىسىدا ......... پولات ھېۋىزۇللا 67

### ئەدەبىي ئاخبارات

بىرېژنېۋ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن 18 يىل ......... فېدور بورلاتىسكىي 105
غوجى تۆمۈر تەرجىمىسى

### شېئىرلار

سۆيگۈ چاچقۇلىرى ......... روزى نىياز 75
سەمەندەر ناخشىلىرى ......... غەيرەتجان غوپۇر 77
ئېھتىمال ......... مۇختار سوپى 77
نېمىشقا ......... ھەبىبۇللا رەجەپ 76
گۈگۈم كەزگەن مىسكىن ناخشىلار ......... ئابدۇرېشىت پارات 78

ئاھ! مەيلىلا ........................... ئۆمەرجان مۇھەممەدى 78
يالغۇزلۇقنىڭ بالىلىقىدىكى يەركىمىن ماگا ............ ئابدۇشۇكۇر ئابدۇراخمان 79
قىش مەنزىرىسى ........................................ مۇسا ئەھەت 79
كۆز ئالدىمدا «قۇم باسقان دېگىز» .......................... ئالىم ئابلا 79
شۇ يازغان خېتىڭ ........................................ تاجىگۈل قادىر 80

## نەسىر

سوكوتنىڭكى يۈرەكتىن جاۋاب ......................... رىسالەت ئەسەيدۇللا 73

## چەتئەل ئەدەبىياتى

پادىشاھنىڭ كىيىمى بارمۇ؟ .......................... ئىمىن ئوسمان 84
ئازاد قۇشلار ........................................ نەزەر ئىشانقۇل 94

مۇقاۋا 1 - بەتتە: چەۋگەن ئويۇنى.
مۇقاۋا 4 - بەتتىكى سۈرەتلەرنى ھېسامىدىن ھاجى تارتقان.
مۇقاۋا ئىچىدىكى سۈرەتلەرنى ھېسامىدىن، ئىلھام جىلان تارتقان.
قىستۇرما رەسىم ۋە ھۆسن خەتلەرنى ئابلىمىت ئىشلىگەن.
مۇقاۋىنى ۋەلى زەيدىن لايىھەلىگەن.

باش مۇھەررىر: ئابلىكىم باقى
مەسئۇل مۇھەررىر: ھەبىبۇللا مۇھەممەت
مۇھەررىرلەر: پولات ھېۋىزۇللا، ئەركىن نۇر
مەسئۇل كوررېكتور: خەلچەم ئابلىمىت

# «تەڭرىتاغ ئەدەبىياتى» مۇكاپاتلاش يىغىنىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق

قەييۇم تۇردى

(ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى)

ھۆرمەتلىك قەلەمداش دوستلار، يولداشلار:

بۈگۈن بىز بۇ يەردە ئۈرۈمچى شەھەرلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتى ۋە «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىنىڭ تەشەببۇسكارلىقى بىلەن، ئاپتونوم رايونىمىزدا ئۇيغۇر تىلىدا چىقىدىغان بىر قىسىم يەرلىك ئەدەبىي ژۇرناللار ئارا ئۆتكۈزۈلگەن «تەڭرىتاغ ئەدەبىياتى»، «سۆيگۈ» مۇكاپاتى پائالىيىتىنىڭ تەنتەنىلىك مۇكاپاتلاش يىغىنىغا قاتناشماقتىمىز.

مەن ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى پارتىيە گۇرۇپپىسى ۋە ھەيئەت رىياسىتىگە ۋەكالىتەن، بۇ ئەھمىيەتلىك يىغىننىڭ غەلىبىلىك ئېچىلغانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن. ئۇزاقتىن بۇيان ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەدەبىيات ئىجادىيىتىنى گۈللەندۈرۈش يولىدا جاپالىق ئەجرى سىڭدۈرۈپ يول ئاچقان، تۆھپە ياراتقان قەلەمداش دوستلارغا ۋە بۇ قېتىم مۇكاپاتقا ئېرىشكەن يازغۇچىلارغا چىن قەلبىمدىن ئېھتىرام بىلدۈرىمەن ۋە ئۇلاردىن سەمىمىي ھال سورايمەن.

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدا ئۇيغۇر تىلىدا چىقىدىغان يەرلىك ئەدەبىي ژۇرناللار ناھايىتى تېز سۈرئەت بىلەن كۆپىيىپ، بارغانچە ئۆز - ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئەدەبىيات ئىجادىيىتىنى گۈللەندۈرۈشنىڭ مىسلىسىز كەڭ سورۇنى بولۇپ قالدى، پارتىيىنىڭ توغرا ئەدەبىيات - سەنئەت فاڭجېنىنىڭ يېتەكچىلىكىدە بىرمۇنچە يەرلىك ئەدەبىي ژۇرناللار تولۇپ تاشقان ئىشەنچ ۋە جاسارەت بىلەن ئالغا بېسىپ، كەڭ ئىجادىيەت خادىملىرىنى ئۆز ئەتراپىغا توپلاپ، ئۇلارنىڭ ئىجادىيەت قىزغىنلىقىغا كۈچلۈك ئىلھام بېرىپ، ئۆز سەھىپىسىدە ئىدىيىۋى ۋە بەدىئىي سەۋىيىسى بىر قەدەر يۇقىرى كۆپلىگەن مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى ئېلان قىلىپ، جامائەتچىلىكنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەدەبىيات ئىجادىيىتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن مۇھىم تۆھپە قوشتى.

كىشىنى زوقلاندۇرىدىغىنى شۇكى، بۇ يەرلىك ئەدەبىيات ژۇرناللىرى

ئەتراپىدا تۇرمۇشنى قىزغىن سۆيىدىغان، ئىسلاھات، ئېچمۇېتىش ۋە تۆتنى زا-
مانىۋىلاشتۇرۇش كۈرىشىنىڭ قاينام - تاشقىنلىق مۇھىتىدا ئاما بىلەن بىللە
ياشايدىغان كۈچلۈك ئىجاد قىلىش روھىغا، پۇختا تۇرمۇش ئاساسىغا ۋە بەدىئىي
ئىپادىلەش ماھارىتىگە ئىگە ئۇممىدلىك بىر ئىجادىيەت قوشۇنى ئۆسۈپ
يېتىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەدەبىيات سېپىدە مۇھىم كۈچ بولۇپ قال-
دى. بۇ ھەر قايسى ئەدەبىي ژۇرناللارنىڭ ئەجرى، شان - شەرىپى، بىزنىڭ
شان - شەرىپىمىز.

ھەممىمىزگە مەلۇم، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرى پۈتكۈل سوتسىيالىزم
ئىشلىرىنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم تەركىبىي قىسمى، يولداش جاڭزېمىن
دۆلەت بايرىمىنىڭ 40 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن سۆزلىگەن مۇھىم سۆزىدە:
«مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى، تېگى - تەكتىدىن ئالغاندا، پۈتكۈل مىللەتنىڭ
ساپاسىنى ئۆستۈرۈش، غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزاملىق سوت-
سىيالىستىك يېڭى كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈشتىن ئىبارەت. قۇدرەتلىك مەنىۋى
تۈۋرۈكى بولمىغان مىللەتنىڭ دۇنيا مىللەتلىرى قاتارىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇ-
شىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس» دەپ كۆرسەتتى.

يولداش جاڭ زېمىننىڭ بۇ مېغىزلىق سۆزى پۈتكۈل ئەدەبىيات - سەن-
ئەت خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي نىشانىسىنى تىرىشىپ ئەمەلگە ئاشۇرۇش، سوتسىيا-
لىستىك ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنى ساغلام راۋاجلاندۇرۇشنىڭ توغرا يولىنى
كۆرسىتىپ بېرىپلا قالماستىن، بەلكى شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇ، بىزنىڭ
ئۆتمۈشنى ئەسلەپ، كەلگۈسىگە نەزەر سېلىپ، تەجرىبە - ساۋاقلارنى ئىلمىي
ئاساستا توغرا يەكۈنلەپ، خەلق ئالدىدىكى ئىجتىمائىي مەسئۇلىيىتىمىز ۋە
تارىخىي بۇرچىمىزنى ئادا قىلىشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

نۆۋەتتە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىدە قان-
داق قىلىپ ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىز-
مەت قىلىش نىشانىسىنى توغرا ۋە ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەدەبىيات - سەن-
ئەت ئىجادىيىتىنى گۈللەندۈرۈش، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش پىكىر ئېقىمى-
نىڭ قالدۇق تەسىرىنى تازىلاپ، مەنىۋى ئەخلەتلەرنى سۈپۈرۈپ تاشلاش، ئەدە-
بىيات - سەنئەت تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئەدەبىيات - سەنئەت
ئىجادىيىتىنىڭ ساغلام راۋاجلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش مەسىلىسى ئالاھىدە
ئوتتۇرىغا قويۇلماقتا.

ھەممىمىزگە ئايانكى، ئەدەبىيات - سەنئەت بىر خىل ئىدېئولوگىيە، ئەدە-
بىيات - سەنئەت ئەسەرلىرى بىر خىل مەنىۋى مەھسۇلات. ئەدەبىيات - سەن-
ئەت ئەسەرلىرىنىڭ قىممىتى تەبىئىيكى، ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ئۇنۇمىدە گەۋدىلە-
نىدۇ. مېنىڭچە، ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ تەربىيىۋى رولى، ئىستې-
تىك رولى، تۇرمۇشقا ھۆسن قوشۇش - كىشىلەر قەلبىنى گۈزەللەشتۈرۈش رولى
ۋە مىللەتنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش رولىنى ئېتىراپ قىلماسلىق - سوتسىيا-

لىستىڭ ئەدەبىيات-سەنئىتىنىڭ توپ مەقسىتى ۋە نىشانى بىلەن چىقىشالمايدۇ.

ئەدەبىيات ئۆز قانۇنىيىتىگە ئىگە پەن. ئەدەبىيات ئالدى بىلەن ئەدەبىيات بولۇش لازىم.

ئىجتىمائىي بۇرچ ۋە مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسىغا ئىگە يازغۇچى، تۇرمۇشنى سادىقلىق بىلەن ئىپادىلىشى، قاينام-تاشقىنلىق تۇرمۇشتا بارلىققا كېلىدىغان بەدىئىي تەپەككۇرنىڭ پائالىيەتچانلىقىغا تايىنىشى زۆرۈر. لېكىن، رېئاللىقنى يوشۇرۇش ۋە بېزەش رېئالىزم بىلەن كېلىشەلمەيدۇ. رېئال تۇرمۇشتىن ئىبارەت بۇ توپ نۇقتىدا تۇرمۇشنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن تۇرمۇشنى تەنقىد قىلىش-تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. ئەدەبىياتنى بىۋاسىتە رېئاللىق ئىچىگە قويۇپ، ئەدەبىيات بىلەن خەلقنىڭ تەقدىرىنى بىرلەشتۈرۈش — تارىختا ئۆتكەن ئۇلۇغ رېئالىستىك يازغۇچىلارنىڭ ئورتاق يولى. تۇرمۇشنىڭ قىممەتكە ئىگە تەرىپىنى باتۇراۋۇق بىلەن مۇئەييەنلەشتۈرۈش، قوغداش ۋە مەدھىيىلەش، قىممىتى يوق تەرىپىنى يەنى رېئاللىقنىڭ تۇرمۇش ئورگانىزمىغا زىيان-زەخمەت يەتكۈزىدىغان قىسمىتىنى تەنقىد قىلىش، ئىنكار قىلىش-سوتسىيالىستىك ئەدەبىياتنىڭ توپ رېئالىزملىق يولى.

بىز، ئەدەبىياتنى ھەر كۈنى ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان رېئاللىقنى ئۆلۈك ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان ئەينەك ئەمەس، بەلكى ئۇ، يازغۇچى كىشىلىك دۇنياسىنى ئۆزىنىڭ بىۋاسىتە كەچۈرمىشلىرى، تۇرمۇش تەجرىبىسى ۋە ئۆزىگە خاس ھېسسىيات شەكلى ئارقىلىق يورۇتۇپ بېرىدىغان سېھرىي كۈچكە ئىگە روھىي ئىزدىنىش پائالىيىتى دېگەن ئىكەنمىز، ئۇنىڭ ئىنسان قەلبىگە مۆلچەرلىگۈسىز تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالمايمىز.

نۆۋەتتە، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت بىلەن چەتتىن كەلگەن مەدەنىيەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىرتەرەپ قىلىش، مىللىي ئەدەبىيات-سەنئەتنى توغرا يول بىلەن گۈللەندۈرۈشتە مۇھىم بىر مەسىلە بولماقتا. مېنىڭچە، ئۆزىمىزنىڭ مىللىي مەدەنىيىتى، ئېسىل ئەدەبىيات-سەنئەت ئەنئەنىمىز ئاساسىدا راۋاجلانغان ئەدەبىيات-سەنئەتلا ھەقىقىي يوسۇندا خەلق سۆيىدىغان ئەدەبىيات-سەنئەت بولالايدۇ. چەتتىن كەلگەن ھەر قانداق مەدەنىيەتنى، جۈملىدىن ئەدەبىيات-سەنئەت نۇقتىئىنەزەرىنى تەھلىل قىلماي، قارا-قويۇق قوبۇل قىلىش، بولۇپمۇ غەرب كاپىتالىزمىنىڭ سىياسىي ئىدىيىسى، ئىقتىسادىي ئىدىيىسى، قىممەت قارىشى، مەدەنىيەت رامكىسى، تۇرمۇش نۇقتىئىنەزەرى ۋە ئۇسۇلىغا قارىغۇلارچە چوقۇنۇش-بۈگۈنكى كۈندە تېخىمۇ بىمەنىلىك. ئۆز مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ ئاساسىغا ئەھمىيەت بېرىش، مىللىي مەدەنىيەت، جۈملىدىن ئەدەبىيات-سەنئىتىمىزنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىنى قەدىرلەش ۋە ئۇنىڭغا ئاكتىپ ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا باشقىلارنىڭ مەدەنىيىتىنىڭ بىزگە پايدىلىق تەرەپلىرىنى ھەزىم قىلغان ھالدا قوبۇل قىلىپ، ئۇنى ئۆزىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك مىللىي مەدەنىيىتىمىز، جۈملىدىن ھازىرقى زامان ئەدەبىيات-سەنئىتىمىزنىڭ تەرەق-

قىياتى ۋە كۈللىنىشى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش - دەل خەلقىنىڭ كۆڭلىگە
ياقىدىغان توغرا ئىجادىيەت يولى ھېسابلىنىدۇ.

يېقىندىن بۇيان بەزى يازغۇچىلار ئارىسىدا تارىخىي رومانلارغا قانداق
قاراش مەسىلىسى ئۈستىدە غۇلغۇلا بولماقتا. بۇ ئەسلىدە تارىخىي روما-
نلارغا قانداق قاراش مەسىلىسى بولماستىن، بەلكى تارىخىي تېما بىلەن ھازىرقى
رېئال تېمىنىڭ مۇناسىۋىتىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش مەسىلىسى. پار-
تىيە 11 - نۆۋەتلىك 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن ئۇيغۇر رومانچىلىقىدا
بۆسۈش خاراكتېرلىك ئىلگىرىلەش بولدى. ياخشى، بىرقەدەر ياخشى بولغان
نۇرغۇن رومان جامائەتچىلىكنىڭ خېلى سۆيۈپ ئوقۇيدىغان رومانلىرىغا ئاي-
لاندى. بۇ پاكىت. بۇ رومانلارنىڭ خېلى كۆپچىلىكى تارىخىي تېمىدىكى روما-
نلار. ئەسلىدە قانداق تېمىدا، قانداق ژانىردا، قانداق شەكىلدە ئەدەبىي ئە-
سەر يېزىش - دەۋرىمىز ھەر بىر يازغۇچىغا بەخش ئەتكەن ئەدەبىي ئىجادىيەت
ئەركىنلىكى. بۇنىڭغا ھېچكىم دەخلى - تەرۇز قىلالمايدۇ. ئەكسىچە، بىز ئۆز تارى-
خىمىزدىكى ئۇلۇغ تارىخىي شەخسلەر، خەلقىمىز قەلبىدە ئۆچمەس ئىز قالدۇر-
غان زور تارىخىي ۋەقەلەر ئۈستىدە چوڭقۇر ئىزدىنىپ، تارىخىي ماتېرىيالىزم-
لىق مەيداندا تۇرۇپ، تارىخىي جەريانلارنى يورۇتۇپ بېرىدىغان رومانلارنى
تېخىمۇ كۆپ يېزىشقا تامامەن ھەقلىقمىز. بۇمۇ ئوخشاشلا تارىخ ئۈستىدىكى
بەدىئىي تەتقىقات ھېسابلىنىدۇ. ئەمما، بۈگۈنكى كۈندە كەڭ خەلق ئاممىسى ئىق-
تىساد، مەدەنىيەت جەھەتتىن تېز رەك قەد كۆتۈرۈپ، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇ-
شىنى تېزلىتىپ، زامانىۋى مىللەت قاتارىغا تېزرەك ئۆتۈش يولىدا تىرىشماقتا.
مېنىڭچە، خەلق بىلەن ھەمنەپەس ھەر بىر يازغۇچى خەلقىمىزنىڭ مۇشۇ ئارزۇ-
سىغا يېقىندىن ياندىشىدۇ، ھازىرقى رېئاللىققا كۆڭۈل بۆلىدۇ، رېئال تېمىدا
ئەسەر يېزىپ، ئۇلارنىڭ قەد كۆتۈرۈش ھەرىكىتىگە مەدەت بېرىشتىن، ئۇزىنى
تارتالمايدۇ ۋە تارتماسلىقى لازىم. ھازىرقى رېئال تېمىلاردا ئەسەر يېزىشنى
تەشەببۇس قىلىش - ھەرگىزمۇ تارىخىي تېمىلاردا ئەسەر يېزىشقا تەييارلىقى
بولغان يازغۇچىلارنىڭ قىزغىنلىقىغا سوغۇق سۇ سەپمەيدۇ، بەلكى ھازىرقى
رېئاللىقنىڭ ئۆزىمۇ كەلگۈسىدە تارىخ بولىدىغانلىقىنى، ئەدەبىيات - سەنئەت
ئىجادىيىتىنىڭ خەلقتىن، ھازىرقى رېئاللىقتىن ئايرىلماسلىقىنى كۆزدە تۇتىدۇ.
بۇنىڭدا بىر قانداق چۈشەنمەسلىكنىڭ بولۇشىنىڭ ھاجىتى يوق.

ئوندىن باشقا، بۇ بىر - ئىككى يىلدىن بۇيان، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىيات
ئىستىقبالىغا كۆڭۈل بۆلىدىغان بىر مۇنچە ئەدىبلىرىمىز، تەتقىقاتچىلىرىمىز ۋە جامائەت
ئەدەبىي ئوبزورچىلىق، جۈملىدىن ئەدەبىي تەنقىدچىلىكنىڭ تازا قانات يېيىپ كېتەلمەي-
ۋاتقانلىقىدىن بىئارام بولماقتا. ئەدەبىي ئوبزورچىلىقنى كۈچەيتىپ، ئەدەبىياتىمىزنىڭ
گۈللىنىشىگە تۈرتكە بولۇشنى ئۈمىد قىلماقتا. ئۇيغۇر ئەدەبىي ئوبزورچىلىقىنىڭ ھازىرقى
ئەمەلىيىتىدىن قارىغاندا، كۆپچىلىكنىڭ بۇ ئىشقا كۆڭۈل بۆلگەنلىكىنىڭ ھەم-
قىقەتەن ئاساسى بار. جىددىي، ئەستايىدىل ۋە ئىلمىي ئەدەبىي تەنقىدچىلىك

بولمىسا، بىر مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىيات ئىستىقبالى ۋە يېڭى سەۋىيىسىنىڭ مەيدانغا كېلىشىدىن ئۈمىد كۈتۈش تەس. چۈنكى ئايتماتوپ «ئەدەبىي تەنقىد ــ ئەدەبىي جەرياننىڭ ئايرىلماس بىر تەركىبىي قىسمى. ئۇ باشقا ھەر قانداق ژانىردىن تۆۋەن ئەمەس، ھەقىقىي ئەدەبىي تەنقىدنىڭ چوڭقۇر تەپەككۇر قىلىش پائالىيەتلىرى ۋە تەھلىل قىلىشلىرى بولمىسا، بىز-نىڭ كۆپچىلىكىمىز (يازغۇچىلار) دەسلەپكى سەۋىيىمىزدىن يۇقىرى ئۆرلىمەي قالغان بولىمىز» دەپ ناھايىتى توغرا ئېيتقان. ئەدەبىيات ــ سەنئەت ئىجادىيىتى مۇرەككەپ ئىجتىمائىي پائالىيەت، ئەجىر ئەمگەك. ئەدەبىي ئوبزورچىلىقمۇ شۇنداق. يازغۇچى، ئوبزورچى، كىتابخان ــ سوتسىيالىزم جەم-ئىيىتىدە ئورتاق مەنپەئەت ۋە ئورتاق غايىگە ئىگە يولداشلار. تېگى ــ تەكتى-دىن ئېيتقاندا، بىر مىللەت ئەدەبىياتىنى گۈللەندۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئەدەبىي ئوبزورچى مۇھىم تايانچ كۈچ بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەدەبىي ئوبزور-چىنىڭ كەچۈرمىشلىرى، بىلىمى، تەربىيىلىنىشى، كۆز قارىشى ۋە ھەتتا ئەدەبىي ئىپادىلەش ئىشلىرىمۇ ئەدەبىياتقا تەسىر كۆرسىتىدۇ، رول ئوينايدۇ. شۇنداق ئىكەن، ئەدەبىيات ئىجادىيەت قوشۇنىنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، مۇناسىپ ھال-دا يېتىشىپ يېتىلگەن، يىراقنى كۆرىدىغان، بىلىم، سەۋىيە جەھەتتىن ئۆزى تەھلىل قىلىۋاتقان يازغۇچىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان ئەدەبىي ئوبزورچىلارنىڭ مەيدانغا كېلىشى بىر يېتىشىپ يېتىلگەن يازغۇچىنىڭ مەيدانغا كەلگىنىدەكلا ئۇلۇغ ئىش.

ئەدەبىي ئوبزورچىلىقنى، جۈملىدىن ئەدەبىي تەنقىدنى قانات يايدۇ-رۇشتىن مەقسەت ــ ئەدەبىياتنى گۈللەندۈرۈش مەقسىتىگە يېتىشتىن ئىبارەت. «تەنقىدچىلەرنىڭ بۇرچى زەھەرلىك ئوت ــ شۇمبۇيىلارنى قىرقىپ تاشلاشلا ئە-مەس، بەلكى خۇشپۇراق گۈللەرنى، خۇشپۇراق گۈللەرنىڭ مايسىلىرىنىمۇ سۇغۇرۇشتىن ئىبارەت» (لۇشۈن). ئەدەبىي تەنقىد پۇختا ئىستىل تەھلىلىدىن، كونكرېت ئەسەر توغرىسىدىكى ئۆزگىچە ھېسسىيات ۋە تەسىراتتىن ئايرىلسا، بو-لۇپمۇ ئۆزىمىزنىڭ ئومۇمىي ئەدەبىيات ئەھۋالى ۋە يازغۇچىنىڭ ماكان، زامان، شارائىتىدىن ئايرىلسا، ئۇ ئاسانلا قاتمال ئەندىزىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. مەن، ئېلان قىلىنغان بىرەر كىتابنىڭ بىرىمۇ ياخشى يېرى يوق دېگەنگە ئىشەنمەيمەن، شۇنداقلا، بىرەر كىتابنىڭ بىرىمۇ يامان يېرى يوق دېگەنگە تېخىمۇ ئىشەنمەيمەن. ئەدەبىي ئوبزورچى يازغۇچىلارغا باھا بەرگەندە، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى تەھلىل قىلغاندا، ئومۇمىي ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش مەيدانىدا تۇرۇپ، ئالدى بىلەن يازغۇچىغا سەمىمىي ھالدا كۆيۈنۈش، ئۇنىڭ ئارتۇقچىلىق-لىرىدىن، نەتىجىسى ناھايىتى ئاز بولغاندىمۇ، كۆز يۇممىسلىقى، ئاندىن ئۇنىڭ-غا دەل توغرا ۋە قايىل قىلارلىق ھالدا ياردەم بېرىشى، تەنقىد قىلىشى لازىم. ئېنىقكى، ھاقارەت، پوپوزا ھەرگىز ئەدەبىي تەنقىد ئەمەس. مەرھۇم يازغۇ-چىمىز زۇنۇن قادىر ئېيتقاندەك «چىۋىن دائىم ئېشەكنىڭ يېغىرىنىلا كۆرگەندەك،

دائىم باشقىلارنىڭ كەمچىلىكىنىلا كۆرۈش» ئارتۇقچىلىقىدىن كۆز يۇمۇشمۇ بىر تەرەپلىمىلىك تەنقىد ھېسابلىنىدۇ. ئۇنداق تەنقىدنىڭ ھامان قايىل قىلىش كۈچى بولمايدۇ. دېمەك ئەدەبىي ئوبزوردا ئىلھاملاندۇرۇشمۇ، تەنقىدمۇ بولۇش، قىزغىن قوللاشمۇ، قاتتىق تەلەپمۇ بولۇش لازىم.

ئەدەبىياتىمىزنىڭ ھازىرقى تەرەققىيات سۈرئىتى ئىنتايىن ياخشى. لېكىن بۇ، ئىلمىي ئوبزور ۋە ئىلمىي تەنقىدكە مۇھتاج. كەڭ ئوبزورچىلىرىمىزنىڭ ئەدەبىيات ئىجادىيەت ئىشلىرىنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

«تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى نەشىر قىلىنغانىدىن بۇيان، بولۇپمۇ، ئۈرۈمچى شەھەرلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتى قۇرۇلغانىدىن كېيىن، شەھەرلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ بىۋاسىتە رەھبەرلىكىدە كۈچلۈك پائالىيەتچانلىق بىلەن ئەمەلىي خىزمەت ئىشلەپ، ئەدەبىي ئىجادىيەتنى ئۇيۇشتۇرۇش، يازغۇچىلار بىلەن قويۇق ئالاقە باغلاش، ياش يازغۇچىلارنى قىزغىن قوللاش، ھەر خىل شەكىلدىكى تەقدىرلەش - مۇكاپاتلاش پائالىيەتلىرىنى تەشكىللەش ۋە ئەدەبىي ئىجادىيەتنى گۈللەندۈرۈش جەھەتتە نۇرغۇن ياخشى ئىشلارنى قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەدەبىيات ئىجادىيىتىنى روناق تاپقۇزۇشتا ئاكتىپ رول ئوينىدى. ئوبدان ئۈلگە ياراتتى. بىز شەھەرلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتى ۋە «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدىكى يولداشلارنىڭ بۇ خىل جاپالىق ئىزدىنىش - ئىلگىرى سۈرۈش روھىغا يەنە بىر قېتىم چوڭقۇر رەھمەت ئېيتىمىز. بۇندىن كېيىنكى خىزمەتلەردە تەجرىبە-ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ، تېخىمۇ جاسارەتكە كېلىپ، دادىل ئىلگىرىلەپ، ئەدەبىيات ئىجادىيىتىنى گۈللەندۈرۈش يولىدا تېخىمۇ زور شان - شەرەپ قازىنىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

كۆپچىلىككە رەھمەت.

---

(بېشى 74 - بەتتە)

بىلەن ئۆمرۈمنىڭ تەگدىن تولىسى ئۆتۈپ كەتتى. يەنە ئاچا يوللاردا ئارىسالدى بولۇپ يۈرگۈدەك ۋاقتىمۇ قالمىدىغۇ؟ ئۇ دۇنياغا مۇشۇنداق قۇرۇق قول كېتىش نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق؟ بۇ سوئاللار ھەر سائەت، ھەر مىنۇت مېنى سوراققا تارتىپ قاتتىق ئازابلايتتى. بۇ سوئاللارغىمۇ يۈرىكىمدىكى جاۋابىمنى خۇددى گولدۇرمامىدەك خەلقى ئالەمگە ئاۋازىمنىڭ بېرىچە ۋارقىراپ ئېيتقۇم كېلىدۇ. بىراق قەلبىمدىكى ئارزۇ- ئۈمىدلىرىمنىڭ ئوزۇقى بولغان ئەنە شۇ جاۋابلىرىمنىڭ ئەمەلىي تۇرمۇشۇمدا يىلتىز تۇرۇپ كۆكلەپ، چېچەكلەپ مېۋە بېرىشى ئۈچۈن خۇددى باھاردەك گۈزەل ۋە ئىللىق شەرت-شارائىتنىڭ بولۇشى مېنىڭدەك بىر ئايال ئۈچۈن نەقەدەر مۇھىم ئىكەنلىكىنى كىممۇ ئويلىسۇن.

ئەي قېرىنداشلار، مېنى مەسخىرە قىلماڭلار، مېنىڭ بەختسىزلىكىم ئۈچۈن كۈلمەڭلار!

# مەن بېسىپ كېلىۋاتقان مۇساپە ۋە ئىزدىنىش

زوردۇن سابىر

يېرىم ئەسىر يول ماڭغان بىر سەيياھ ھايات دەپتىرىنى قولتۇقىغا قىسىپ، بۈيۈك چىڭگىزخان، باتوخانلار توغرىسىدا ئادىل قەلەم تەۋرەتكەن بابارەھىم دەرۋىشتەك خاتىرىلەردىن لەززەتلىنىشنى بىلگەن بولسىدى، ئۇ ئەللىك يېشىدا بەلكى ئۆز دەۋرىنىڭ دانىشمەنىدىگە ئايلانغان بولار ئىدى!...

لېكىن بىز ئۇنداق قىلالمايمىز. قانداق يوللارنى، قانداق بېسىپ ئۆتكەنلىكىمىز؛ ئەڭ خۇشال، ئەڭ ئازابلىق كۈنلىرىمىزدە نېمىلەرنى ئويلىغانلىقىمىزنى بىلەمسىز. شۇڭا بىز ئۆز تارىخىمىز (تەرجىمھالىمىز) توغرىسىدىمۇ چالا-بۇلا، تومتاق ۋە قاتمال سۆزلەشنى ياخشى كۆرىمىز.

ئۆز تارىخىنى پۇختا بىلمىگەن بىر ئادەم ئۆزى ياشاۋاتقان دەۋر توغرىسىدا پۇختا بىلىمگە ئىگە بولالمايدۇ. چۈنكى بۇ دەۋر ئاشۇ تارىخنىڭ داۋامى.

مەن ئەللىك ياشلىق ھاياتىمنى ئەگرى-بۈگرى چىغىر يولغا ئوخشىتىمەن. بۇ چىغىر يولدىكى ئىزلارنىڭ يارقىنلىرىمۇ، ئۆچكەنلىرىمۇ، گىرانىت تاشقا ئايلانغانلىرىمۇ، گۈل-گىيا ئارىسىدا كۆمۈلۈپ قالغانلىرىمۇ بار.

مەن كەينىمگە بۇرۇلۇپ قارىسام بۇ چىغىر يول ماڭا نۇرغۇن كىشىلەرنى ئەسلىتىدۇ: كۈيلىگەن ئارزۇلىرىم، نۇرلانغان شادلىقىم، كۆز يېشىم، كۈلكەم، قىممەتلىك ياشلىق... لېكىن ئۆز ھاياتىم توغرىسىدا بىلىدىغىنىم ئاز. مەن بەزى يىللارنى ئەستە قالمايدىغان چىكىش چۈشلەر بىلەن ئۆتكۈزگەن بولسام، بەزى يىللارنى نەشە چېكىپ مەست بولغان ئادەمدەك شېرىن-خىيال ياكى غەپلەت ئۇيقۇسى بىلەن ئۆتكۈزگەن ئوخشايمەن. ئادەملەرنىڭ ھەممىسىلا شۇنداقمۇ، سەن بۇنى بىلەمسەن. لېكىن مەن نېمىلا بولمىسۇن ئۆزۈم بېسىپ ئۆتكەن مۇساپە توغرىسىدا ئۇنچىلىك كەڭ، توغرا ۋە چوڭقۇر بىلىمگە ئىگە ئەمەسمەن.

مەن بالا چېغىمدا يېزىمىزنىڭ تەڭدىشى يوق ئەقىللىقى ئىدىم. 1957-يىلى تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگىنىمدە زېرەكلىكىم بەدىلىگە دەۋر روھى بىلەن قوراللانغان: غايىلىك، ئىنتىزاملىق، جۇشقۇن يىگىتكە ئايلاندىم. 300 پارچىدەك رومان ئوقۇپ ئەسەر قەھرىمانلىرى توغرىسىدا خاتىرە يېزىش، پاۋىل كورچاگىندەك ئەڭ قىيىن، ئەڭ شەرەپلىك جايلارغا ئىنتىلىش، ئەتراپلىق تەرەققىي قىلغان كومسومول دېگەن نامغا ئېرىشىش ئۈچۈن تەنتەربىيە، مۇزىكا، رەسىم، ناتىقلىق پائالىيەتلىرىگىمۇ قىزغىن قاتنىشىش مېنىڭ ئۇ چاغدىكى ئاڭلىق ھەر-

كىتىمگە ئايلانغانىدى.

لېكىن مەن شۇ يىللاردا ئۆز سادا قىتىمنى ئىپادىلەش ئۈچۈن نېمىلەرنى ئويلىدىم، نېمىلەرنى قىلدىم؟ بۇلارنىڭ ھەممىسى يادىمدا يوق.

1960 - يىللارنىڭ بېشىدىن تارتىپلا ھېچقانداق قېقىلماي، جازالانماي تۇرۇپلا ئۆزۈم ياشاۋاتقان ھاياتتىن ئۈمىدسىزلىنىپ، دەۋرگە سوئاللىرى كۆپ، خىيالچان، چۈشكۈن بىر پىيەنچۈككە ئايلىنىپ قالدىم. بۇ يىللار ئۇزاق داۋام قىلدى. مەن راسا قىران چاغلىرىمنى مانا شۇنداق ئۆتكۈزدۈم. كىتاب ئوقۇش، ئىلىم - پەن ماڭا زېرىكىشلىك تۇيۇلىدىغان بولۇپ قالدى، مەن لېنىننىڭ «ماتېرىيالىزمۇ - ئىمپىرىيوكىرىتىزمۇ؟» ناملىق چۈشىنىش قىيىن بولغان كىتابىنىڭ بەتلىرىگە سىزغان بەلگە، يازغان خاتىرىلىرىم (لېنىننىڭ ياشلىقىدىكى ئۆگىنىش ئۇسۇلىغا تەقلىد قىلىپ) ئۈچۈن ئۆزۈمنى ئەيىبلەيدىغان بولۇپ قالدىم؛ مەن ئۇ يىللاردا نارازىلىق، بۇرۇختۇرمىلىقلىرىمنى ئىپادىلەش ئۈچۈن نېمىلەرنى ئويلىدىم، نېمىلەرنى دېدىم، نېمىلەرنى قىلدىم؟ بۇلارمۇ يادىمدا يوق. يادىمدا بىر تومتاق خۇلاسە قالغان ئىكەن: دەۋر سېنىڭ لازىملىقىڭنى بەرمىسە، سەن ئۇنى ھەرگىز ئالالمايدىكەنسەن. بۇ چۈشەنچە: غايىسىز، بىلىمسىز، ئەخلاقسىز تەگتوشلىرىم ئەتىۋارلىنىپ، ئۆزۈمگە ئوخشاشلار خارلانغانلىقى ئۈچۈن پەيدا بولغان بولسا كېرەك. . . .

ئۈمىدلىك، غايىلىك يىگىتتىن چۈشكۈن، گۇمانخور، دەۋر بىلەن قارشىلاشقۇچى بىر جىمغۇرغا ئايلىنىش مېنىڭ بېسىپ ئۆتكەن ھايات يولۇمدىكى بىر چوڭ بۇرۇلۇش. بۇ ئەگرى سىزىقنى ئۆز قولۇم بىلەن سىزدىم؟ لېكىن سىزىشنى ئىختىيار قىلدىم دېگەندىن كۆرە، سىزىشقا مەجبۇر بولدۇم دېگىنىم توزۇك، ئەلۋەتتە كىشىلەر ئۆز ئىندىۋىدۇئال بەلگىلىرىنى ئۆزلىرى يوقىتىشقا مەجبۇر بولغان ئاشۇ يىللاردا ماڭا ئوخشاش بىر خىل كىيىم، بىر خىل ئاۋاز، بىر خىل پىكىرلىك ئادەملەر توپىغا قېتىلىشنى خالىمىغانلارنىڭ ھەممىسىلا ئاشۇنداق ئەگرى سىزىق سىزىشقا مەجبۇر بولغاندۇر دەپ ئويلايمەن.

ئەنە شۇ ئەگرى سىزىق تەبىئىيكى «ئىزدىنىش» رومانىمدىكى ئەلانىڭ بېسىپ ئۆتكەن ھايات يولىدا ئەكس ئەتتۇرۇلدى. لېكىن ئەلا ھاياتنىڭ ھەر بىر دوقمۇش - بۇلۇڭلىرىدا ئويلايدۇ، سۆزلەيدۇ، ھەرىكەت قىلىدۇ. ئۇ كونكرېت ۋەقەلەر، ھادىسىلەر جەريانىدا ئۆز ئارزۇ خاھىشلىرىنى ئىپادىلەيدۇ. مەن ئېسىمدە ساقلىيالىغان ئۇششاق - چۈششەك نەرسىلەر يەنى ھاياتلىق گەۋدىسىنىڭ ھوجەيرىلىرى ئەلانىڭ خاتىرىلىرىدە تەپسىلى بېرىلگەن. بۇ تەپسىلىي خاتىرىلەر تەبىئىيكى ئاپتور قەلىمىدىن تامغان بەدىئىي توقۇلما. توقۇلمىلارنىڭ كىتابخانلاردا قىزىقىش ۋە تەسىرات پەيدا قىلالىغانلىقى ئۇلارنىڭ رېئاللىق قىممىتىدە. يەنى بالزاكنىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا ئاپتورنىڭ ئۆز كىتابخانلىرىنى توقۇلمىلارغا ئىشەندۇرەلىگەنلىكىدە. بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا ئاپتور ئۆزىگە خەت يازغۇچى نۇرغۇن ياش كىتابخانلارنىڭ «ئەلا سىز ئۆزىڭىزمۇ؟ گۈزەلئاي، ئادىلەلەر ھازىر نېمە قىلى-

ۋاتىدۇ؟ ئۇلارنىڭ بالىلىرىچۇ؟» دېگەندەك سوئاللىرىغا كونكرېت جاۋاب بېرىشتىن ئۆزىنى قاچۇرىدۇ.

مېنىڭ ھايات يولۇمدىكى ئەڭ ئەگرى، ئەڭ چۈشىنىكسىز سىزىقلار مەدەنىيەت ئىنقىلابى بولغان يىللار. مەن ئۇ يىللاردا بەزىدە نېمە ئۈچۈن تۇغۇلدۇم؟ نېمىگە مىندىرلاپ يۈرۈۋاتىمەن؟ دېگەندەك سوئاللارغىمۇ جاۋاب تاپالمىغان ئىدىم. ماڭا ئۆزۈمنىڭ ئەڭ ئالىي تىلەكلىرىمنى تەقدىم قىلالماقچى بولغان ئوقۇغۇچىلىرىمنى ماڭا تاش-چالما ئېتىشقا مەجبۇر قىلغان يىللارنى ئەسلىمەك بىر ئازاب. مەن ئۆزۈمنىڭ ئادەم ئىكەنلىكىمگە ئىشەنمىگەن چاغلىرىممۇ بولغان. مەن جىن-ئالۋاستىلارنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىگە ئىشەنگەن، ھەتتا ئۇلاردىن مېھرى-شەپقەت تىلىگەن. مەن قورقۇشنى، زارلىنىشنى ئۇنتۇغان. مەن ھەممىدىن نەپرەتلەنگەن.. فرانسىيە يازغۇچىسى سارترىنىڭ: «ئادەمنىڭ بۇ دۇنياغا تۇغۇلۇشى غايەت زور ئوقۇشماسلىق، بىمەنىلىك، دۇنيا بىمەنە، بىمەنە دۇنيادا ياشاشنىڭ ئۆزى ئازابلىق ۋە ئەھمىيەتسىز... بۇنداق بىمەنىلىك، ئۈمىدسىزلىكتىن كېلىپ چىققان پىكىرلەر كىشىنى رېئاللىقتىن، تىرىكلىكتىن بىزار قىلىدۇ. يىرىكەندۈرىدۇ...» دەيدىغان سۆزلىرى، لېۋ. تولستوينىڭ «تىرىلىش» رومانىدىكى «پۈتۈن روسىيە بىر چوڭ تۈرمە» دېگەن خۇلاسىسى، دوستويېۋسكىينىڭ ئۆزى ياشاۋاتقان مۇھىتنى ئۆزىنىڭ دۈشمىنى ھېسابلايدىغان ھايات پەلسەپىسى ئۇ يىللاردا مەن ئۈچۈن دەستۇر بولۇپ قالغانىدى، پۈتۈن جۇڭگو خەلقىنى بىر ئىناك، بىر پىكىر، بىر مۇھەببەت

ھۆكۈمرانلىقىغا بويسۇنۇشقا مەجبۇر قىلىۋاتقان ئاشۇ 60-، 70-يىللاردا چىش تىرنىقى بىلەن ئېقىمغا قارشى چىققۇچىنى، «ئادەملەر» قاتارىغا قويغىلى بولاتتىمۇ؟

مېنىڭ ئاشۇ روھىي كەيپىياتىم «ئىزدىنىش» نىڭ قەھرىمانى ئېلانىڭ بەدىنىدە ئىپادىلەنگەن. مەن بۇ ئەسەرگە ئىشلەۋاتقىنىمدا قەھرىمانىمنى گۈزەللەشتۈرۈشنى زادىلا ئويلىمىدىم. چۈنكى گۈزەللىك توغرىسىدىكى مېنىڭ چۈشەنچەم مەن ئەسەر يېزىۋاتقان چاغدىكى ئاقىدىغان گەپلەر بىلەن چىقىشالمايتتى، يەنە بىر جەھەتتىن مەن ئەسەر يېزىۋاتقان چاغ (70-يىللارنىڭ ئاخىرى 80-يىللارنىڭ بېشى) بىلەن مەن ئىپادىلەۋاتقان چاغ ئارىلىقىدا ناھايىتى چوڭ پەرق بار ئىدى. مەن ئەسەرگە ئىشلىگەن مەزگىلىمدە ئۆزۈم پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن ئىپادىلىنىۋاتقان دەۋرنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتكەنىدىم. ئۇ چاغلاردا گۈزەللىك توغرىسىدىكى ئېيتىۋاتقان گەپلەر نەق مەن قوبۇل قىلالمايدىغان گەپلەر ئىدى.

مانا مۇشۇ ئىككى سەۋەب بىلەن مەن ئېلانى ياكى ھاشىرنى گۈزەللەشتۈرۈشنى زادىلا ئويلىمىدىم. بەلكى ئۇلارنى ئۆز ئىندىۋىدۇئاللىقى بىلەن رېئاللىقتا تاپشۇردۇم. يەنە مەن ئۆز زېھنىمنى قەھرىمانلىرىمنىڭ ئۆزىگە خاس خاراكتېر-مىجەز خۇلقىنى يارىتىشقا مەركەزلەشتۈردۈم. ئېلا ھەممىگە سوئال ۋە نەپرەت بىلەن قارايدىغان «ئىسيانكار» ھەتتا ئۆز ئەڭ يېقىن ئاغىنىسى بولغان ھاشىرغىمۇ ھەدېسىلا «ئۇرۇش ئېلان» قىلىدۇ. ئۇ مۇرەسسە، يول قويۇش، سۈكۈت قىلىشنى بىلمەيدۇ. ئۇنىڭ رو-

ھەدي كەيپىياتى شۇ يىللاردىكى مېنىڭ كەيپىياتىمغا ۋەكىللىك قىلىدى. لېكىن بۇ روھىي كەيپىياتنى ئىپادىلىگۈچى كونكرېت ئېپىزوت، دېتاللار يەنىلا توقۇلما. مىسالغا ئالساق، مەن ھېچقانداق ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى بىلەن دوست بولۇپ باقمىغان ھەم زور مەسىلىلەردە مۇنازىرىلىشىپمۇ باقمىغان. مەن ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى تۇگۇل رايون، گۇڭشې، ھەتتا داۋۇي پارتىيە شۇجىلىرىدىنمۇ ئۆزۈمنى قاچۇراتتىم.

ئۇنداق بولسا ھاشىر پۈتۈنلەي توقۇلمىمۇ؟ شۇنداق دېيىشكە بولىدۇ: ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى سۈپىتىدىكى ھاشىر توقۇلما. مەن ناھايىتى نۇرغۇن شۇجىلارنى كۆرگەن، كۆزەتكەن، ئۇلار سادىق، سەمىمىي ئىشچان، خەلقپەرۋەر. لېكىن ئۇلار يۇقىرىنىڭ بويسۇنغۇچى، ئىجرا قىلغۇچى ئەسكەرلىرى. ئۇلار رېئاللىقنى مەدھىيىلىگۈچى، قوغدىغۇچى. ئۇلار كۆڭۈللىرىدە بەزى ئىشلارنى قوبۇل قىلالمايدىغان تىرىك ئادەم بولسىمۇ لېكىن سۆز ۋە ھەرىكىتىدە ئۆز نارازىلىقىنى قىلچە ئىپادىلىمەيدۇ. ئۇلاردىن بەزىلىرى دېھقانلارنىڭ قەرزگە بوغۇلۇپ، ئاچ-يالىڭاچ قالغانلىقىنى كۆرۈپ تۇرسىمۇ «خەلق گۇڭشېسى» دىن گۇمانلانمايدۇ. ئادەملەر، ھەتتا ئۆزلىرى ناھەقتىن-ناھەق قارىلانسىمۇ، تۈرمىگە سېلىنسا، ھەتتا ئۆلۈم جازاسىغا ناھەق ھۆكۈم قىلىنسىمۇ ئۇلار شۇ چاغدىكى سىياسىي ھەرىكەت، كونكرېت رېئاللىقتىن گۇمانلانمايدۇ.

ھاشىر مانا مۇشۇ خىل شۇجىلارنىڭ تىپى. لېكىن ئۇ كونكرېت ئادەم سۈپىتىدە ئۆز خاراكتېرى بىلەن مېنىڭ دوستلىرىم ئىچىدە مەۋجۇت. مەن نېمە ئۈچۈن دوستلىرىم ئىچىدىكى كونكرېت خاراكتېرى بار ئادەمنى ناھىيىلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى قىلىپ «ئۆستۈرۈپ» قويىدۇم؟ بۇنىڭ جاۋابى ئاددىي: ئەلانىڭ نارازىلىقلىرىنى پارتىيىگە ئاڭلىتىش. ناۋادا ھاشىر ئاددىي بىر ئادەم سۈپىتىدە ئەلا بىلەن تالاش-تارتىش قىلىۋەرگەن بولسا ئەلانىڭ رېئاللىق توغرىسىدىكى باھا، ھەرىكەتلىرى جەمئىيەتنىڭ دىققەت-ئېتىبارىغا ئۇنچىلىك ئىگە بولالمىغان بولار ئىدى. «پارتىيىمۇ خاتالىشامدۇ؟» دېگەن سوئالغا ھاشىر ناھايىتى نۇرغۇن ئويلىنىش، ئەمەلىيەت، سىناق ۋە سۆھبەتلەردىن كېيىن جاۋاب تاپالايدۇ. ئۇنىڭ ئېڭىغا بۇ پىكىرنى ئەكىرگەن ئادەم نەق ئەلا.

دېمەك ئۇلارنىڭ ئىدىيە-خاھىشىغا قارىمۇ-قارشى ئىدىيە خاھىشى بولمىغان بولسا ھەقىقەت ئۇنچىلىك يورۇمىغان بولاتتى. كىتابتا ئەلا گەرچە پۈتۈنلەيلا ھەقىقەت، پاكلىق ۋە گۈزەللىككە ۋەكىللىك قىلغۇچى قىلىپ تەسۋىرلەنگەن بولسىمۇ ئۇنىڭ ھاياتقا قارىشى، ئىنسان توغرىسىدىكى چۈشەنچىسى ئادەملەرنى ئويلاندۇرىدۇ.

مەن ھازىر 80-يىللارنى ئاخىرلاشتۇرۇپ 90-يىللارغا قەدەم قويۇش ئالدىدا تۇرىمەن. 50-يىللاردىن باشلانغان ھايات توغرىسىدىكى «ئىزدىنىش» تېخى ئاخىرلاشقىنى يوق. مەن ھازىرمۇ نۇرغۇن مەسىلىلەردە توغرا (ئومۇمىي خەلق ئېتىراپ قىلىدىغان) چۈشەنچىلەرگە كەلگىنىم يوق. يالغۇز مەنلا ئەمەس، جەمئىيىتىمىزدىكى ھەممىلا ئادەم

ھەقىقەت ۋە گۈزەللىككە تولۇق ۋەكىللىك قىلالمايدۇ، مانا بۇ ھەقىقەت ئەلانىڭ «تەلتۆكۈس قەھرىمان» بولالمىغانلىقى توغرىسىدا ئوبزور يازغۇچى ۋە پىكىر بەرگۈچى كىتابخانلارنىڭ ئويلىنىشىغا تەقدىم قىلىنىدۇ.

مەن ئۆزۈمنى قاچاندىن باشلاپ يەنە ئادەم ھېسابلاشقا باشلىدىم؟ بۇنداق زور ئىشنىڭمۇ ۋاقتى-سائىتى ئېسىمدە يوق، ئەمما بىرلا نەرسە ئېسىمدە: مەن 1972 - يىلى تۇيۇقسىزدىنلا ئەدەبىيات ئىشىغا ئارىلىشىپ قالدىم. بۇ ھال ئۇزۇن مۇددەت يوقالغان يېقىنىم تۇيۇقسىزلا كوچىدا ئۇچراپ قالغاندەك مېنى ئەسەڭكىرىتىپ قويغىنى ئېنىق ئېسىمدە. مەن مانا شۇ كۈندىن باشلاپ ئۆزۈمنى يەنە ئادەم ھېسابلاشقا باشلىدىم. ئۆز خۇشاللىقى، ئۆز غۇرۇرىنى قەلبىدىن تاپىدىغان ئادەملەر ئۈچۈن دۇنيادا يېزىقچىلىقتىن ئارتۇق كۆڭۈللۈك ئىش بولمىسا كېرەك. بىر ھەقىقىي ئەدىب (دورامچىلار ئەمەس) ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ۋاقتىنى ئۆزىنىڭ ئەڭ مەنىلىك، بەختلىك ۋاقىتلىرى ھېسابلايدۇ. ياخشى ئەسىرى قولىدىن چىققان كۈنى ئۇنىڭ ئەڭ خۇشال بولغان كۈنى ھېسابلىنىدۇ. «مېنىڭ ھاياتىمدىكى ئەڭ چوڭ ئىشىم ئاشۇ ئەسەرلىرىم!» مانا بۇ جاپاكەش، ئىرادىلىك، ئالەمشۇمۇل يازغۇچى بالزاكنىڭ سۆزى.

مېنىڭ تالانتلىق، غەيرەتلىك، ئىرادىلىك بىر يىگىتتىن چۈشكۈن، ئۆزىنى ئادەم ھېسابلىمايدىغان ئۈمىدسىز ئادەمگە، ئاخىرىدا تۇيۇقسىز بەخت بىلەن ئۇچراشقان سەرگەرداندەك كۆڭۈل سۆيەگەن ئىشىم بىلەن ئۇچرىشىش جەريانىدا مەن بېسىپ ئۆتكەن ئوتتۇز نەچچە يىللىق مۇساپە. بۇ مۇساپە بىزنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىمىزنىڭ رېئال پاكىتى. بۇ پاكىت ئۆز سۈپىتى بىلەن مېنىڭ «ئىزدىنىش» رومانىمدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بۇ مېنىڭ ھاياتىنى. رېئاللىق بىلەن ئىپادىلەشكە تىرىشقانلىقىمنىڭ مەھسۇلى، لېكىن مەن رېئاللىقنى ئىمكان قەدەر ناتورال ۋاستىلەر بىلەن ئىپادىلەشتىن ساقلىنىشقا تىرىشتىم، يەنى ئۆزۈمنىڭ ئەڭ گۈزەل ئارزۇ-خىياللىرىم، كۆپچىلىك خەلقىمىزنىڭ ئارزۇ-تىلەكلىرى ئاساسىدا پەيدا بولغان ئۈمىدۋارلىقنى قىزىقارلىق ھېكايىلەر بىلەن ئىپادىلەشنى ئۆزۈمگە مەقسەت قىلىپ تاللىۋالدىم. نەتىجىدە: گۈزەلئاي، ئادىلە قاتارلىق ئۆز خاراكتېرى بىلەن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدىغان قىز-چوكانلار، زۇلىيا، ئاروپ، ئۆمەرتەمبىر، ساۋۇتوۋ، نادىرووۋدەك ھەقىقەت ۋە ئىنسانىي پەزىلەتنىڭ ئىگىلىرىنى توقۇپ چىقتىم.

مەن بۇ ئادەملەرنى قانداق قىلىپ توقۇيالىدىم. ئۇلارنىڭ رېئاللىق قىممىتى ئۈستىدە نېمىلەرنى قىلدىم؟ ئەلۋەتتە بۇ ئىشتا مېنىڭ قىلغان ئىشىم پەقەتلا بىر ئىش. ئۇ بولسىمۇ ئادەملەرنى بىر قەدەر توغرا بىلىش، مەن ئۆزۈم بېسىپ ئۆتكەن مۇساپىدە بىرىنچىدىن ئۆزۈمنى، ئىككىنچىدىن ئۆزۈمگە تەقدىرداش بولغان باشقا ئادەملەرنى خېلى ئەتراپلىق، چوڭقۇر بىلدىم. جەمئىيەت ئادەملەر مۇناسىۋىتىدىن شەكىللەنگەن بىر چوڭ قايناق بازار، بۇ بازارنىڭ خېرىدارلىرى، سېتىقچىلىرى، تاماشىچىلىرى،

باشقۇرغۇچىلىرى؛ پايدا ئالغۇچىلىرى، زىيان تارتقۇچىلىرى؛ خۇشال بولغۇچىلىرى، خاپا - پەرىشان بولۇپ زارلانغۇچىلىرى بار. بۇ بازاردىن پەيدا بولغان شاۋقۇن-سۈرەن ئىچىدە، ناخشا، كۈلكە، نالە-يىغا، تىل - ھاقارەتمۇ، مۇزىكىمۇ، مىلتىق ئاۋازىمۇ، جان ئاراممۇ، ھەيۋە - ۋەھىمىمۇ بار.

مەن مانا مۇشۇ بازارنىڭ شاۋقۇن-سۈرەنلىرىنى كۆپرەك ئاڭلىغان، ئادەملەرنىڭ مەنپەئەت يولىدا قىلغان - ئەتكەنلىرىنى كۆپرەك كۆرگەن «تۆۋەن قاتلام» دىكىلەرنىڭ بىرسىمەن.

ئادەملەرنىڭ روھىي ھالىتى، ئىچكى دۇنياسىغا دائىر مەسىلىلەرنى ئىنچىكە، چوڭقۇرراق بىلىش بىر ئەدەبىي ئىجادىيەتچى ئۈچۈن تولىمۇ زۆرۈر. جەمئىيەتنى بىلىش ئادەملەرنى بىلىش دېگەن سۆز. ئادەملەر ئۆزىگە خاس خاراكتېرگە، مەلۇم ئېتىقاد، ئارزۇ- ئارمان بىلەن ياشىغۇچى، ئالىي نېرۋا قوماندانلىقىدا ھەرىكەت قىلغۇچى ئالىي دەرىجىلىك مەخلۇقلاردۇر. ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ھەرىكەتتە مەلۇم ئېتىقاد كۈچىنىڭ كونتروللۇقىغا بويسۇنىدۇ. لېكىن ئۇلارنىڭ ئىدىيە تەپەككۇرى ھېچقانداق تاشقى كۈچنىڭ كونتروللۇقىنى قوبۇل قىلمايدۇ. ئىنسان خالىغىنىچە ئويلىيالايدۇ. لېكىن ئۇلارنىڭ سۆزى بىلەن ھەرىكىتى ئۆز ئىختىيارىغا بېقىنمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسان تولىمۇ مۇرەككەپ بىر ماشىنا دېيىشكە بولىدۇ.

بىر ئىجادىيەتچى مۇشۇ مۇرەككەپ ماشىنىنىڭ تىل - زۇۋانىنى پۇختا بىلىشى، ئۇنىڭ ھەر بىر زاپچاسلىرىنىڭ رولى ۋە شۇ قانۇنىيەتلىرىنى ئىگىلىگەن بولۇشى لازىم. بولۇپمۇ قەلىمى كامال تاپقان بىر يازغۇچى ئىجادىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللانغاندا ئۆزى ئىپادىلىمەكچى بولغان ئوبيېكت - ئادەم توغرىسىدا ئەنە شۇنداق چوڭقۇر، ئىنچىكە، كەڭ تەسەۋۋۇرغا بىرىلگەن بولىدۇ. بۇ تەسەۋۋۇر - يازغۇچى قەلىمىدە «توقۇش» ئىشىغا خىزمەت قىلىدۇ. «ئىزدىنىش»دىكى توقۇلمىلارنىڭ، بۇ توقۇلما ۋەقەلەر بىلەن توقۇلما ئادەملەرنىڭ كىتابخانلارنى بىر قەدەر تۇرمۇش چىنلىقى بىلەن تەمىن ئېتەلىشىدىكى سەۋەب شۇ! مەن ئاشۇ ئۇزۇن مەزگىللىك «تۆۋەن قاتلام» تۇرمۇش جەريانىدا نۇرغۇن خاتىرىلەرنى يازدىم. بۇ خاتىرىلەرنى رومان يېزىش مەقسىتىدە ئەمەس، تىرىك ئادەملەرنى قەلەم بىلەن ئەينەن سۈرەتكە ئېلىش ئۈچۈن ۋەقەلەرنىڭ رېئال ئەينەنلىكىدىن ھۇزۇرلىنىش ئۈچۈنلا خاتىرە يازدىم. بۇ خاتىرىلەرنى گەرچە چىخوۋنىڭ، ل. تولستوينىڭ، تۇرگېنېۋنىڭ خاتىرىلىرىگە تەقلىد قىلىپ يازغان بولسامۇ بۇ خاتىرىلەر «ئىزدىنىش» دىكى ۋەقەلەرنى توقۇپ چىقىشىمدا مۇھىم رول ئوينىدى. بولۇپمۇ راسا يېزىشقا كىرىشكەن، بۇ كىرىشىش، ئىجادىي ئىلھام پەيدا قىلغان چاغلاردا خاتىرىلىرىم دەپتەر ۋاراقلىرىدىن ئۆزلۈكىدىن قەلىمىم ئاستىغا يۈگۈرۈشۈپ چىقتى. خاتىرىلەنگەن ماتېرىياللاردىن بەزىلىرى ئەينەن ئېلىندى، بەزىلىرى پەرداز قىلىندى. مەسىلەن: ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىن ئابدۇللا سۆزلەپ بەرگەن بىر ۋەقەلىك «ئىزدىنىش» دىكى ئوسمانىنىڭ قېچىش ۋەقەلىكىدە ئەينەن ئېلىندى،

كوگشې ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ھارۋىكەشى ئەسەر قەھرىمانى ئەلانى ھارۋا قامچىسى بىلەن قاتتىق ئۇرىدۇ. بۇ ۋەقەمۇ خاتىرىدىن ئەيىنەن ئېلىنىدى. شۇندا قىلا گوزەللىشايىنىڭ قۇرۇلۇشتا ئىشلەپ يىقىلىشى، ئەلا ئۆز يۇرتىغا قايتقاندا كۆرگەن قوناق شىخى ئۈچۈن «كۈرەش» قىلىۋاتقان دېھقانلار توغرىسىدىكى تەسۋىرلەر، كىگىزچى، باجگىرلارنىڭ سۆھبىتى، «قاسقىر ئاۋۇز» نىڭ خاراكتېرى، ئورۇمچىدىكى «باشلىق» نىڭ مىجەزى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئاپتورنىڭ خاتىرىلىرىدىن ئەيىنەن كۆچۈرۈلگەن دېيىشكە بولىدۇ.

ئەلۋەتتە خاتىرىلەردىن كۆچۈرۈش ئىجادىي ئەمگەك ئەمەس، ئىجادىي ئەمگەك بىر خىل ئالىي نېرۋىنىڭ ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدىكى پائالىيىتىنىڭ مەھسۇلى. كۆچۈرۈش بولسا بىر خىل ئاددىيلا قەلەم تەۋرىتىش، گەپ بۇ ئاددىي ھەممىلا ئادەم قىلالايدىغان پائالىيەتنى مەلۇم ئادەمنىڭ خاس خاراكتېرىنى ئېچىش، ئۇ جىسمى يوق ئادەمنى كىتابخانلارنىڭ كۆز ئالدىغا تىرىك ئادەم قىياپىتى بىلەن پەيدا قىلىشتا. مانا بۇ ھال ئىجادىي ئەمگەك بىلەن ھەل بولىدۇ.

بۇ يەردە مەن بۇ مىساللار ئارقىلىق مۇنداق بىر مەسىلىنى ئىسپاتلىماقچى: تۇرمۇشنى چوڭقۇر كۆزىتىش، ئادەملەرنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىش يالغۇز نەسرىي ئەسەرلەر ۋەقەلىكلىرىنى توقۇش يول بىلەن بىر پۈتۈن سىيۇژېت يېپىغا تىزىش ئۈچۈنلا زۆرۈر بولۇپ قالماستىن، كونكرېت ئادەملەرنى ئۆزىگە خاس خاراكتېرى بىلەن تەسۋىرلەشتىمۇ مۇھىم. گۈچلۈك

ئىندىۋىدۇئال خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغان فائۇست، دونكىخوت، ئوتېللو، لى كۇي، جىيا باۋيۇيدەك پېرسوناژلارنىڭ ھەممىسىلا يازغۇچىنىڭ تەسەۋۋۇرى ئارقىلىق قەغەز بېتىگە چۈشكەن بولۇشى ناتايىن. چوقۇمكى بۇ ئادەملەر ھاياتتا مەلۇم كونكرېت پروتوتىپقا ئىگە. مەن بۇ ئىشقا شۇنداق قارىغانلىقىم ئۈچۈن ئۆز ئەسەرلىرىمدە بۇ قانۇنىيەتكە ئەمەل قىلدىم. يەنى ئەسەرلىرىمدىكى پېرسوناژلارنى تەسۋىرلىگىنىمدە ئۆزۈم بېسىپ ئۆتكەن مۇشۇ ھايات يولىدا ئۇچرىغان سەپداشلىرىمنىڭ ئۆزلىرىگە خاس مىجەز-خۇلۇق، ئالاھىدىلىكلىرىنى كۆز ئالدىمغا دائىم كەلتۈرۈپ تۇردۇم. «ۋاپادار» پوۋېستىدىكى قوباق مەن تۇغۇلۇپ ئۆسكەن مەھەللىدە ھېلىمۇ ھايات. قوباقنىڭ ئۆزىگە خاس مىجەزى-خۇلقى ھازىر مۇشۇ رېھىم ئىسىملىك دېھقاننىڭ بەدىنىدە مەۋجۇت. «ئىزدىنىش» رومانىدىكى ئۆمەر تەمبىر تېخى يېقىندىلا ۋاپات بولدى. لېكىن ئۇنىڭ بەدىئىي سىياسىي (سىماسى) بولغان ئۆمەر تەمبىر ئىسىملىك ئوبراز كىتابخانلار بىلەن ئەمدىلا كۆرۈشمەكتە.

«ئىزدىنىش» نىڭ پېرسوناژلىرى ئىچىدە بۇ خىل مىساللار خېلىلا كۆپ، لېكىن مەن يەنىلا ئەسىرىمدىكى ئاساسىي پېرسوناژلاردىن ئەلا، ھاشىر، گۈزەلئاي، رازىيە، ئادىلەلەرگە قايتىمەن. ئوقۇغۇچىلاردىن كەلگەن خەتلەردە مۇشۇ پېرسوناژلارغا بولغان قىزىقىش-سوئاللار خېلى نۇرغۇن.

ئەلا ئوبرازى مېنىڭچە خېلى مۇكەممەل، ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى خېلى

يارقىن ئوبراز، ئۇنىڭ ئىلمىي ئەم-
گەك ئۈستىدىكى ئىزدىنىشى مۇشكۇلات،
ئازاب، مەغلۇبىيەت ئۈستىگە قۇرۇلغان.
ئۇ نۇرغۇن ھاللاردا ئۆزىنى راھەت-
پاراغەتتىن قاچۇرىدۇ. مۇشەققەتتى ئاز
داغدام يول كۆز ئالدىدا كۆرۈنۈپ
تۇرغان چاغلاردىمۇ ئۇ مۇشكۇل يوللار-
نى تاللىۋالىدۇ. بۇ ھال ئاپتورنىڭ
«ئازاب تالانت ئىگىسى ئۈچۈن ئىلھام
بۇلىقىدۇر» دېيدىغان ① شوپېن خۇئېر
پەلسەپىسىگە بېرىلگەنلىكىنىڭ مەھسۇ-
لى بولسا كېرەك. 19 - ئەسىر گېرما-
نىيە پېسسىمىزم پەلسەپىسىنىڭ ۋەكىلى
«يېڭى ھايات» پەلسەپىسىنىڭ ئاۋان-
گارتى بولغان شوپېنخۇئېر گېگېل
پەلسەپىسىنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى، بور-
ژۇئا دۇنيا قارىشىنىڭ ھىمايىچىسى بول-
سىمۇ ئۇنىڭ بەزى سۆزلىرى «ئىرادە
ۋە غايىۋى دۇنيا» ناملىق ئەسىرى
ئارقىلىق دۇنياغا تارقىلىپ كېيىنكى
بۇرژۇئا پەيلاسوپلىرىدىن بولغان نېتسى
ئارقىلىق تەرەققىي قىلدۇرۇلۇپ ھا-
ياتىي كۈچ نەزەرىيىسى، جان پەلسەپە-
سى، مەۋجۇتلۇق پەلسەپىسى ۋە ئىنسا-
نىيەت ئىلمى قاتارلىق نەزەرىيىلەر
بىلەن غەرب دۇنياسىدا بازار تاپقان.
«يوكسەك ئىرادىلىك يىراقنى كۆرە-
لەيدىغان بولۇپ يېتىلىشى زۆرۈر، ئا-
زاب ۋە مەغلۇبىيەت تولىمۇ زۆرۈر. ئۇ
خۇددى بىر پاراخوتنى بېسىپ تۇرىدى-
غان ئېغىرلىق كۈچىگە ئوخشايدۇ. بۇ
كۈچ بولمىسا پاراخوت شامالنىڭ ئويۇن-
چۇقىغا ئايلىنىپ قالىدۇ-دە، ئاسانلا
ئۆرۈلۈپ كېتىدۇ ...»، «ئەگەر تۇر-
مۇشتا ھەممىلا ئىش كۆڭۈلدىكىدەك
راھەت - پاراغەتلىك بولىۋەرگەن بولسا
شېكسپىر، گۆتىلەرنىڭ درامىلىرى
نەدىن كېلەتتى؟ پىلاتون پەلسەپە ئىدى-
يىسى، كانتنىڭ نوقۇل ئىدراكىي تەن-
قىد نەزەرىيىسى قانداق پەيدا بولار
ئىدى؟»، «كىشىلىك تۇرمۇش تېز ئۆ-
تىدۇ، چۈشىنىش ئەكسىچە ئاستا بولى-
دۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ھايات چېغىم-
دا ئۆز شان - شۆھرىتىمنى كۆرۈشكە ئۇل-
گۈرەلمەيمەن ...».

ئاپتور ئەلا ئوبرازىغا ئىشلەشتە شو-
پېنخۇئېرنىڭ يۇقىرىقى سۆزلىرىگە
ئەمەل قىلغان. يەنى ئۆز قەھرىمانىنى
بىر - بىرىگە ئۇلىشىپ كېلىدىغان قات-
مۇ - قات قىيىنچىلىق، ئازاب - ئوقۇ-
بەت ئىچىگە ئېلىپ كىرگەن. ئاپتورنىڭ
قارىشىچە شوپېنخۇئېرنىڭ يۇقىرىقى
سۆزلىرى توغرا ۋە ئىلمىي، ئەلا ئاسان
ۋە داغدام ھايات يولىنى تاللىۋالغان
بولسا ئۆز كىتابخانلارغا ئويلىنىش،
ھەزىم قىلىش ئىمكانىيىتى بەرمىگەن
بولاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئىلمىي ئەمگە-
كىدىمۇ ھازىرقىدەك مۇۋەپپەقىيەتلەر-
گە ئېرىشەلمىگەن بولاتتى. شۇنداقلا
جەمئىيەت، ئىنسان توغرىسىدىمۇ چوڭ-
قۇر بىلىمگە ئىگە بولمىغان بولاتتى.
ئاپتورنىڭ بۇ خۇلاسىنى قەيت قىلىپ
ئۆتۈشى تەبىئىيكى ئۇنىڭ ئۆزى بېسىپ
ئۆتكەن ھايات يولىدىن بىۋاسىتە ئال-
غان تەسىراتلىرىغا مۇناسىۋەتلىك. ئۇ-
لارنىڭ ئۈرۈمچىدىكى راھەت - خاتىرجەم
تۇرمۇشنى تاشلاپ قېچىپ كېتىشى،
ئاغىنىسى ھاشىر ئۆزى بىلەن بىللە ناھى-
يىدە تۇرۇشنى تەكلىپ قىلغاندا رەت

① (1788.-1860-Sehopenhauep)

قىلىشى، گوزەلئاي بىلەن بىللە بولۇش ئىمكانىيەتلىرىنى ئىزدىمەسلىكى، ئۇزۇن ۋاقىت ھىجران ئازابى چېكىش يولىنى تاللىۋېلىشى ...قاتارلىقلار يۇقىرىقى كۆز قاراشقا مىسال بولالايدۇ.

ئاپتور ئۆزى ئوقۇغان ئۇرغۇن كىتابلاردىن مەشھۇر شەخسلەرنىڭ ئۆزلىرى ھايات ۋاقتىدا شان-شەرەپتىن بەھرىمەن بولالمىغانلىقىنى بىلگەن. فرانسىيە يازغۇچىسى بالزاك 1830 - يىلىدىن 1848 - يىلىغىچە بولغان 18 يىل ئىچىدە 90 پارچە ئەسەر (رومان، پوۋېست، ھېكايە①) يېزىپ پارىژ ئاقسۆڭەكلەر ھاياتىنى شۇنچە كەڭ، شۇنچە چوڭقۇر تەسۋىرلەپ بەرگەن بولسىمۇ، ئۇ بۈيۈك ئەمگىكى ئۈچۈن فرانسىيەدە نە ئۇلۇغ يازغۇچى دەپ ماختالمىغان، نە پارلامېنت ئەزاسى بولالمىغان، ھەتتا 1848 - يىلىدىكى دېموكراتىك ئىنقىلاب داھىيلىرىمۇ ئۇنى پادىشاھلىق تۈزۈمىنىڭ ھىمايىچىسى دەپ قارىغان.

بالزاك ئۆلگەندىن كېيىنلا شىۋىتسارىيىلىك بىر ئەرباب بالزاك ئەسەرلىرى مۇزېيى تەشكىل قىلىپ ئۇرغۇن پۇل تاپقاندىن كېيىنلا فرانسىيە بالزاكقا نەزەر تاشلىغان، بايرون، لىرمونتوۋ، مىسكىۋىچ، چىرنىشېۋسكى، دوستوۋېسكى، موپاسسان قاتارلىقلارمۇ ئۆز ئەمگەك - تالانتىنىڭ شان - شەرىپىنى كۆرەلمىگەن. بۇنداق مىساللار دۇنيا، جۇڭگو ئەدەبىيات تارىخىدا تولىمۇ ئۇرغۇن.

ئاپتور مۇشۇ مەشھۇر شەخسلەرنىڭ ھايات يولىنى ئۆز قەھرىمانىنىڭ ماڭىدىغان يولى قىلىپ تاللىۋېلىشتا ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل تۈزۈمنىمۇ ئويلاشقان، لېكىن دۆلىتىمىز ئۇزۇن يىل داۋام قىلغان «سول» لۇشيەن، بولۇپمۇ زىيالىيلارغا قارىتىلغان سىياسەتتىكى «سول» لۇشيەنىنىڭ ئېغىر زىيانلىرى ئاپتورنىڭ قەلبىدە ئۇنتۇلغۇسىز جاراھەت پەيدا قىلغانلىقى ئۈچۈن ئاپتور ئۆز قەھرىمانىنى يارىتىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ «سول» نەرسىلەرگە بولغان غەزەپ - نەپرىتىنى يوشۇرۇپ قالالمىغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇ ئۆز قەھرىمانىنى پۈتۈن تۈزۈمنىڭ، پۈتۈن خەلقنىڭ دۈشمىنى قىلىپ تەسۋىرلىمەستىن، ناھەقچىلىك، ساختىلىق، ۋەھشىلىكنىڭ دۈشمىنى قىلىپ تەسۋىرلىگەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇ ئۆز قەھرىمانىدىن ئىشەنچ، غەيرەتمۇ بېرەلىگەن. ئەلانىڭ دوستلىرىنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن يالغاندىن ھەربىي بولۇۋېلىپ ئۈرۈمچىگە كېلىپ ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسىي مەسئۇللىرى بىلەن كۆرۈشۈشكە جۈرئەت قىلالىشى بۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ.

بۇ چۈشەنچىلەر ئارقىلىق ئاپتور بەزى ئادەملەرنىڭ «ئىزدىنىش»نىڭ قەھرىمانى ئەلا سوتسىيالىزم تۈزۈمىگە نارازى دېگەن كۆز قارىشىنى رەت قىلىدۇ ۋە ھەقلىق ھالدا ئۆز قەھرىمانىنى ھىمايە قىلىدۇ.

ھاشىر ئوبرازى توغرىسىدا يۇقىرىدا قىسقىچە توختالدىم. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھاشىر ئوبرازىنى چۈشىنىشىدە

① فرانسىيە ئەدەبىياتىدا پوۋېست بىلەن ھېكايىنى ئوخشاشلا «ناۋېل» دەپ ئاتايدۇ.

ئۇنچىلىك چوڭ قىيىنچىلىقمۇ يوق.

تۆۋەندە ئۈچ سۆيۈملۈك قىز — گۈزەلئاي بىلەن ئادىلە، رازىيەلەر توغرىسىدا قىسقىچە توختالماقچىمەن.

بەزىلەر: «ئىززىدىنىش» دە ئىلىم ئىزدەش، ھەقىقەت ئىزدەشكە قارىغاندا مۇھەببەت ئىزدەش كۆپ. ئۈچ بۇرجەكلىك مۇھەببەت بۇ كىتابنىڭ ئاساسىي سيۇژېتى دېيىشتى. دۇرۇس، كىتابتا ياشلارنىڭ مۇھەببىتىگە نۇرغۇن ئورۇن بېرىلدى. ئەلا بىلەن گۈزەلئاي، ھاشىر بىلەن رازىيە، رەقىپ بىلەن ئادىلە ئوتتۇرىسىدا مۇھەببەت تۈز سىزىق بىلەن ئەمەس، ئەگرى سىزىق، مەنىۋى پاجىئە يولى بىلەن راۋاجلىنىدۇ. ئەلا بىلەن گۈزەلئاي ئۆز خاراكتېر ئۆزگىچىلىكلىرىدىكە سادىقلىق بىلەن مۇھەببەت پاجىئەسىگە ئۇچرىسا، ھاشىر دەۋرگە جاۋاب قايتۇرۇش ئىستىكى بىلەن شەخسىي ھېسسىياتىنى بېسىش ھېسابىغا مەنىۋى پاجىئەگە ئۇچرايدۇ. رەقىپ بولسا ساپ - پاكىز قىز ئادىلەنى ئۆز ساختىلىقى ئۈچۈن قۇربان قىلىپ پاجىئەگە ئۇچرىتىدۇ. ئۈچ قىز، ئۈچ خىل يول بىلەن مەنىۋى پاجىئەگە يولۇققان بولسىمۇ ئۇلار بەخت ئۈچۈن كۈرەش قىلىش ھوقۇقى ۋە ئىرادىسىدىن يانمايدۇ. كىتابتا بۇ قىزلار بىردىن بالىسى بار، ئارزۇ - ئارمانلىرى ئۆلمىگەن، ئىرادىلىك چوكانلار سۈپىتىدە ئاپتورنىڭ چوڭقۇر ھۆرمەت، ھېسداشلىقى بىلەن تەسۋىرلىنىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ سەۋەبى ناھايىتى ئاددىي: ئاياللار بولمىغان بولسا، جەمئىيەت، ھايات بولمىغان بولاتتى. ئاياللارغا بولغان ھۆرمەت ھاياتقا بولغان ھۆرمەتنىڭ ئىپادىسى. مەن بۇ يەردە ئىككى مەشھۇر ئەدىبنىڭ بۇ ھەقتىكى يالدامىلىرىنى كىتابخانلارغا تەقدىم قىلماقچى. ئۇنىڭ بىرسى بۈيۈك شائىر بايروننىڭ «ساردانا فالۇس» ناملىق دراممىسىدىكى بىر مونولوگ. بۇ مونولوگدا مۇنداق دېيىلگەن: «ئىنسان تۇغۇلۇپلا ئايال كۆكسىگە يامىشىپ چوڭ بولىدۇ. بوۋاق تۇنجى گېپىنى ئايالدىن ئۆگىنىدۇ. بىزنىڭ ئەڭ دەسلەپكى كۆز يېشىمىزنى ئايال قۇرۇتقان. كۆپ ھاللاردا ئاخىرقى تىنىقىمىزمۇ ئايال قۇچىقىدا توختايدۇ».

ئىككىنچىسى فرانسىيە يازغۇچىسى جو ئو ئو (1764 - 1846 jouy) ئۇنىڭ مەدھىيىسى مۇنداق: «ناۋادا ئاياللار بولمىغان بولسا ھاياتىمىز باشلانغىنىدا ھىمايە قىلغۇچى كۈچتىن، ئوتتۇرا ياشلىقىمىزدا شادلىقتىن، قېرىغىنىمىزدا تەسەللىدىن مەھرۇم قالغان بولاتتۇق».

ئاياللارنىڭ كىشىلىك تۇرمۇشتا تۇتقان ئورنىغا ئەمدى ئىزاھات بېرىش ئارتۇقچە بولسا كېرەك.

يەنە شۇنىمۇ تەكىتلەپ قويۇشقا توغرا كېلىدۇكى، بىز ئاياللار توغرىسىدا بولۇپمۇ ئاياللارنىڭ ئۆزىگە خاس پسىخىك ئالاھىدىلىكلىرى توغرىسىدا يېتەرلىك ئىلمىي ئەسەرلەر بىلەن تەمىن ئېتىلمىگەنمىز. «ئاياللار يېرىم دۇنيا»، «ئەرلەر قىلالمىغاننى ئاياللارمۇ قىلالايدۇ» دېگەنگە ئوخشاش ئومۇمىي ھەقىقەتكە دائىر تېئورېملار بىر يازغۇچى ئۈچۈن تولىمۇ يۈزەكى بىلىم

ھېسابلىنىدۇ. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي ئاپتور ئۆز ئەسىرىدە ئاياللارنىڭ پسىخىك خۇسۇسىيەتلىرى ئۈستىدە ئىلمىي ئاساستا ئەمگەك قىلىشقا تىرىشىدۇ. ئۇ ئاياللارنىڭ ئەۋزەللىكلىرى، ئالاھىدىلىكلىرىنىمۇ، يېتەرسىزلىك - ئاجىزلىقلىرىنىمۇ چوڭقۇرراق، قايىل قىلارلىق قىلىپ كۆرسەتمەكچى بولىدۇ. گوزەلئاينىڭ ساداقىتى، جاھىللىقى، نازۇكلۇقى، سەزگۈرلۈكى بىلەن سۇبيېكتىپچانلىقى، گوزەللىككە ئىنتىلىشى بىلەن بىخوتلۇقى، رەزىل كۈچلەرگە قارشى تۇرۇش كۈچىنىڭ ئاجىزلىقى قاتارلىق ئۆزىگە خاس (ئىندىۋىدۇئال) ئالاھىدىلىكلىرى ئەمەلىي، جانلىق تەسۋىرلەنگەن. گوزەلئاي لەنجۇدا رەقىبىنىڭ رەزىللىكىنى سېزىدۇ. لېكىن غۇلجىدا يەنە ئۇنىڭدىن ياردەم تەلەپ قىلىپ ناھىيىگە چىقىدۇ. بۇ ھال ئاياللار پسىخولوگىيىسىدىكى مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ ئاسان يولىنى ئىزدەش ھالىتىگە ئۇيغۇن. گېرمانىيىدە ئەرلەر قىيىن مەسىلىگە دۇچ كەلسە ئاياللارغا مەسلىھەت سېلىشى كېرەك. چۈنكى ئۇلار ھەل قىلىشنىڭ ئەڭ ئاسان يولىنى ئىزدەشكە ماھىر دەيدىغان گەپ بار ئىكەن. بۇ گەپ ئاياللار پسىخولوگىيىسىگە دائىر كىتابلاردا قوللىنىلغان. يەنە گوزەلئاي ئەلانى ياخشى كۆرگەنلىكىنى سوغۇق مۇناسىۋەت، قوپال مۇئامىلە بىلەن ئىپادىلەيدۇ. بۇ ھال «تىرىلىش» (ل. تولستوي) رومانىدىكى ماسلوۋانىڭ نېخلودوپنىڭ غەمخورلۇقلىرىدىن كېيىن ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقى، ياخشى كۆرگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭ بىلەن نىكاھلىنىشنى رەت قىلىپ ئۆزى ياخشى كۆرمەيدىغان سىمىيون ئىسىملىك ئىنقىلابچى بىلەن نىكاھلانغانلىقىغا ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ئاپتور گوزەلئاينىڭ ئەلاغا بولغان مۇھەببىتىنى كىتابخانلارغا چوڭقۇر ئېچىپ بېرىشنىڭ نۇرغۇن ئىمكانىيەتلىرىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: گوزەلئاينىڭ تۇرمۇش مەنتىقىسىگە ئۇيغۇن ئۈچ ئەر ئۇنىڭغا خېرىدار بولىدۇ. بۇ چاغدا ئەلا ئۆلگەن بولىدۇ (ئىغۋا)، مۇشۇنداق شارائىتتىمۇ گوزەلئاي ئېغىر تۇرمۇش كەچۈرۈشكە رازى بولىدۇكى، ئەلاغا بولغان ساپ مۇھەببىتىنى خارلاشنى خالىمايدۇ. ئۇ 2 - كىتابنىڭ ئاخىرىدا ئوڭۇشلۇق شارائىتقا ئىگە بولىدۇ. ئەلا بىلەن بىر ئۆيدە بولۇشى ئۈچۈن توسقۇنلۇق قالمايدۇ. لېكىن بىر ئۆيدە بولسا كۆڭۈلدىكى ساپ مۇھەببەتنىڭ زىيان - زەخمەتكە ئۇچرىشىدىن ئەنسىرەپ يەنە نىكاھلىنىشنى رەت قىلىدۇ. ھاشىرنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا: «ئۇلار بىر - بىرىنى تولىمۇ ياخشى كۆرگەنلىكى ئۈچۈن توي قىلىشمايدۇ». بىر پسىخولوگىيىگە دائىر كىتابتا: بىر گوزەل قىز ئۆزىنىڭ بىر ھۆرمەتلىك ئۇستازىنى ياخشى كۆرۈپ قالىدىكەن، ئۇلار توي قىلىدىكەن. لېكىن قىز تويىدىن كېيىن ئېرى بىلەن بىللە بولۇشنى قەتئىي رەت قىلىدىكەن. چۈنكى جىنسىي تۇرمۇش ئۇنىڭ قارىشىچە پەسكەشلىك ئىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئۆز ئېرىنىڭ قەلبىدىكى ھۆرمىتىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشىنى خالىمايدىكەن. دەپ يېزىلغان.

ئاپتور گۈزەلئاي ئوبرازىغا ئىشلەشتە ئىمكان قەدەر ھەر خىل دوگما چۈشەنچە، فورمۇلالاردىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ ئوبراز خاسلىقىغا يېتىپ، يېڭى رەڭ ئىشلىتىشكە تىرىشىدۇ. ئاپتورنىڭ قارىشىچە بۇ تىرىشچانلىقى ئونۇمسىز قالمىدى.

گۈزەلئاي مۇھەببەت پاجىئەسىنىڭ مەۋھىمۇ ئەمەلىي يېزىلغان. ھەۋەس خاراكتېرى ئوخشاش بولمىغان ئەر-ئاياللارنىڭ چىقىشىپ ياشىمىقى تولىمۇ قىيىن. فرانسىيىلىك ئايال ئالىم سىمونا باۋۇۋىر ئۆزىنىڭ «ئايال نېمە؟» دېگەن كىتابىدا يۇقىرىقى ھەۋەسى ئوخشاش بولمىغان ئەر-ئاياللار پېسخىكىسىغا مۇنداق ئىككى مىسال كۆرسىتىدۇ. 16-ئەسىردىكى يازغۇچى، خېمىك، ساپال سەنئەت ئالىمى بېنادىپ-بارىس بىر يېڭى خىمىيىلىك بىرىكمىنى سىناق قىلىش ئۈچۈن ئۆي-سايمانلىرىنى يېقىلغۇ قىلىپ كۆيدۈرگەن. ئۇنىڭ ئايالى غەزەپلىنىپ ئالىمنى سېنىڭ بۇ كەشپىياتىڭ بولمىسىمۇ جاھان چاقى چۆگىلەۋېرەتتى، دەپ تىللىغان. يازغۇچى روسسىنىڭ ئايالى ئۆز ئېرىدىن ھويلىسىدىكى گۈللىرىنى ياخشى كۆرۈشنى تەلەپ قىلغان. لېكىن يازغۇچىنىڭ تراگېدىيىلىك دراممىلىرىنى ھەرگىز ئوقۇمايدىغانلىقىنى ئېيتقان.

گۈزەلئاي توغرىسىدىمۇ ئادىللىق بىلەن شۇنى دېيىشكە بولىدۇ. ئۇ ھۆسنى، قەلبى گۈزەل ئايال، لېكىن ئۇ ئۆز يولدىشىنىڭ باش-ئاخىرى يوق ئۆگىنىش، خاتىرە يېزىشلىرىدىن بىزار. ئۇ ئېرىنى سۆيىدۇ. لېكىن ئېرىنىڭ ئىشىدىن زېرىكىدۇ. ئەلا بولسا ئايالىغا قارىغاندا ئىشنى قىزغىن سۆيىدۇ. ئىشنى دەپ ھەتتا ئايالىنى ئۇنتۇپ قالىدۇ. بۇ خىل تەڭپۇڭسىزلىقنىڭ ئاقىۋىتى پاجىئە بولماي مۇمكىن ئەمەس، ئەلۋەتتە.

ئادىلەنىڭ خاراكتېرى گۈزەلئاينىڭ ئەكسىچە. ئۇ شوخ، ئوچۇق سۆز، جۈرئەتلىك، قىساسخور ئايال. لېكىن ئەسەردە ئادىلە ئاق كۆڭۈل، سەمىمىي تەسۋىرلىنىدۇ. ئۇ ئۆزىنى ئەخمەق قىلغۇچى كوچىلاردىن قىساس ئېلىشنىڭ ئەڭ ئاسان، ئونۇملۇك ئۇسۇللىرىنى ئىشقا سالىدۇ. ئۇ ئەرلەرنىڭ ھەممىسىگە نەپرەت بىلەن قارايدۇ. ئۇ كېيىنكى يولدىشىنى خورلايدۇ. ئۇ گۈزەلئايغا: «سېنىق بەدىنىمنى بېرىش ھېسابىغا مەن ئۇنى ئالدىمدا ئۆمىلىتىمەن، پۇتلۇرۇمنى يالىتىمەن. شۇنىڭ بىلەن ھۆزۇرلىنىمەن» دەيدۇ. ئۇ ئېغىر كۈنلەرنى بېشىدىن كەچۈرىدۇ. لېكىن سەنئەتكە بولغان مۇھەببىتىنى سۇسلاشتۇرمايدۇ. ئۇ گۈزەلئاينى قىيىن شارائىتتا ئىزدەپ تېپىپ سولاقتىن قۇتۇلدۇرۇۋالىدۇ. بالىلارنى ئانىلىق مېھرى بىلەن تەربىيىلەيدۇ. ئۇنىڭ ھاياتقا بولغان مۇھەببىتى، كەلگۈسىگە بولغان ئىشەنچىسى ئەتراپىدىكى ھەر خىل كۈچلەر بىلەن بولغان كونكرېت مۇناسىۋەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ. ئاپتور ئادىلە ئوبرازىنى كونكرېت تىپ دەرىجىسىگە كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئۆزى بېسىپ ئۆتكەن ئۇزۇن ھايات مۇساپىسىدە كۆرگەن، دوستلاشقان، تەقدىرداش بولغان قىز ساۋاقداشلىرىنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىنى

ئېسىدە چىڭ ساقلىغان. ئۇ نۇرغۇن «ئادىلە» لەرنىڭ پاجىئەلىك ھېكايىلىرىنى ئاڭلىغان كۆز يېشىنى كۆرگەن.

رازىيە يۇقىرىقى ئىككى قىزدىن ئۆز خاراكتېرى بىلەن پەرقلىنىدۇ. ئۇ دادىسىنىڭ تەربىيىسىدە بىلىم - ئەخلاق ۋە پەزىلەت جەھەتتە خېلى پىشىپ يېتىلگەن. ھاياتنى چۈشىنىشتە كونا، ناچار ئەنئەنىلىك قاراشلاردىن خېلىلا خالى. ئۇ قەيسەر، دادىل ۋە نەزەر دائىرىسى كەڭ ئايال بولۇپ، يېتىلگەن چاغدىلا ياش ۋاقتىدىكى سۆيگۈنى ھاشىر بىلەن قايتىدىن تېپىشىدۇ. بىز ئۇنىڭ يۇقىرىقى پەزىلەت ۋە ئىشلىرىنى ھاشىر بىلەن يېزىشقان خەتلىرى، تۇرمىدىكى جەسۇرلۇقى، دوستلىرىغا (بولۇپمۇ ئەلا بىلەن گۈزەلئايغا) بولغان غەمخورلۇقلىرىدىن كۆرۈۋالالايمىز.

ئاپتور رازىيە ئوبرازىغا ئىشلىگەندىمۇ ئۆزى بىلەن تەقدىرداش بولغان سەپداشلىرىنى يېزىش ئۇستىلىدىن نېرى قىلمىدى. ئاپتور ئۆز ۋاقتىدىكى قىز سەپداشلىرىنىڭ ئۇيەر - بۇ يەردىن يارامىلىق ماتېرىياللارنى يىغىشتۇرۇپ، ئۇنى رازىيەگە جەملىدى. ئەلۋەتتە ئىجادىيەتنىڭ قانۇنىيىتى بولغان بەدىئىي تەپەككۇر، ئىلمىي قىياس ئۇسۇللىرى ئاپتورنىڭ پارچە - پۇرات ماتېرىياللىرىغا يېتەكچىلىك قىلدى.

پېرسوناژلارنىڭ ئىندىۋىدۇئال خۇسۇسىيەتلىرىگە ئىشلەشتە بىرى يازغۇچى ئەلۋەتتە ئادەم تەبىئىتىدىكى ماھىيەتلىك بەلگىلەرنى يورۇتۇشقا، بولۇپمۇ ئىچكى دۇنياسىدىكى نازۇك خاسلىقنى ئېچىشقا كۆپرەك كۈچ چىقىرىشى، ھەرگىزمۇ بۇ ئىشنى يۈزەلەشتۈرۈپ تىل، ئىشتا ھا، ھەۋەس قاتارلىق ئالاھىدە بەلگىلىرى بىلەنلا چەكلەپ قويماسلىقى لازىم. ھاملىت، دونكىخوت، ئوتېللو، ئاكيو قاتارلىق دۇنياۋى تىپلارنىڭ خاراكتېرىمۇ ئەنە شۇ روھىي دۇنياغا دائىر خاسلىقلىرى بىلەن يارقىنلاشقان. «ئىزدىنىش» نىڭ ئاپتورىمۇ مانا مۇشۇ قائىدىگە ئەمەل قىلىشنى ئۇنتۇمىغان. ئۇنىڭ بۇ ئەسىرىدىكى پېرسوناژلىرى يۈزەكى بەلگىلىرى بىلەن ئەمەس، بەلكى مەنىۋى دۇنيا ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن بىر - بىرىدىن پەرقلىنىدۇ. مەسىلەن: ئەلانۇر ئىسىملىك ۋالىبول ماھىرى ئۆزىنىڭ پۈتۈن دىققىتىنى دۇنيا ۋالىبول سەھنىسىگە چىقىشقىلا قارىتىپ ئۆزىنىڭ شەخسىي تۇرمۇشىنى زادىلا ئويلىمىغان. «قېرى قىز» نامىغا ئىگە بولغاندىن كېيىنلا، ئۆزىنىڭ ھايات يولىدا باسقان قەدىمىنىڭ خاتا بولغانلىقىنى ھېس قىلغان. ئاپتور بۇ پېرسوناژنىڭ ماھىيەتلىك بەلگىسى بولغان كەسپچانلىقىنى گەۋدىلەندۈرۈشكە كۈچ سەرپ قىلمىغان بولسىدى، ئەلانۇر بەلكى ھازىرقىدەك سۆيۈملۈك ئوبرازغا ئايلىنالمىغان بولار ئىدى. شۇنداقلا كىتابتىكى ساۋۇتوپ ئوبرازىمۇ ئاشۇ مەنىدە تىپ بولۇپ كۆتۈرۈلگەنلىكى ئۈچۈن زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ سۆيۈملۈك بىر ۋەكىلى بولالىغان. ساۋۇتوپنىڭ ھاياتىنى ئىلىم - پەنگە، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى تەتقىق قىلىش ئىشىغا بېغىشلاش يولىدا ھەر قانداق زەربە، ھەتتا ئۆلۈمنى تەمكىنلىك بىلەن كۈتۈۋالالايدىغان روھى ئاپتورنىڭ غايىۋى ئىنتىلىشى سۈپىتىدە

كىتابخانىلارنىڭ قەلبىدىن ئورۇن ئالالىغانلىقى بۇنىڭ ئىسپاتى بولالمامدۇ؟

ۋاقىت، ئورۇن مەسىلىسىدە بەزى تەنقىدچى، كىتابخانلار ئاپتورغا پىكىر ۋە مەسلىھەتلەرنى بەردى. ئەلۋەتتە ۋاقىت بىلەن ئورۇننى تاللاشتا ئاپتور قەلەم تەۋرىتىشتىن بۇرۇن ئوبدان ئويلىنىدۇ. مۇھىم پېرسوناژلارنىڭ كىتابتىكى ئورنى، رولى ۋە سەرگۈزەشتىسىگە قاراپ ۋاقىت بىلەن ئورۇننى بېكىتىدۇ. ئەسەردە بۇ نەرسىلەر ئەڭ مۇھىم نەرسىلەر ھېسابلانمىسىمۇ، كىتابخانلارنىڭ تارىخ، جۇغراپىيە ۋە تۇرمۇش بىلىملىرىگە بولغان قىزىقىشىنى كۆزدە تۇتقاندا سەل قارىغىلى بولمايدىغان مەسىلە. «ئىزدىنىش» نىڭ ئاپتورى ئۆز كىتابىنىڭ ئومۇمىي قۇرۇلمىسىنى ئويلىغاندا ئۆزى ياشىغان (بىلىدىغان) شارائىتنىڭ چەك - چېگرىسىدىن چىقىپ كېتەلمىگەن. مەسىلەن: ئاپتور غۇلجىدا تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرۈپ ئۈرۈمچىگە، لەنجۇغا بارغان ھەم 1964 - يىلىنىڭ ئاخىرى يەنە غۇلجىغا جازالىنىپ قايتىپ بارغان. تاكى 1974 - يىلىغىچە غۇلجىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان (چالا - بۇلا بولسىمۇ). مانا بۇ لىنىيە «ئىزدىنىش» رومانىنىڭ ۋاقىت، ئورنى ئۈچۈن ئاساس بولغان. بۇ ھال «پولات قانداق چېنىقتى»، (ن. ئوستروۋسكى)، «ئائىلە»، (باجىن) ئوخشاش مەشھۇر ئەسەرلەردىمۇ مەۋجۇت. ئاپتور ئۆزىگە تونۇش بولغان تۇرمۇشنى ئۆز كىتابىغا ئاساسىي ماتېرىيال قىلىپ تاللىۋالغانلىقى، ئۇنىڭ ئۇستىگە 50 - يىللارنىڭ ئاخىرى 60 - يىللارنىڭ بېشىدىكى جۇڭگو تۇرمۇشىنى (زىيالىيلار تۇرمۇشىنى) كەڭرەك، ئەمەلىيرەك ئەكس ئەتتۈرۈشنى نىيەت قىلغانلىقى ئۈچۈن ئومۇملۇققا ئېتىبار بېرىشتە بەزى سەۋەنلىكلەردىن خالىي بولالمىغان. مەسىلەن: لەنجۇدا سادىر بولغان ئىشلارنى ئۈرۈمچىگە كۆچۈرۈپ ئەكىلىپ بەدىئىي توقۇلما ئۇسۇلىدىن ئونۇملۇك پايدىلانغان بولسا مۇمكىنچىلىك بار ئىدى. لېكىن ھازىرقى ۋاقىت، ئورۇنمۇ (كىتابتىكى) ئاپتورنىڭ ئۆز پىكرىنى بايان قىلىشىغا كاشىلا بولمىدى.

ئەللىك يىل قىسقا ۋاقىت ئەمەس. بۇ ۋاقىت ئىچىدە ئىنسانىيەت تارىخىدا تولىمۇ چوڭ ئىشلار بولىدۇ. بىر ئىنسان ھاياتىدىمۇ نۇرغۇن ئىشلار يۈز بېرىدۇ. رومەن روللاننىڭ «ژان كرىستوف» ناملىق رومانى سەككىز توملۇق رومان. بۇ رومانىدا بىر ئادەمنىڭ 44 يىللىق ھاياتى تەسۋىرلەنگەن. ناۋادا ئاپتور ئۆزى بېسىپ ئۆتكەن مۇساپىنى بويلاپ بەدىئىي تەپەككۇر يۈرگۈزۈپ قەلەم تەۋرەتكەن بولسا بەلكى تولىمۇ چوڭ ئەسەر پۈتكەن بولارئىدى. ۋەھالەنكى ئۇنىڭ يازغىنى ئۆز ھاياتىنىڭ قىسقىلا ۋاقتى — قىممەتلىك ياشلىق، قىران چاغلىرى. بۇ چاغلار تەكرارلانمايدىغان، جۇشقۇن، غايىلىك، مەنىلىك چاغلار. شۇنىڭ بىلەن كۆڭۈلنى غەش قىلىدىغان، پۇشايمان بىلەن تۈزىگىلى بولمايدىغان سەۋەنلىكلەرگە يول قويۇلغان چاغلار. شۇنىڭ ئۈچۈن كىتابتا كۆرۈلگەن سەۋەنلىكلەر ئۈچۈن ئاپتور ئۆز كىتابخانلىرىدىن ئەپۇ سورايدۇ.

1989 - يىل 27 - نويابىر

# توندىكى ھەسرەت پىشى





(ھېكايە)

ھۆرنىسا تۇردى

ـە تومۇز كىردى. ھاۋا ئېچىلىپ،
شامالسىز ئىسسىق باشلاندى. بۇغداي
ئورمىسىنى باشلىۋەتكەن دېھقانلار
چوڭ ـ كىچىك ھەممىسى ئېتىزدا. پەقەت
ھىدايەت ئاكىنىڭ چوڭ باغلىق ھوي ـ
لىسىدىلا ئالدىراشچىلىق، جىددىيلىك
ھۆكۈم سۈرەتتى. ھەپتىدە بىر يوقلاپ
كەلمەيدىغان كېلىنلەر كېلىشىپ ئۆي
قېقىش، كىر يۇيۇش، ھويلا ـ ئاراملارنى
تازىلاش قاتارلىق ئىشلار بىلەن
بەنت ئىدى. زىۋىدەم ئانا ئۇلارغا
ئۇسسۇلۇق، ئالما ـ ئۆرۈك دېگەنلەرنى
ئەكىلىپ مەدەت بەرمەكتە. ھىدايەت
بوۋاي سويۇشقا ئاتىغان پاخلاننى
پادىدىن ئايرىپ ئەكىلىپ
ئېغىلغا باغلىدى، شەھەردىن تاتلىق ـ
تۈرۈم لازىمەتلەرنى ئېلىپ چىقتى،
باغنىڭ يازلىق مېۋىلىرىدىن ئۆرۈك ـ
لەرنىڭ سەرخىلى كەنجى پىشىدىغان
خوۋەينىدىن بىر توپىنى ۋە تاغىل
ئالمىلارنىڭ قىزىرىپ پىشقانلىرىنى،
چالا ـ چۇرۇش كاۋاكشىغان تۇغاچلار ـ

نى ھېچكىمنى يېقىن كەلتۈرمەي ئۆز نازارىتىدە ئالدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى يېقىندا قاراماي دىكى قىزىدىن «7-ئاينىڭ 20 لىرى يېتىپ بارىمىز» دەپ كەلگەن خەت تۈپەيلىدىن بولۇۋاتاتتى. شۇڭا تېخى يۈز كۆرۈشمىگەن يېڭى كۈيئوغلىنى ئۇبدانراق كۈتۈۋالمىسا بولمايتتى.

تەييارلىق ئىشىمۇ پۈتۈپ قالدى. پەقەت نان-تۇقاچ يېقىش ئىشىلا قالغانىدى. بۇ ئىشنى زىۋىدەم ئانا قوشنىسى ئاسىيەنىڭ دەم ئېلىش كۈنىگە پىلانلاپ بۈگۈنكى يەكشەنبىنى كۈتكەنىدى. شۇڭا بۈگۈن ئەتىگەندىلا تۈتۈش قىلدى. ئۇ، يوغان تەگلىدە خېمىر يۇغۇرۇۋاتقان ئاسىيەنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانىدەك ئايلىنىپ يۈرۈپ ياردەملەشكەچ ئاغزى بېسىلماي سۆزلەپ تۇراتتى.

— كېلىنلەرگە ياقتۇراي دېسەم، ئۇلارنىڭ ياققان نېنى ماڭا يارىمايدۇ، مېنىڭ كۈچۈم يەتمىگەندىن كېيىن بوپتۇ دەي دېسەم كۈيئوغۇل كەلسە، قېيىن ئانامنىڭ ھالى شۇنچىلىككەن دەپ قالمىسۇن دېدىم. ئادەم قېرىغاندا ئىشتىن چىقىپمۇ قالىدىكەن، بۇ مەھەللە-كويدا سىزنىڭ ياققان نېنىڭىزدىن باشقىسىنىڭ نېنى ماڭا يارىمايدۇ، ۋاي...، قىزىم، ياش چاغلىرىمدا نان دېگەنگە گۈل كەلتۈرۈۋېتەتتىم...-ئۇ قازان بېشىغا بېرىپ چۈچۈتۈلگەن مايىنى كۆتۈرۈپ كەلدى،- ئۇبدان قىزىم، خېمىرنى ئۇبدانراق جەيلىۋېتىڭ، چېيىغا قانغان خېمىرنىڭ نېنى ئوخشايدۇ چىرايلىق خېنىم، ھېرىپ كەتتىڭىز، ھاردۇقتىن چىقىرىپ قويەمەن... ئەگەر قىزىم گۈلسۈمخاي كەلسە ئۇنى بىر كۆرۈپلا ھاردۇقتىن چىقىپ قالىمىز. ئۇمۇ سىزگە ئوخشاش خۇشخۇي، ئوچۇق كۆڭۈل بالا،- موماي سۆزلەۋېتىپ، ئاسىيەنىڭ چېكىلىرىدىكى مۇنچاق-مۇنچاق تەرگە كۆزى چۈشۈپ قالدى-دە. ئىتتىك بېرىپ تانىغا ئارتىقلىق لۆڭگىنى ئەكىلىپ ئۇنىڭ تەرلىرىنى سۈرتۈپ قويدى. ئاندىن سۈپىنىڭ لېۋىگە ئولتۇرۇپ ئېغىر بىر ئۇھ تارتىۋېلىپ سۆزلەشنى داۋام قىلدى،- ۋاي، ۋاي، ئۆلۈم دېگەن ياش-قېرىغا باقمايدىكەن، رەھمەتلىك سابىرجان خويمۇ ياخشى يىگىت ئىدى. ئۇلارنىڭ تويىنى ئۆز قولىمىز بىلەن قىلدۇق. ياخشىغا كۈن يوق، يامانغا ئۆلۈم، دېگەندەك خۇدانىڭ تەقدىرى بىلەن تويۇقسىز ھادىسىگە ئۇچراپ ياشلا ئالەمدىن كەتتى. نەچچە يىل تۇل ئولتۇرۇپ ئەمدى ئۆزى بىلىپ تەگكەن بۇ ئېرى قانداقراق كىشىكىن، ئۇنىڭ مىجەز-خۇلقىنى بىز بىلمەيمىز. قىزىم خېتىدە «يېشى چوڭراق، ئەمما ناھايىتى ياخشى ئادەم، قەيسەرنى ياخشى كۆرىدۇ» دەپ يېزىپتىكەن. ئۆزىگە يارىغان بولسا بوپتۇ دېدۇق. دىلىنى چېكىلدۈرمىسىلا ياش دېگەننىڭ كارى چاغلىق. قانداق دېدىم؟ قېنى، كەلگەندە كۆرەرمىز.

موماي ئورنىدىن تۇردى-دە، تال باراڭ ئاستىدا تۇرغان كۆك چۆگۈندىن بىر پىيالە سوغ چاينى قۇيۇپ خېمىرنى يېپىۋېتىپ، سۈپىنىڭ قىرىدا ئولتۇرۇپ تەرلىرىنى سۈرتۈۋاتقان ئاسىيەگە سۇندى. ئاسىيە چاينى

ھۇرتۇلدۇتۇپ بىرا قلا ئىچىۋەتتى ـ دە، پىيالىنى قويۇۋېتىپ سورىدى:

ــ گۈلسۈمئايىنىڭ ئوغلى نەچچە ياشقا كىردى؟

ــ قەيسەر بۇ يىل سەككىز ياشقا كىرىپ قالدىغۇ، دەيمەن. سابىرجان قازا بولغاندا ئۈچ ياشلاردا بار ئىدى. بۇ قېتىمقى خەتتە سابىرجاننىڭ دادىسى قارامايغا كېلىپ، تەتىل توشقۇچە قېشىمىزدا تۇرۇپ كەلسۇن، دەپ غۇلجىغا ئەكەتتى، دەپتۇ...

ئۇلار شۇ تەرىقىدە بىر هازا مۇڭدىشىپ ئولتۇرۇشتى.

نانلار يېقىلىپ بولدى. بۇ چاغدا كۈن پېشىندىن قايرىلغانىدى. ئاسىيە يوغان تەگلىدە مارجاندەك قىزىرىپ پىشقان مايلىق توقاچلارنى كۆتۈرۈپ پىشايۋان سۇپىسىغا ئەكەلگەندە، پىشىن نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ، خېلى ئۇزۇن تەسۋى سىرىپ ئولتۇرغان زىۋىدەم ئانا ئالمان ـ تالمان دۇئاغا قول كۆتۈردى ـ دە، جاينامازدىن قوپۇپ، توقاچلارنى بىر ـ بىرلەپ قولىغا ئېلىپ كۆرۈپ، مەمنۇنىيەت بىلەن ماختاشقا باشلىدى:

ــ پاھ، پاھ، قولىڭىز دەرد كۆرمىسۇن قىزىم. قاراڭ، ياققان نانلىرىڭىز كۈلۈپ تۇرىدۇ. شۇڭا سىزگە ساقلاپ ياقمىغانىدىم...

موماي ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي ماختاپ سۆزلەۋاتاتتى، بىر توپ ئۇششاق بالىلار يۈگۈرۈشۈپ هويلىغا كىرىپ كەلدى.

ــ چوڭئانا، مېهمان كەلدى.

ــ موما، موما، مېهمان كەلدى!...

بۇ تۇيۇقسىز خەۋەردىن هودۇقۇپ كەتكەن موماي خۇددى مەگدىگەندەك ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

ــ نېمە دېدىڭ؟ كىم كەلدى؟ گۈلسۈمئايمۇ؟ ئۇ سەنتورۇلۇپ قوپقان پېتى دەرۋازىغا قاراپ ماڭدى. ئاسىيەمۇ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدى.

بىردەمنىڭ ئىچىدە هويلىنى پاتپاراقچىلىق، سېغىنىش يىغىلىرى ئارىلاشقان ئەهۋال سورىشىشلار ۋە خۇشال كۈلكە سادالىرى قاپلىدى، هايت ـ هۇيت دېگۈچە پىشايۋان سۇپىسىغا گىلەم يېيىلىپ، ئۈستىگە تەيتۇللا يىگەندازلار سېلىندى، چوڭ دۈگىلەك جوزا قويۇلۇپ ئاپئاق كاناپ داستىخان يېيىلدى، لىگەنلەردە يازنىڭ شېرىن مېۋىلىرى كەلتۈرۈلدى، تېخى، ئەمدىلا يېتىلىپ پىشقان ناشپەرلەر كاسا قىلىپ قويۇلدى. مېهمانلار تېخى ئىسسىقى كەتمىگەن مايلىق توقاچلار بىلەن مېۋىلەرنى هوزۇرلىنىپ يېيىشكە كىرىشتى. هەممىنىڭ چىرايىدا شادلىق تەبەسسۇمى جىلۋىلىنەتتى. ئايىقىن، يايقىن يەپ ـ ئىچىشكەچ تازا قىزىق پاراڭ بولۇۋاتاتتى، زىۋىدەم ئانا بىردىنلا بۇ ئارىدا ئاسىيەنىڭ يوقلۇقىنى بايقاپ قالدى ـ دە، ئۇنىڭ ئىز ـ دېرىكىنى قىلدى.

ــ ئاسىيەم قېنى؟ ئاسىيەمنى چاقىرىڭلار. ئاسىيەم، قىزىم نەگە كەتتىڭىز، نېمىشقا داستىخانغا كەلمەيسىز؟ــ موماي بويىنىنى سوزۇپ ئەتراپقا قارىدى. لېكىن ئاسىيە كۆرۈنمىدى. موماي سەل ئەجەپلەنگەندەك بولۇپ، ئورنىدىن تۇردى ـ دە، ئاسىيەنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كېلىپ بىر نەچچە قېتىم چاقىردى. ئەمما ئۆيدىنمۇ

سادا چىقمىدى. موماي پىشايۋانغا قايتىپ كېلىشىدە گۈلسۈم ئانىسىدىن سورىدى:

— ئانا، كىم ئۇ ئاسىيە دېگىنىڭىز؟

— سىز تونۇمايسىز قىزىم، مېنىڭ خۇدا قوشقان قوشنام. مەھەللىمىزدىكى ئوتتۇرا مەكتەپتە مۇئەللىم، سىز كېلىپ كەتكەن يىلى بۇ مەكتەپكە شەھەردىن ئەۋەتكەنىكەن. ئۆزى ناھايىتى بەلەن چوكان.

— بۇ قوشنا هويلىمىزغا كۆچۈپ كەلگەنىدىن بېرى ئاپىڭىز ئارامىغا چىقتى. ھەممىلا ئىشتا ئۇ بالىغا ئېغىنا پىلىۋالدى، — دېدى بوۋاي مومايىنىڭ گېپىنى تارتىۋېلىپ.

— ھە سىلىمۇ. ئېتىز-ئېرىق ئىشىنى ئادىلجانغا ئىتتىرىپ قويۇپ، يۆلىنىپلاۋالدىلا... كۈلكە كۆتۈرۈلدى.

— نان يېقىپ بېرىڭلار، كىر يۇيۇپ بېرىڭلار دەپ كېلىنلەرگىمۇ يېلىنمايمەن. مانا سىز ماختاپ يەۋاتقان توقاچلارمۇ شۇ ئاسىيەنىڭ قولىدىن چىققان. هويلا-ئارام، باغۋارانمۇ رەتكە چۈشۈپ ھەممە يەر پاكىز تۇرىدىغان بولدى. قارىغۇنى كۆزىدىن ئايرىسىمۇ ھاسىسىدىن ئايرىماپتۇ دېگەنىدەك، سىزنىڭ يوقلۇقىڭىزنى بىلىندۈرمىدى. مىجەزىمۇ بەك ئوڭلۇق، — دېدى موماي قوشنىسىنى ماختاپ.

— ئېرى نەگە كېتىپتۇ؟ — سورىدى گۈلسۈم.

— ۋاي، بالام..، نېمىسىنى ئېيتاي، بۇ بىچارىنىڭ ئېرىنى ھېلىقى بېشىڭىنى يېگۈر مەدەنىيەت ئىنقىلابى دېگەن ئاپەت يەپ كەتكەنىكەن. بۇ بىچارىنىڭ تارتقان كۈننى ئاڭلىسىڭىز ئىچىڭىز سىرىلىپ كېتىدۇ، — موماي ھەسرەتلىك تىنىپ قويدى.

— سىلەر قانداق تونۇشۇپ قالدىڭلار؟ — گۈلسۈم قىزىقىپ سورىدى.

موماي تونۇشۇش جەريانىنى سۆزلەشكە باشلىدى...

مۇندىن ئۈچ يىل بۇرۇن بۇ يېزىدىكى مەكتەپكە ناھىيىدىن مۇئەللىم ئەۋەتكەنىدى. ئۇ بۇ يەرگە كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي مەھەللىدىكىلەر بىلەن چىقىشىپ كەتتى. ئۇ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاتا-ئانىلىرى بىلەن ناھايىتى ياخشى مۇناسىۋەتتە بولۇپلا قالماي، بوش ۋاقىتلىرىدا قېرى-چۈرىلەرنىڭ ئىشلىرىغا ياردەملىشىپ، ئىشلىرىنى قىلىشىپ بېرەتتى. شۇڭا ھەممە ئادەم ئۇنى ياخشى كۆرۈپ ھۆرمەت قىلاتتى. بۇ گەپ-سۆزلەرنى زىۋىدەم ئانا ئاڭلىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ئايالنى كۆرمىگەنىدى. بىر كۈنى موماي ئاغرىپ قېلىپ، يېزا دوختۇرخانىسىغا بېرىپ كۆرۈندى، قايتىپ كېلىۋېتىپ بېشى قېيىپ، كۆزىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلىپ، مۇزدەك تەر بېسىپ بولالماي يول ياقىسىدىكى نەمخۇش يۇمشاق چىم ئۈستىگە ئۆزىنى تاشلاپ يېتىپ قالدى، ئۇ كۆزىنى ئاچقاندا، يېنىدا بىر ئايالنىڭ مۇلايىم كۈلۈمسىرەپ قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆردى، بۇ ئايال مۇشۇ ئاسىيە ئىدى. ئۇ، مومايىنىڭ ئەھۋالىنى بىلگەنىدىن كېيىن، ئۇنى يۆلەپ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويدى، سۇ قايناتىپ دورىسىنى ئىچكۈزدى، سۇيۇق-سەلەك ئاش ئېتىپ بەردى. كۈندە كېلىپ يوقلاپ تۇردى. شۇنداق قىلىپ بوۋاي، موماي ئاسى-

يەگە ئىچىكىپ قالدى، بىر كۈن
كۆرمىسە ئىزدەپ بارىدىغان بولۇشتى.
ئاسىيە ئاھىيىدىن كەلگەندە ئۆي
مەسىلىسى قىس بولغانلىقتىن، مەكتەپ
ئامبىرىنىڭ كىچىك بىر ئېغىز ئۆيىگە
ۋاقىتىنچە جايلىشىپ تۇرغانىدى.
شۇ يىلى كۈزدە ھىدايەت بوۋايلار
يېڭى ئۆي سالغاندا، بۇرۇنقى
مېھمانخانا ئۆيىنى چاقماي ئۇنىڭغا
بىر ئېغىز يانداپ ئىككى ئېغىزلىق
قىلىپ شۇ ئۆيگە ئاسىيەلەرنى كۆچۈ-
رۈپ ئەكىلىۋالغانىدى. كېيىن مەك-
تەپتىن ياخشى ئۆي بېرىلگەن بولسىمۇ
بۇلار ئۇنىماي قويۇپ بەرمىدى...

ئەنە شۇنداق قىزغىن پاراڭلار بىلەن
تاماق يېيىلىپ بولدى، داستىخانمۇ
يىغىلدى، تۇغقانلارغا ئېلىپ كەلگەن
سوۋغىلار تارتىلدى. بۇ چاغدا كەچكى
شەپەق نۇرى ئوپئوق كەينىدىن ئوتقاش-
تەك تاۋلىنىپ، تەبىئەتكە ئاجايىپ
گۈزەللىك بېغىشلانىدى.

ئالىمجان باغنىڭ كەچلىك مەنزىرى-
سىنى تاماشا قىلماقچى بولۇپ ئورنىدىن
تۇرۇۋاتتى. دەرۋازا يوغان ئېچىلىپ
ھارۋا كىرىپ كەلدى.

— قايتىپ چىقتىڭمۇ ئادىلجان؟ —
دەپ توۋلىدى بوۋاي. شۇ چاغدا ھەم-
مەيلەننىڭ نەزىرى تەڭلا دەرۋازا تە-
رەپكە ئاغدۇرۇلدى. ھارۋا ئۈدۈل ئېغىل
تەرەپكە ماڭدى. ئېغىل ھويلىنىڭ كۈن
چىقىش تەرىپىدە بولغاچقا، ئۇ يا قتا
تال بارىڭىنىڭ يېنىدىن ئۆتەتتى. ھار-
ۋا باراڭغا يېقىنلاپ كەلگەندە:

— بۇ بالا ئاسىيەنىڭ ئوغلى شۇ، —
دېدى موماي.

— بەرىكە تاپقۇر، قالتىس بەلەن بالا
بولدى. ھەر يەكشەنبە كۈنى سەھەردىلا
ھارۋىنى ھەيدەپ شەھەرگە كىرىپ كې-
تىدۇ، كەچكىچە كىرا قىلىپ تاپقان
پۇلىغا ئىككى ئۆيگە چاي، تۇز، سە-
رەڭگە يەنە ئاز-تولا تاتلىق-تۈرۈم
ئېلىپ چىقىدۇ. ئەگەر كىرىمى ئوبدان-
راق بولۇپ قالسا، بىر-ئىككى كىلو
گۆشمۇ ئالغاچ كېلىدۇ. — بوۋاي پەخىر-
لىنىپ تۇرۇپ بېرىلىپ سۆزلەيتتى. لې-
كىن ئالىمجان كۆرۈنۈشتە خۇددى بې-
رىلىپ گەپ تىڭشاۋاتقاندەك قىلسىمۇ،
قۇلىقىغا گەپ كىرمەيتتى. گەپكەمۇ ئا-
رىلاشمايتتى. ئۇ نېمىشقىدۇر تېڭىرقاپ
قالغانىدى.

× ×

تۈن ھەسسىدىن ئاشقان، ھەممە ئۆي-
قۇغا چۆككەن چاغ ئىدى. گۈلسۈم ئا-
نىسى بىلەن بىر ھازا مۇڭدىشىپ ئول-
تۇرۇپ، ھارغىنلىق يەتتى بولغاي. يې-
تىپلا ئۇخلاپ قالدى. ئەمما ئالىمجان
ئۇياق ئۆرۈلۈپ، بۇياق ئۆرۈلۈپ زا-
دىلا ئۇخلىيالمايۋاتاتتى. ئۇنى قانداق-
تۇر چېگىش بىر خىياللار بىئارام قىل-
ماقتا ئىدى. ئۇ كەڭ ئېچىۋېتىلگەن
دېرىزىدىن ئاسماندا ئاستا ئۈزۈۋاتقان
ئايغا قارىغىنىچە خىيال سۈرمەكتە،
قەلبىدە ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان ئالىقان-
داق بىر گۇمان ۋۇجۇدىنى لەرزىگە سال-
ماقتا ئىدى. بولۇپمۇ كەچتە باغ ئارى-
لاپ يۈرۈپ ئۇشتۇمتۇت دۇچ كېلىشىپ
قالغان نامەلۇم ئايال بىلەن ھېلىقى
ھارۋىكەش بالا، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئانى-
سى ئاسىيە، بالىسى ئادىل — بۇ ئوخ-
شاش ئىسىملار ئۇنىڭ گۇمانىنى تېخى-
مۇ كۈچەيتكەنىدى.

ئۇ باغ ئارىلاپ يۈرۈپ شېخىنى كۆ-

تۇرەلمەي ساڭگىلىشىپ كەتكەن ئالما،
ئەنجۇر ۋە شاپتۇل - توغاچلارنىڭ خۇش-
پۇرا قىلىرىدىن ھۇزۇرلىنىپ تاماشا قىل-
غاچ باغ ئىچىنى بويلاپ ئېقىۋاتقان
ئېرىق ياقىسى بىلەن دەرۋازا تەرەپ-
كە كېتىۋاتاتتى، توساتتىن كوچا تە-
رەپتىن بىر ئايال ئىتتىك كىرىپلا
ئۇدۇل شۇ يول بىلەن كەلدى. ئەمما
ئالىمجاننى كۆرۈپ داڭ قېتىپلا تۇرۇپ
قالدى. نېمە قىلارىنى بىلەلمەي ھودۇق-
قان پېتى خۇددى ئۈركىگەك توشقان-
دەك ئالاقزادىلىك بىلەن چۆنەكلىك-
نى كېسىپ ئۆتۈپلا تال باراڭنىڭ دال-
دىسىدا كۆزدىن غايىب بولدى.
نامازشام مەزگىلىدە ئالىمجان ئۇ ئا-
يالنى ئوبدان پەرق ئېتەلمىگەن بول-
سىمۇ، ئۇنىڭ بۇ غەلىتە ھالىتىدىن
ئەجەپلىنىپ، تۇرغان جايىدا بىر ھازا-
غىچە تۇرۇپ قالدى.

يەنە تېخى، ئانىسى ئاسىيە، ئوغلى
ئادىل ئىكەنا؟! ئالىمجاننىڭ تازا خۇ-
مارى تۇتتى - دە، ئاستا ئورنىدىن
تۇرۇپ پۇتىنىڭ ئۇچىدا مېڭىپ ھويلى-
غا چىقتى.

سۈتتەك ئايدىڭ. ھەممە ياق جىم-
جىت. بۇلۇتسىز كۆكتە يۇلتۇزلار گويا
ئاي بىلەن نۇر تالاشقاندەك چاقناپ
تۇراتتى. ھويلىنىڭ ئىچى بىر خىل
سىرلىق تۈن جىمجىتلىقىغا چۆككەن
بولۇپ، پەقەت تارغىنا ئېرىقتا ئوي-
ناقشىپ ئېقىۋاتقان سۇنىڭ شىلدىرلى-
شى بىلەن تومۇزغا ۋە چېكەتكىلەرنىڭ
خىلمۇ خىل چىرىلداشلىرى بۇ جىم-
جىتلىقنى بۇزۇپ تۇراتتى.

ئۇ، يىغالىق بىر تىنىۋېلىپ، تاما-
كىسىنى قاتتىق بىر شورىدى - دە،
بېشىنى كۆتۈرۈپ خىيالچان كۆزىنى
ئايغا تىكتى. كېچە ئاسمىنىدا ئۈزۈپ
يۈرگەن بۇلۇتلار ئارىسىدا بىردەم يو-
شۇرۇنۇپ، بىردەم ۋاللىدە چىقىپ جا-
ھاننى يورۇتۇپ ھاياتلىققا ئۈمىد بې-
غىشلاۋاتقان ئاي ئۆزىنىڭ قۇدرەتلىك
مېھرى كۈچى بىلەن ئۇنىڭ خىيال قۇ-
شىنى تۇيدۇرماي ئەگەشتۈرۈپ ئاللى-
قايا قىلارغا ئېلىپ ماڭدى. ...

... گۈزەل ياز ئايلىرى ئىدى. ئال-
تۇن تاۋاقتەك تولغان ئاي ئورۇمچى
كوچىلىرىنىڭ كەچكى مەنزىرىسىگە ئا-
جايىپ گۈزەللىك بېغىشلاپ، بەختىيار
ھاياتقا، ئوتتەك قىزغىن ياشلىققا بەخت
ئاتا قىلماقتا ئىدى. ئاسفالىت
يولنىڭ چېتىگە غوۋا سايە تاشلاپ تۇر-
غان دەرەخلەر ئارىسىدا بىر جۈپ قىز-
يىگىت يېقىن ياندىشىپ كېتىپ بارات-
تى. يىگىت ئېگىز بوي، يالاڭباش بو-
لۇپ، قاۋۇل كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ ئۇس-
تىدىكى كالتە يەڭلىك ئاق كۆڭلىكى
يىراقتىنلا كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى.
ئۇ نېمىلەرنىدۇ قىزغىن سۆزلىمەكتە
ئىدى ۋە پات - پاتلا قويۇق قاپقارا
چېچىنى قولى بىلەن ئارقىسىغا قاي-
رىپ سىلاپ قوياتتى. قىز بولسا، يى-
گىتنىڭ بىلىكىگە چىڭ ئېسىلىپ قول-
تۇقلىغان ھالدا شېرىن خىياللار ئىلى-
كىدە تىڭشاپ ماڭاتتى. تۇرۇپلا قايغۇ-
لۇق خورسىناتتى. كۆڭلىگە بىردىنلا
جۇدالىق شەپىسى سايە تاشلاۋاتقاندەك
تۇيغۇ پەيدا بولۇپ، ئۈمىدسىزلىك
ھېسسىياتى چۇلغىۋالدى - دە، چوڭقۇر
بىر ئاھ ئۇرۇپ قالدى.

يىگىت جايىدا چىپپىدە توختاپ قىز-
غا بۇرۇلدى ۋە ئۇنىڭ مامۇق قىتەك

يۇمشاق قولىنى ئالقىنىغا ئېلىپ، ئاستا سىلاپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا ئوتلۇق كۆزدە تىكىلدى.

— نېمىنى ئويلاۋاتىسىز جېنىم. نېمىشقا مۇنداق ئاھ ئۇرۇسىز؟

يىگىت بېشىنى كۆتۈرۈپ ئايغا قارىدى، ئاي بىزگە بەختتىن دېرەك بېرىۋاتىدۇ. بىز چوقۇم بەختلىك بولىمىز.

قىز يىگىتنىڭ كۆزىگە مۆلدۈرلەپ قارىغىنىچە ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە:

— بەختلىك بولالارمىزمۇ؟ — دېدى پەس ئاۋازدا.

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ بەختلىك بولۇشىمىزغا ئىشەنمەمسىز؟

— ئىشەنمەيمەن. بىراق، ئەتە تەقسىمات ئېلان قىلىنىدىكەن، ئەگەر بىرىمىز ئۇياققا، بىرىمىز بۇياققا بۆلۈنۈپ كېتىپ قالساق ئۇ چاغدا ...

— ھە ...، مۇنداق دەڭ، خاتىرجەم بولۇڭ: بۇ ھەققە مېنى ئويلىمامدىكىن دەمسىز؟ بەلكىم ئۇنداق بولماس، چۈنكى مەن بۇ ھەققە ئەھۋالىمىزنى مەلۇم قىلىپ فاكۇلتېتقا ئالىمقاچان دوكلات يازغانمەن. دوكلاتتا نەگىلا بولسا ئىككىمىزنى بىر يەرگە بۆلۈپ قويۇشنى ئىلتىماس قىلدىم، بۇنى ئەلۋەتتە تەشكىلمۇ ئويلىشار، — دېدى يىگىت ۋە قىزنىڭ ئېڭىكىنى يېنىك ھەرىكەت بىلەن ئاستا كۆتۈرۈپ ئۆزىگە قاراتتى-دە، مۇھەببەت بىلەن تىكىلىپ سۆزلىدى، — ئەگەر سىزنى بىزنىڭ ناھىيىگە بۆلۈپ قويسا قانداق قىلىسىز؟

قىز ھاياجان بىلەن يىگىتنىڭ كۆزىگە قاراپ ۋىلىقىدە كۈلدى. ئاندىن سەل كۆتۈرۈلۈپ ئىككى قولىنى ئۇنىڭ مورىسىگە ئالدى-دە، ئەركىلىگەن تەلەپپۇزدا:

— ئالىم، سۆيۈملۈكۈم، سىز نېمە دېگەن ياخشى. مەن تېخى سىزنى بىپەرۋالىق قىلىۋاتىدۇ، دەپ تىت-تىت بولۇپ يۈرۈپتىمەن. مېنى كەچۈرۈڭ، بىراق، قانداق قىلىسەن، دېگەن گېپىڭىزنى ئاغزىڭىزدىن چىقارغۇچى بولماڭ. مېنى تېخىچە چۈشەنمەمسىز؟ مېنىڭ ھاياتىم سىزگە باغلىق. جېنىم، يادىڭىزدىن چىقارماڭ، مەن ئالىمقاچان ئۆزۈمنى سىزگە ئاتىغان. لېكىن... ھەي، بەزىدە سىزدىن ئەنسىرەپمۇ قالىمەن.

— نېمىشقا؟ ئەنسىرىگۈدەك نېمە ئىش قىلغانىدىمەن، ئېيتىڭا! — دېدى يىگىت ئۇنىڭ مەيىن شامالدا يەلپۈنۈپ تۇرغان چېكە چاچلىرىنى سىلاپ تۇرۇپ ئۆتۈنۈش تەلەپپۇزىدا. قىز خېلى بىر ھازاغىچە ئۇنىڭ كۆزىگە مۆلدۈرلەپ قارىغىنىچە ئۈن-تىنسىز تۇرىۋەردى.

— بوپتۇ دېمىسىڭىز. مەن چۈشەندىم. سىزنىڭچە مەن ۋاپاسىزلىق قىلىپ قويۇشۇم مۇمكىن، شۇنداقمۇ؟ ياق! جېنىم، خاتىرجەم بولۇڭ. مەن سىزنى چۈشىنىمەن، سىزمۇ مېنى چۈشىنىشىڭىز، ماڭا ئىشىنىشىڭىز كېرەك. مېنىڭ بارلىقىم ئۆمۈرۋايەت سىزگە مەنسۇپ! ھەر ئىككى ئالەمدە تېنىمىز، جىسمىمىز، ھەتتا روھىمىزمۇ بىرگە بولىدۇ. ئەگەر خىلاپلىق قىلسام جاھان ئاسمىنىنى يورۇتقۇچى ئاشۇ ئاي مېنى ئۇرسۇن! بۇ مېنىڭ ئاخىرقى قەسىمىم ...

— ئالىم، مېنىڭ بەختىم، بولدى گەپ قىلماڭ، ئۇرۇنسىز گەپ قىلىپ قويغىنىم ئۈچۈن مېنى كەچۈرۈڭ! — قىز

يىگىتنىڭ بوينىدىن مەھكەم قۇچاقلىـ
دى، يىگىتمۇ مەڭزىنى ئۇنىڭ مەڭزىـ
گە يېقىپ تۇرۇپ كۆكرىكىگە باستى.
شۇ مىنۇتتا بۇ ئىككىسى تەن گويا بىر
تەنگە ئايلانغانىدى ...

ئالىم بىلەن ئاسىيگۇلنىڭ تەلەپـ
ئىلتىماسلىرى ئېتىبارغا ئېلىنىپ، ھەر
ئىككىسى χ ناھىيىسىگە تەقسىم قىلىـ
نىپ، ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسىـ
نىڭ تەمىنلىشى بىلەن ناھىيىلىك 1 ـ
ئوتتۇرا مەكتەپكە ئورۇنلاشقانىدى.
شۇ يىلى ئۆكتەبىردە بۇلار ئاددىيغىنە
توي قىلىپ كۆڭۈللۈك بىر ئائىلە قۇـ
رۇۋالدى. ئىككى يىللىق تارىخقا ئىگە
بۇ ئائىلىگە ئەمدىلا ئۈچىنچى ئەزا
قوشۇلغاندا، خۇددى كۆز تەككەندەك،
«مەدەنىيەت ئىنقىلابى» باشلىنىپ، ھەـ
دېگەندىلا ئالىمنىڭ بۇرۇن چەت ئەلگە
چىقىپ كەتكەن بىر تاغىسىنىڭ كاساـ
پىتى بىلەن «چەتكە باغلانغان ئۇنسۇر»
بولۇپ تارتىپ چىقىرىلدى ۋە نەزەرـ
بەنت قىلىندى.

ئەلەم كورىشى تازا ئەۋج ئالغان
كۈنلەرنىڭ بىرى. مەكتەپ مەيدانى
«كورەش ـ پىپەن چوڭ يىغىن» قاتناشچىـ
لىرى بىلەن تولغان، ھەممىنىڭ چىراـ
يىنى تەشۋىش ئالامەتلىرى باسقان،
كىشىلەر بىر ـ بىرى بىلەن سۆزلىشىشـ
تىنمۇ ئېھتىيات قىلىپ گويا تىلسىز
ئادەملەردەك تىمتاسلىققا چۆككەنىدى.
پەقەت مەيداننى قورشاپ تۇرغان سوغ
تەلەت «قىزىل قوغدىغۇچىلار» لا ۋاـ
راڭ ـ چۇرۇڭ بىلەن ئۇياق ـ بۇياق
چېپىشىپ مەيدان تەرتىپىنى باشقۇرـ
ماقتا ئىدى.

يىغىن باشلانغانلىقى ئېلان قىلىندى.

شۇئان بىر توپ قوراللىق ھەم قورالـ
سىز «ئىسيانچىلار» نىڭ نازارىتىدە
بوينىغا ھەر خىل قالپاق ناملىرى يېـ
زىلغان تاختاي ئاسقان «كورەش ـ پىـ
پەن ئوبيېكتلىرى» سەھنىگە ئېلىپ
چىقىلدى. بۇلارنىڭ قارىسى كۆرۈنۈش
بىلەن تەڭ پۈتۈن مەيداننى زىلزىلىگە
كەلتۈرۈپ ئالا ـ تاغىل توۋلانغان شوـ
ئار سادالىرى قاپلىدى.

«كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدارـ
لارنى يوقىتايلى!»

«چەتكە باغلانغان ئۇنسۇرلاردىن ھېـ
ساب ئالايلى!»

«نەق ئىنقىلابقا قارشى ئۇنسۇرلارنى
قەتئىي باستۇرايلى!»

«سىنىپىي دۈشمەنلەرگە زەربە بېرەيلى!»

.........

سەھنە ئالدىدا قاتار تۇرغۇزۇپ
ئېگىشتۈرۈپ تويۇلغان «ئۇنسۇرلار» قاـ
تارىدا بوينىغا «چەتكە باغلانغان، ئىنـ
قىلابقا قارشى ئۇنسۇر» دېگەن قارا
خەت يېزىلغان يوغان تاختاينى ئاسقان
ئالىمجانمۇ تۇرۇپتۇ. ئۇ تېخىچە بېسىلـ
ماي ياڭراۋاتقان شوئار ساداسى ئىـ
چىدە بېشىغا تەگكەن بىر مۇشت بىلەن
تەڭ ئالدىغا دۈم چۈشتى.

دەل شۇ چاغدا تىقمۇ ـ تىقماق ئاـ
دەملەر ئارىسىدىن «ۋاي ئىسىت، ئاـ
لىم!» دەپ چىرقىرىغان ئايالنىڭ ئاـ
ۋازى ئاڭلاندى. بۇ تونۇش ئاۋازدىن
ئالىمنىڭ يۈرىكى «قارت» قىلىپ قالـ
دى ـ دە، كۆچەپ تۇرۇپ بېشىنى كۆـ
تۈردى. بىر ئايال ئۆرە ھالدا ئىككى
قولى بىلەن يۈزىنى ياپقان پېتى ئۈن
سېلىپ يىغلاۋاتاتتى. بۇ ئۇنىڭ ئايالى
ئاسىيگول ئىدى. ئىككىي «ئىسـ

يانچى» ئېتىلىپ كەلدى - دە، ئۇنى سۆرىگەن پېتى مەيداندىن ئېلىپ چىقىپ كەتتى. بۇ چاغدا ئەس - ھوشىنى يوقاتقان ئالىم چىداپ تۇرالماي «ئۇنىڭغا تەگمەڭلار ...!» دەپ توۋلاپ تاشلىدى. ئەپسۇسكى، تاشبوراندەك تېگىۋاتقان مۇشت ۋە تېپىك زەربىدە ھالىدىن كەتكەن ئالىم ئاشۇ ئېغىر مىنۇتلاردا قانداقمۇ ئۆز مەھبۇبىغا تەسەللى بېرىشكە، ئۇنى قۇتقۇزۇشقا قادىر بولالايدۇ - دەيسىز؟!

بۇ خاتىرىلەر ئالىمجاننىڭ كۆز ئالدىدا گەۋدىلەنگەندە، ئۇنىڭ ۋۇجۇدى سىقىراپ كەتتى - دە، ئىختىيارسىز ھالدا ھېلىقى پەنجىرىلىك ئۆيگە قارىدى. قارىغانسېرى ئۇنىڭ يۈرىكى خۇددى شاش ئاتنىڭ تۇيىقىدەك چاپچىپ قاتتىق سوقۇشقا باشلىدى. ۋۇجۇدى كۆز شامىلىدىكى يوپۇرماقتەك تىترەيتتى. شۇ ھالەتتە ئۇنىڭغا ئاشۇ ئۆيدىكى ئانا - بالىنى بىر كۆرۈش، ئۇلارنىڭ زادى كىملىكىنى بىلىپ بېقىش ئىستىكى قوزغالدى. لېكىن، ئىنتىلگەن بولسىمۇ، قەدەم ئېلىشقا پېتىنالمىدى. قانداقمۇ پېتىنالىسۇن؟ ئۇ چاغدا چاتاقنىڭ چوڭى چىقمامدۇ، ئەگەر گۇمانى توغرا بولماي قالسا رەسۋا بولمامدۇ؟... ئۇ ئۆزىنى تەستە بېسىۋالدى.

ئۇ يەنە مۇنۇلارنى ئەسكە ئالدى.

79 - يىل. مارت شامىلى جاھاننى ئىللىتىشقا، يەرلەر ئېرىپ كۈن نۇرى ئۇبدانىراق چۈشكەن يەرلەردە ئەگىزلەر ئېقىشقا باشلىغان كۈنلەرنىڭ بىرى ئىدى. ئالىمجاننىڭ ئەنزىسى ئۇۋال قىلىنغانلار قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىنىپ، ئازاد قىلىنىدى. ئۇ، ئۆز يۇرتىغا بارماي، ئۇدۇل بۇرۇنقى خىزمەت ئورنىغا كەلگەنىدى. ئەپسۇسكى، ئۇنىڭ ئائىلىسى ئاللىقاچان بۇ يەردىن كېتىپ قالغانىكەن. ئۇلارنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى ھېچكىم دەپ بېرەلمىدى. چۈنكى، ئۇ لەنەتتى يىللاردا كىممۇ ئۇنىڭ ئائىلىسىگە ئارىلىشىشقا جۈرئەت قىلالىدۇ، دەيسىز؟ ئىچى ئاغرىغان، ھېسداشلىق قىلىدىغان خىزمەتداش، دوست - يارانلىرىمۇ ئېھتىيات يۈزىسىدىن ئۇنىڭ ئائىلىسىدىن ئۆزىنى قاچۇراتتى. ئەينى ۋاقىتتا «سىنىپىي مەيداننى يوقاتقان» دېگەن ئاتاقتا خىزمەتتىن ھەيدىلىپ، باشپاناھسىز، ھېچقانداق ھىمايىسىز قالغان ئاسىيگۈل ئەمدىلا يېشىدىن ئاشقان ئوغلىنى باغرىغا بېسىپ، بۇ يەردىن كېتىشكە مەجبۇر بولغانىدى. ئالىمجان ئۇلارنى ئىزدەپ ئايالىنىڭ يۇرتىغا كەلدى. ئۇ دەرۋازىدىن كىرىپ، ئۆز ۋاقتىدىكى پاكىز، ھاۋالىق، كىرگەن كىشىنىڭ كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ قالىدىغان ئىللىق ھويلىنى ئەمەس، ئەسكى - تۈسكىلەر قالايمىقان تاشلانغان، ئېغىل ۋە ھويلا تاملىرى ئۆرۈلگەن قاقاسچىلىق باسقان بىر ھويلىنى كۆردى - دە، بوسۇغا تۈۋىدىلا تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى. ھويلىدا ئادەم كۆرۈنمەيتتى.

— ئادەم بارمۇ؟ — ئۇ تارتىنىپراق توۋلىدى. شۇئان بىر بۇلۇڭدا باغلاقلىق ياتقان ئىت ھاۋشۇپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن تەڭ كاۋا بارىڭىنىڭ ئاستىدىن بويىنىنى سوزۇپ قارىغان بىر ئايالنىڭ بېشى كۆرۈندى. ئۇ ئايال دەرۋازا ئىچىدە تۇرغان ناتونۇش كىشىنى كۆرۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ:

— كىمنى ئىزدەيسىز؟ دەپ سورىدى.

— تۇرغۇن ياغچىنىڭ ئۆيى مۇشۇمىكىن؟

— ھە، مۇشۇ. ئۇ كىشى ئۆلۈپ كەتكەن. مەن كېلىنى بولىمەن. بىرەر ئىشىڭىز بارمىدى؟ — ئايال قوپاللىق بىلەن جاۋاب بەردى.

— ئوھوي، يەڭگەمكەنغۇ، — دېگىنىچە ئالىمجان ئوچۇق چىراي بىلەن ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ سالام بەردى. تىنچلىق-ئامانلىق سورىدى. ئايال بولسا، بۇ ناتونۇش كىشىگە ئەجەپلەنگەندەك قاراپ تۇراتتى، چاچلىرى چۇۋۇق، يۈزلىرى مەينەت، يالاڭئاياغ 5 – 6 ياشلاردا بىر قىز بىلەن قىپيالىڭاچ، چېچى قىرىقۇېتىلگەن، كۆزلىرىدە چاپاقلار قېتىپ قالغان 3 – 4 ياشلاردا بىر ئوغۇل بالا ئانىسىنىڭ يېنىدا يېتىرقىغان قىياپەتتە قاراپ تۇرۇشاتتى. ئالىمجان بالىلارغا قاراپ كۈلۈپ قويدى. ئايال تېخىچىلا «سىز كىم بولىسىز؟» دېگەندەك ئۈن-تىنسىز تۇرماقتا ئىدى.

ئالىمجان ئۆزىنى تونۇشتۇردى:

— مەن ئاسىيگۈلنىڭ يولدىشى ئالىم بولىمەن.

— ۋاي، ئاتامەي. مۇنداق دەڭ، — ئايال بىردىنلا ھودۇقۇپ كەتتى-دە، چىرايىنى ئۆزگەرتىپ خۇشامەتكۈيلۈق بىلەن ئۇنى باراڭ ئاستىدىكى پاكار سۇپىغا تەكلىپ قىلدى ۋە كونا بىر چىت كۆرپىنى ئەكىلىپ سۇپىنىڭ لېۋىگە سالدى.

— مانا، مېنىڭ دېگىنىم كەلدى. توپىنىڭ تېشىدا بولسا بىر كۈنى كېلىدۇ، دېگەنتىم. ئادەم دېگەن ئۆلمىسە كۆرۈشىدىكەن. مانا ئەمدى بىر ئوبدان كېلىپ قاپسىز ...

ئالىمجان خۇددى بوغما قاپاقتەك دۇپ-دۈگىلەك سېمىز، بۇغداي ئۆڭ، ئەگمە قاش بۇ ئايالنىڭ ھەرىكەتلىرىگە يەر ئاستىدىن قارىدى ۋە ئۆي تەرەپكە، ھويلا ئارامغا سەپ سالدى. لېكىن بۇ ئانا-بالا ئۈچەيلەندىن باشقا ھېچكىم كۆرۈنمىدى. ئاخىرى ئايالدىن سورىدى:

— يەڭگە، ئاسىيگۈل مۇشۇ يەردىمۇ؟ كۆرۈنمەيدىغۇ؟

— ھوي، خەۋىرىڭىز يوقمۇ؟ مەن تېخى سىزدىن سوراي دەپ تۇراتتىم.

— نېمىنى؟ بىر ئىش بولغانمىدى؟ — ئالىمجان بۇ ئايالنىڭ باش-ئايىغى يوق چۈشىنىكسىز گەپلىرىگە ئەجەپلىنىپ سورىدى.

ئايال سەل تۇرۇۋېلىپ، ئۇلۇق-كىچىك تىنىپ ھېقىغدىغىنىچە ئاغزىلىرىنى ئۈمچەيتىپ سۆزلەشكە باشلىدى.

— بۇ گەپچە ھېچنېمىدىن خەۋىرىڭىز يوقكەن-دە؟ ھەي، دەردىم، چىداپ تۇرۇڭ، بارنى تەڭ تالىشىپ ئۆتۈپ تۇرايلى، دەپ شۇنچە قىلسام ئۇنىماي، مانا ئەمدى بولدىمۇ ...

— يەڭگە، گەپلىرىڭىزگە چۈشەنمىدىم، ئوچۇقراق گەپ قىلسىڭىزچۇ؟ ئۇلار نەگە كەتتى؟ نېمە ئىش بولغانتى؟ — دەپ سورىدى ئالىمجان بىتاقەت بولۇپ،

— خەپ، نېمە دېسەم بولار؟ — ئايال ئەتراپىغا ئالاڭ-بۇلۇڭ قاراپ بېشىدىكى ياغلىقىنى نېرى-بېرى تارتىشتۇرۇپ قويۇپ، كۆڭلىكىنىڭ پېشىنى تۈزەشتۈرگەچ، — ئاسىيگۈل كېلىپ بىرە يىلدەك بىللە بولدۇق، بىز توي قىلغان يىلى كۈزدە قېيىن ئاتام تۈگىدى، كېيىنكى يىلى ئەتىيازدا قېيىن

ئانام قازا قىلىپ كەتتى. بىر يىلنىڭ ئىچىدە ئارقا - ئارقىدىن ئاتىمىز بىلەن ئانىمىزدىن ئايرىلىپ يىغلاپ - قاقشاپ قالدۇق. ھەي ...، ئۇياقتىن كەلگەنىدە بېشىمدا قالپىقى باركەنمۇ دەيمەن. بۇ يەردىمۇ كېيىن ھە دېسىلا «ئەكسىيەتچىنىڭ خوتۇنى، بۇزۇق ئۇنسۇر» دەپ بەكمۇ جاپا سالدى، بىر تەرەپتىن سىزنىڭ دېرىكىڭىزنى ئالالماي يىغلاپ - قاقشاپ يۈردى، — ئۇ سەل جىمىپ قالدى - دە، بىردىنلا ئېچىنغان قىياپەتتە، — نېمە ئىش بولدى بىلمەي قالدۇق، بىر كۈنى تۇيۇقسىزلا يوقاپ كەتتى.

— ھە؟ نەگە كېتىپتۇ؟ ئوغلىمىز بار ئىدىغۇ؟ — ئالىمجان چۆچۈپ كەتتى ۋە ساراسىمىگە چۈشۈپ قالدى.

بالا خويمۇ ئوبدان بالا بولىۋىدى، زادى ئۆزىڭىزگىلا ئوخشايدۇ. بالىنىمۇ ئېلىپ كېتىپتۇ، ئەمەسمۇ. ئەستەغپۇرۇللا، — ئۇ ناھايىتى ئوڭايسىزلىنىپ تۇرۇپ ئېيتتى، — سۆزلەشكە كىشىنىڭ تىلىمۇ بارمايدۇ...

— يەڭگە، تېزراق دېسىڭىزچۇ، زادى نېمە ئىش بولغان؟

— نېمە ئىش بولاتتى، ئىزدىدۇق، تاپالمىدۇق، ئاكىسى ئىزدەپ بارمىغان يېرى قالمىدى. تېخى ناھەقتىن ناھەق «سەن بىر نېمە دەپ رەنجىتكەن ئوخشايسەن» دەپ ئۇرۇشۇپ تاياقنىمۇ يېدىم. كېيىن ئاڭلىساق بىر شوپۇر بىلەن قېچىپ كەتكەنمىش...

— بۇ كۈتۈلمىگەن گەپ گويا ئالىمجاننىڭ قۇلاق تۈۋىدە چاقماق چاققاندەك تەگدى - دە، ئورنىدىن دەس تۇرۇپ كەتتى ۋە ئۆزىگە ئىگە بولالمىغان ھالدا ساھىپخاننىڭ «چاي قۇياي، بالىلارنىڭ دادىسى كېلىدىغان ۋاقىت بولدى، كۆرۈشۈپ كېتىڭ» دەپ خېلى تۇتقىنىغا قۇلاقمۇ سالماي ھويلىدىن چىقىپ كەتتى. شۇ ماڭغىنىچە بىر ئېرىققا دۈچ كېلىپ قالغاندىلا، ئاندىن سەل ئېسىنى يىغىپ ئېرىق بويىدىكى قېرى سۆگەتنىڭ تۈۋىدىگە كېلىپ ئولتۇرۇپ تاماكا ئوراشقا كىرىشتى. ئەمما ۋۇجۇدىنى ئەلەم ئوتى چىرمىۋالغانلىقتىن قوللىرى تىترەپ تاماكا ئوراشقا قولاشماي مەخورىكىنى تۆكۈۋالدى. قولىدا قېپقالغان گېزىت پارچىسىنى غەزەپ بىلەن تاشلىۋېتىپ، باشقىدىن ئورىدى. تۇتاشتۇرۇپ سەرەڭگىنى يانچۇقىغا سېلىۋاتاتتى، تۇساتتىن:

— بۇرادەر، مەنمۇ بىر تۇتاشتۇرۇۋالسام ...، — دېگەن ئاۋاز يېنىدىلا ئاڭلاندى. ئۇ قايرىلىپ قاراپ، 40 ياشلار ئۆپچۆرىسىدە ئېگىز بوي، بادام دوپپىلىق، قاتاڭغۇر بىر ئادەمنىڭ ئۆزىگە كۈلۈمسىرەپ قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆردى.

سەرەڭگىنى ئۇنىڭغا بەردى. بۇ ئادەم سەرەڭگىنى ئېلىۋېتىپ:

— شەھەردىن چىققان ئوخشىمامسىز؟ — دەپ سورىدى.

ئالىمجان بېشىنى لىڭشىتتى. ئەمما ئۇنىڭ چىرايىدىن قاتتىق ئازابلىنىش ئالامىتى ئەكس ئېتىپ تۇراتتى، ئۇ كىشى تۇتاشتۇرۇپ بولۇپ، سەرەڭگىنى قايتۇرۇپ بەردى - دە، ئۆزىنىمۇ ئالىمجاندىن 2 - 3 قەدەم نېرىدا ئولتۇردى.

— بۇ يەرگە تۇغقان يوقلاپ چىققانمۇ؟ — دېدى ئۇ كىشى ئالىمجانغا يەر

تېگىدىن قاراپ قويۇپ.

— شۇنداق، — ئالىمجان بىر پەس شۈككىدە ئولتۇردى، ئاندىن ھەسرەت بىلەن چوڭقۇر تىنىپ قويۇپ، ئايالىم بىلەن ئوغلۇمنى ئىزدەپ كەلگەن، — دېدى.

ئۇ كىشى سەل ئەجەبلەنگەندەك بولۇپ سورىدى:

— ئايالىڭىز مۇشۇ يەردىمىدى؟

— ھەئە. تۇرغۇن ياغچى دېگەن كىشى مېنىڭ قېيىن ئاتام بولاتتى.

— نېمە؟ سىز ئاسىيگۈلنىڭ يولدىشى بولامسىز؟ — ئۇ كىشى بىردىنلا ھەيرانلىق ئىلكىگە چۈشۈپ قالدى.

— شۇنداق، — جاۋاب بەردى ئالىمجان دەرھال ئۇنىڭغا بۇرۇلۇپ، ئۇ كىشىمۇ شاققىدە ئورنىدىن كۆتۈرۈلۈپ كۆرۈشۈشكە قول ئۇزاتتى.

— ئاسىيەنى تونۇيدىكەنسىز-دە؟

— نېمىشقا تونۇمايمەن. ئەلۋەتتە تونۇيمەن-دە. بىز بىر مەھەللىلىك تۇرساق. دادام بىلەن تۇرغۇنكاممۇ يېقىن ئۆتۈشەتتى. تۇرغۇنكام قازا قىلىپ كەتكەن بىلەن ئوغلى ئاۋۇت بىلەن ئاغىنىدارچىلىقىمىز قويۇق. ئۇلارنىڭكىگە باردىڭىزمۇ؟

— باردىم.

ئىككىيلەن بىر پەس سۈكۈتتە ئولتۇرۇشتى. ئۇ كىشى ئالىمجاننىڭ چىرايىدىكى خاپىلىقنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندى بولغاي، بىردىنلا ئاسىيگۈل ھەققىدە گەپ باشلىدى:

— ئۇ بىچارە جاھاننىڭ دىشۋارچىلىقىنى ئاز تارتمىدى. سىزنىڭ ھايات بار-يوقلۇقىڭىزنى بىلەلمەي جىق سورۇقچىلىق تارتىپ كەتتى. ئاڭلىشىمچە دەسلەپتە سىزنى تۇتۇپ كەتكەن ئورۇنلارغا، گۇڭچەنجويلەرگە بارسا «بىلمەيمىز» دەپتۇ. كېيىن دېرىكىڭىزنى ئۇققۇش نىيىتىدە ئۈرۈمچىگە كەتتى، ئۇ يەردە 5 — 6 ئاي ئاچ-توق قاڭقىراپ يۈرۈپ ھېچنېمە ئۇقالماپتۇ! ئۇ قالايمىقانچىلىق يىللاردا ئۇ بىچارىنىڭ دادىغا كىم قۇلاق سالىدۇ، دەيسىز. ئۇ يەردە ئۆي-ماكان، پۇل بولمىغاندىن كېيىن خەقلەرنىڭ ئۆيىدە كىر-قات يۇيۇپ جان بېقىپ يۈرۈپ، بىر كادىرنىڭ ئۆيىگە بالا باققۇچى بولۇپ ئورۇنلاشقانىمىش. ئۇ يەردە ئۈچ ئاي ئىشلىگەندە، ئىنسابى بار كىشىلەركەنمۇ دەيمەن، ئۇنىڭ ئەھۋالىنى بىلگەندىن كېيىن ياردەم قىلىپ يولغا سېلىپ قويۇپتۇ. يىغىپ ئېيتقاندا بىر بالا بىلەن كىشىنىڭ ئۆيىگە سىغماق تەس، دەڭا!

ئالىمجان چوڭقۇر بىر ئۇھ تارتتى:

— مەن قولغا ئېلىنغاندا ئوغلىمىز تۆت ئايلىق قالغان. مەن قامىلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، مېنى ئالتايدىكى بىر ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانىغا ئاپىرىۋەتتى. تاكى 78 - يىلىغىچە شۇ يەردە تۇردۇم. بۇ جەرياندا ئائىلىگە يازغان خەتلىرىم ھەتتا تەشكىل ئارقىلىق سۈرۈشتۈرۈپ يازغان خەتلىرىمنىڭ ھەممىسى جاۋابسىز قېلىۋەردى. ئۇلارنىڭ نەدىلىكىنى بىلەلمەي مەنمۇ كۆپ بىئارام بولدۇم ...

— ھەي...، بۇرادەر! شۇنداق دەيسىز، — ئۇ ئالىمجاننىڭ گېپىنى بۆلۈۋەتتى، — ئۇ بىچارە بىر يەردە ئارامخۇدا تۇرالمىسا، قاراشەھەردىن كېلىپ بۇ يەردىمۇ ئاز كۈن ئوبدان تۇرالمىدى.

ھەم... خۇدايىم بىچارە ئاۋۇتقا دۇنيادا تەڭدىشى يوق بىر ھازازۇل خوتۇننى بۇيرۇپتىكەن، بۇنىڭ قايسىسىنى دەي! بۇ نىجىس ھە دېسىلا «ئېرى ئەكسىيەتچى، تۇرمىدىكەن، ئۆزىنىڭ قالپىقى بار ئىكەن، تەشكىلنى خىزمەتتىن قوغلاپتۇ. ئەمدىلىكتە بۇ يەرگە كېلىپ بىزنى باشقۇرماقچى، ئېرىنى ناھەق تۇتۇپ كەتتى، دەپ دائىم پارتىيىنى تىللايدۇ، ھۆكۈمەتنى قاغايدۇ» دەپ دادۇيگە چىقىپ، ئاخىرى ئۇنى ئۇنسۇرلار بىلەن بىللە ئەمگەككە چىقىرىدىغان قىلدى. ئۇ خوتۇن ئۆيدە قالغان نارسىدە بالىنىمۇ پاتقۇزماي، قورسىقىغا بىرنېمە بەرمەي ئاچ قويۇپ قىيناپتۇ، يىغلىسا ئۇرۇپتۇ. ھەي...، ئادەمدىن ئامەت قاچقاندا پالاكەتمۇ يېپىشىپ تۇرىدىكەن. ئۆيدىكىلەردىن ئاڭلىسام، بالىسىنىڭ ھالىغا چىدىماي ئاسىيەم يەڭگىسىگە بىرنېمە دېگەن ئوخشايدۇ. ئۇ خوتۇن ئاغزىنى بۇزۇپ «كۆزىنى يۇمغان پوقىنى يەپتۇ» دېگەندەك، ئاغزىغا كەلگەننى ۋالاقشىپ تىل سالىپتۇ. بۇ جېدەلنىڭ تۈپىدىكە ئاۋۇت كېلىپ قاپتۇ. ئۇ ئايالىغا سەل ئاچچىقلانغانىكەن، ئۇ ئىپلاس تېخىمۇ ئەشەددىيلىشىپ، ئاسىيەمنىڭ نومۇسىغا تېگىدىغان يامان سۆزلەرنى توقۇپ قارىلاپ پوق چايىنىغان ئوخشايدۇ، ئاۋۇتمۇ گەپنىڭ راستىيالغاننى سۈرۈشتۈرمەيلا بىچارىنى «چىمىق ئۆيدىن، چالاپ، كالاپ» دەپ تىل سالغان ئوخشايدۇ. ئۇنىڭسىزمۇ كېچە-كۈندۈز كۆزىدىن ياش قۇرىماي دەردتە پۇچىلىنىپ يۈرگەندە، بۇ ئاھانەت، بۇ ئەلەم تېخىمۇ ئېشىپ چۈشتى-دە، ئاشۇ كېچىدىلا بالىسىنى ئېلىپ ئۆيدىن چىقىپ كەتكەنىكەن. شۇندىن كېيىن مەھەللىگە كەلمىدى. كېيىن ئاۋۇت كۆپ ئىزدىدى. ئەمما تاپالمىدى.

ئالىمجان ئەھۋالنىڭ تېگىگە يەتتى بولغاي، ئۇ كىشىدىن سورىدى:

— ھازىر ئۇلارنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى ئاڭلىغان يېرىڭىزمۇ يوقمۇ؟

ئۇ كىشى ئالىمجاننىڭ كۆزىگە جۈرئەتسىزلىك بىلەن بىر قاراۋېتىپ، ئېغىر خورسىنىپ قويدى ۋە بىر دەقىقە تۇرۇۋېلىپ، ئاندىن ئۆزىدىن كۆز ئۈزمەي «قېنى، جاۋاپ بەرسەڭچۇ؟» دېگەندەك تىكىلىپ ئولتۇرغان سۆھبەتدىشىغا ئېچىنغان ئەلپازدا قاراپ تۇرۇپ ئەستە ئېغىز ئاچتى:

— كېيىن، مەھەللىدە «ئاسىيەگۈل دەردى-ئەلەمگە چىدىماي ئۆيدىن چىققان ئاشۇ كېچىدە بېرىپ قاش دەرياسىغا ئۆزىنى ئېتىۋاپتۇ» دېگەن شۇمخەۋەر تارالدى.

— ھە؟! — ئالىمجان خۇددى يىلان چاققاندەك سەسكىنىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ۋە ئىنتايىن ھودۇققان ھالدا:

— بالىچۇ؟ بالا نەدە قاپتۇ؟

— ھېلىقى كىشى ئالىمجاننىڭ ئەلپازىدىن ھەم چۆچىگەن ھەم ئېچىنغان قىياپەتتە بېشىنى چايقىدى.

— بالا ھەققىدە تا ھازىرغىچە ھېچقانداق گەپ-سۆز ئاڭلىمىدىم...

ئەينى ۋاقىتتا ئالىمجان بۇ گەپلەر بىلەن ئۆزىنى قويارغا يەر تاپالماي، بىر قانچە كۈن ئاغرىق كىشىدەك تالا-تۈزگە چىقماي، يېتىپ كەتكەنىدى. ئۇ تا ھازىرغىچە ئاشۇ جاننى قاقشاتـ

قوچ كۆتىرگەن شۇمخەۋەر، ئىسىگە چۈ-
شۈپ قالسا ۋۇجۇدى ئازاپ ئوتىدا
ئۆرتىنىپ كېتەتتى.

مانا! شۇنچە يىللار ئۆتۈپ، بۈگۈن-
كى كۈنگە كەلگەندە، ھېچ كۈتۈلمىگەن
يەردىن قاندا قتۇر يەنە بىر ئاسىيە
ئىسىملىك ئايالنىڭ چىقىپ قېلىشى،
بۇلارنىڭ تەقدىرىنىڭمۇ ئوخشاش بولۇ-
شى، بولۇپمۇ بۈگۈن كەچقۇرۇن باغ ئا-
رىلاپ يۈرگەندە تۇيۇقسىز دۇچ كېلە-
شىپ قالغان ھېلىقى ئايالنىڭ ئۇنى
كۆرۈپلا غەلىتە ئالاقزادىلىك ئىچىدە
ئۆزىنى چەتكە ئېلىشى ئالىمجاننى قات-
تىق گۇمانغا سېلىپ قويغانىدى. تېخى
ھېلىقى ھارۋىكەش بالىچۇ... ئادىلجان...
شۇئان ھارۋىكەشنىڭ پۈتۈن سىماسى
ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا پەيدا بولدى-دە،
ئارقىدىنلا ئاسىيەگۈلنىڭ ئەينى ۋاق-
تىدىكى چىراي-شەكلى، قەددى-قامى-
تى گەۋدىلەندى. بۇ ئىككى چىراي
ئارقا-ئارقىدىن ئالمىشىپ ئۇنىڭ كۆز
ئالدىدىن نەچچە رەت ئۆتتى. ئايال-
نىڭ پىنسىدىكىدە كۈلگەندە ھۆسنىگە
ھۆسن قوشىدىغان مەڭزىدىكى ئىككى
زىناق بالىنىڭ مەڭزىدە كۆرۈنگەندە،
ئالىمجاننىڭ گۇمانى تېخىمۇ كۈچەيدى-
دە، ئىختىيارسىزلا «ئۇ ھايات» دەۋەت-
تى ۋە شۇئان كۆككە قاراپ نالە قى-
لىشقا باشلىدى...

«ئاھ، خۇدا! مەن ئەمدى ھېس قى-
لىۋاتىمەن. كارامەتلىرىڭ ھەقىقەتەن
تاسادىپىي بولىدىكەن. ھايات ئېمىس-
دىگەن مۆرەككەپ! يۈرىكىم تويغانىكەن،
قەلب ئەينىكىمدە دائىم ئەكس ئېتىپ
تۇرىدىغان يېقىملىق چىراي، ئۇنىڭدىكى
ئۇچقۇنى چاقناپ تۇرىدىغان ئاشۇ ئوت-
لۇق كۆزلەر ھېلىقى كىچىك ھارۋىكەش-
نىڭ سىماسىدا نامايان بولغانىدەك
قىلىۋىدى... مەن يەنىلا بەخت ئى-
كەنمەن... ئېھ، ھايات! سەن زادىلا خىل-
مۇ خىل تاسادىپلاردىن خالى ئەمەس
ئىكەنسەن!...»

ئۇ ئەمدى ئۆزىگە ئىگە بولالماي
قالدى-دە، ئىختىيارسىز ھالدا قە-
دەم ئالدى...

× ×

ھىدايەت ئاكا بىلەن زىۋىدەم ئانا
قىزىنىڭ يولىغا قانچىلىك ئىنتىزار
بولغان بولسا، ئاسىيەنىڭ ئىنتىزار-
لىقىمۇ ئۇلاردىن قېلىشمىغانىدى. ئەپ-
سۇسكى، ئۇ بۇ ئەزىز مېھمانلار بىلەن
كۆرۈشۈشكە مۇيەسسەر بولالمىدى. چۈن-
كى، «مېھمان كەلدى» دېگەن خەۋەرنى
ئاڭلاپ ئۇتتەك قىزغىنلىق بىلەن زى-
ۋىدەم ئانىنىڭ ئارقىسىدىن تەڭلا مېھ-
ماننى قارشى ئېلىشقا ماڭغانىدى؛ بى-
راق، تال باراڭنىڭ ئاستىدىن چىقىپ
بىر-ئىككى قەدەم ئېلىشىغا ئۇشتۇمتۇت
«پىررىدە» بېشى قېيىپ، كۆز ئالدى
قاراڭغۇلىشىپ كەتتى، پۈتۈن ۋۇجۇدى
سىرقىراپ ئاغرىپ خۇددى بەزگىكى
تۇتقان كىشىدەك لاغىلداپ تىترەشكە
باشلىدى ۋە شۇ جايدىلا قاققان قوز-
ۇقتەك تۇرۇپلا قالدى. مېھمانلار بول-
سا پەشايۋانغا يېقىنلاپ كېلىۋاتاتتى.
ئۇ مىنۇت ئارىلىقىدا ئۆزىنى سەل بې-
سىۋېلىپ لىپ قىلىپلا باراڭنىڭ دال-
دىسىغا ئۆتۈپ كۆزدىن غايىب بولغا-
نىدى. خۇشاللىققا چۆمگەن بۇ ئائىلە
كىشىلىرىدىن ھېچكىم ئۇنىڭ بۇ ھالى-
تىگە دىققەت قىلمىدى. تاكى چوڭ-
كىچىك تۇغقانلار ھەممىسى داستىخانغا

جەم بولغاندىلا ئاندىن زۇۋدەم مو-
ماي ئۇنىڭ يوقلۇقىنى بايقاپ دېرە-
كىنى قىلدى. ھېچبىر سادا بولمىدى.
ئاخىرى ھومايى ئۆزى ئۇنىڭ ئىشىك
ئالدىغا بېرىپ چاقىردى. لېكىن ئۆيدە
ھېچكىم يوق ئىدى. ھەتتا ھويلىنىڭ
ئىچى جىمجىتلىقتا چۆكۈپ، ئەل ئايە-
غى بېسىلغىچىمۇ ئۇ يەردىلا كۆرۈنمەيتتى.
شۇ تاپتا ھەممىسى ئۇيقۇدا. بىرگىنە
چەتتىكى قوشنا ئۆيىنىڭ پەنجىرىدىن
سۇس چىراغ نۇرى چۈشۈپ تۇراتتى.
ئالىمجان بۇ ئۆيدىكىلەرنىڭ تېخى ئۇخ-
لىمىغانلىقىنى ھېس قىلدى-دە، ناھا-
يىتى ئېھتىيات بىلەن مېڭىپ شۇ ئۆي-
نىڭ ئالدىغا كەلدى. ئەمما ئۆينىڭ
ھويلا تەرەپتىكى پەنجىرى ئېگىزرەك
بولغاچقا، ئۆي ئىچىنى كۆرگىلى بول-
مايتتى. ئۇ يېنىك قەدەم بىلەن باغ
تەرەپتىكى ئارقا دېرىزىگە ئۆتتى. دې-
رىزىنىڭ ئىككى قانىتى كىنەك ئېچىۋې-
تىلگەن بولسىمۇ، پەردە ھەم تارتىق-
لىق ئىدى. ئۇ ناھايىتى ئېھتىيات
بىلەن ئاۋايلاپ تۇرۇپ پەردىنىڭ يان
تەرىپىنى بىلىندۈرمەي قايرىدى. ئۆي
ئىچى رەتلىك سەرەمجانلاشتۇرۇلغان بو-
لۇپ، ناھايىتى پاكىز ھەم جىمجىت
ئىدى. سۇپىدا بىرەيلەن ئۇخلاۋاتاتتى.
ئۇنىڭ باش تەرىپىدە بىر ئايال تام-
غا يۆلەنگەن ھالدا ئالدىدىكى كىچىك-
كىنە شىرە ئۈستىدىكى پىلىكى پەس
چۈشۈرۈلگەن لامپىنىڭ پىلىلداپ كۆ-
يۈۋاتقان خىرە نۇرىغا چىكىتتەك تى-
كىلگىنىچە يېنىنى دېرىزىگە قىلىپ،
تىزىغا قويۇۋالغان قولىغا ئېگى-
گىنى تىرەپ ئولتۇراتتى. ئۈستىدىكى
سۇس ھاۋارەڭ كۆينەك بىلەن بېشىغا
تاڭغان ئاقۇش نېپىز ياغلىقتا ياندىن
قارىماققا تولىمۇ ياداڭغۇ ۋە مىس-
كىن كۆرۈنۈپ كەتتى. بىر ھازادىن
كېيىن، ئۇ ئايال ھەسرەتلىك بىر ئۇھ
تارتىپ بېشىنى كۆتۈردى-دە، بىلى-
نەر-بىلىنمەس پۇشۇلداپ ئۇخلاۋاتقان
ئوغلىغا قارىدى.

«ئاھ، قايسى كۆزۈم بىلەن كۆرەي!
ئۇ ھايات ئىكەنغۇ! شۇنچە يىللار ئىز-
دەپ تاپالماي ئىنتىزار قىلغان، سى-
ياقى كۆز قىرىمدىن كەتمىگەن مېنىڭ
ئاسىيەمنىڭ دەل ئۆزىغۇ؟ ئەجەبا،
قايسى تەقدىر ئۇنى بۇ يەرلەرگە ئە-
كىلىپ تاشلىغاندۇ؟! ئەي، ياراتقان
ئىگەم! سېنىڭ بۇ كارامىتىڭدىن ئاي-
لىناي. ئەمدىلىكتە مېنى ئۇنىڭ بى-
لەن مۇشۇ يەردە، يەنە كېلىپ مۇشۇ
ئائىلىدە ئۇچراشتۇرغىنىڭنى قارا!»

ئالىمجاننىڭ يۈرىكى ھەسرەت ئوتى-
دا لاۋۇلداپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى لەرزىگە
كېلىشكە باشلىدى.

شۇ مىنۇتتا ئۆي ئىچىدىمۇ ئەلەمگە
تولغان بىريۈرەك نالە قىلماقتا ئىدى...

«... ئۇخلا قوزام، خاتىرجەم ئۇخلى-
غىن! ئەگەر سەن ھازىر دەرد-ئەلەم،
ئاچچىق ھەسرەتكە تولغان شورلۇق
ئاناڭنىڭ قانداق ئوتتا كۆيۈۋاتقان-
لىقىنى بىلسەڭ ئىدىڭ، سېنىڭمۇ سەبى
قەلبىڭ پۇچىلىنىپ، يۇمران جىسمىڭ
ئازابلىنار ئىدى. لېكىن، سېنى ئازاب-
لاشقا ئاناڭ قانداقمۇ چىدىسۇن. چۈن-
كى سەن بولمىغىنىڭدا بۇ دۇنياغا ئار-
تۇقچە تۇغۇلۇپ قالغان شور پېشانە
ئاناڭنىڭ قۇيرۇقىنى ئاللىقاچان قۇم
باسقان بولاتتى. جۇدالىق يىللاردا،
خار-زارلىقتا ئۆتكەن كۈنلىرىمدە پەقەت

سەنىلا ماڭا ئارزۇ-ئۈمىد بېغىشلىدىڭ، بىر ئۆمۈر ھاقارەت ۋە رىيازەتتە ئۆتكەن ھاياتىمنىڭ بىردىنبىر تەسەللىسى بولۇپ كەلدىڭ. بۈگۈن مەن سېنىڭ ئاتا مېھرىدىن مەھرۇم بولغان نازۇك دىلىڭنى، بىغۇبار ياش قەلبىڭنى ئازابلاشقا قانداقمۇ چىداي...»

دەل شۇ مىنۇتتا كىمدۇر بىرسىنىڭ سىرتتا دېرىزە تۈۋىدە ئۆزىنى ئاران-ئاران بېسىپ، ئېچىنىشلىق ئاھ ئۇرۇۋاتقانلىقى ئۇنىڭ خىيالىغىمۇ كىرىپ باقمايتتى. ئۇ خۇددى تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك ئوغلىغا بىر ھازا كۆز ئۈزمەي تىكىلىپ قارىدى. ئاندىن ئىرغىپ ئورنىدىن تۇردى-دە، ئۆيىنىڭ تۆرىدىكى بۇلۇڭغا قاراپ ماڭدى. ئۇ يەردە ئۈستىلەپ قويۇلغان ساندۇقلار تۇراتتى. ئۇ بىغەررەڭ سىرلانغان ياغاچ ساندۇق ئۈستىدىكى ئانچىلا كونىراپ كەتمىگەن قارا خۇرۇم چامادانىنى ئاچماقچى بولۇپ، يەنە قولىنى توختىتىۋالدى-دە، چامادانىنىڭ ئۈستىنى ئاۋايلاپ سىلاپ تۇرۇپ قالدى ... دېرىزە سىرتىدا بىرانە بولۇپ قاراپ تۇرغان ئالىمجان ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتىنى دەرھال چۈشەندى. بۇ چامادانىنى تويى ئۈچۈن ئىككىسى بىللە چىقىپ ئالغان ئەمەسمىدى ...

«بىچارە، تويىمىزنىڭ يادنامىسى قىلىپ ئاسراپ ساقلىغىنىڭ ئۈچۈن يېڭى تۇرۇپتۇ، لېكىن ئۆزۈڭچۇ؟ كۆپ ئۆزگىرىپ كېتىپسەن. ئەنە، ئەينى يىللاردىكى سەرۋىدەك خۇشپىچىم زىلۋا قامىتىڭ جەبرى-جاپادىن پۈكۈلۈپتۇ، ماۋۇقتەك، چىرايلىق قوللىرىڭ ئېغىر ئەمگەك ۋە يىللار بويى يۇغان ھېسابسىز كىر-قاتلار زەربىدىن كۆپۈشۈپ قوپاللىشىپتۇ. قۇندۇزدەك چاچلىرىڭغا ئوبدانلا ئاق سانجىپتۇ. مۇھەببەت چاقناپ تۇرىدىغان نۇرلۇق كۆزلىرىڭنى دەرد-ئەلەم، مۇڭ-ھەسرەت ئىگىلەپتۇ، قان تېپىپ تۇرغاندەك قىزىل يۈزلىرىڭ تاتىرىپ سولۇپتۇ...» ئالىمجان ئاشۇلارنى كۆڭلىدىن كەچۈرۈۋاتقاندا، ئۇ چامادانىنى ئېچىپ كىچىك بىر رامكىنى ئالدى-دە، ئوغلىنىڭ يېنىغا ئولتۇرۇپ لامپىنىڭ پىلىكىنى سەل كۆتۈرۈپ قويۇپ، قولىدىكى رامكىنى كۆز ئالدىغا تۇتۇپ ئۇزاق تىكىلدى. ئاندىن ئوغلىغا، يەنە رامكىغا قارىدى. بۇ رامكىدىكى پۈتۈن ئۆمرىنى ئاتىغان سۆيۈملۈك ئېرى ئالىم بىلەن توي گۇۋاھنامىسى ئېلىپ بولغاندىن كېيىن چۈشكەن خاتىرە رەسىم ئىدى. ئۇ رەسىمنى باغرىغا باستى ۋە بېشىنى ئارقىغا تاشلاپ كۆزىنى يۇمغىنىچە بىر مەھەل ئولتۇرۇپ قالدى. ئاندىن رەسىمنى ئەكىلىپ ئوغلىنىڭ يۈزىگە يېقىن تۇتۇپ تەڭلەشتۈردى.

«نېمىدېگەن ئوخشايسەن-ھە! لېۋىڭنىڭ نېپىزلىكىدىن تارتىپ چىرايلىق تۈگۈلگەن چۆچۈرىدەك قۇلاقلىرىڭغىچە ئوخشاپ تۇرغىنىڭنى قارا...» ئۇ مەيىن كۈلۈمسىرىدى. لېكىن كۆزلىرىدىن بۇلدۇقلاپ ياش قۇيۇلۇپ تۇراتتى. بىچارە، ئېچىنىشلىق سەرگۈزەشتىلەرنى ئەسلەپ، پارە-پارە بولغان قەلبىگە توساتتىن تەگكەن بۇ زەربىدىن ئازابلانماقتا ئىدى.

گۈزەل ياشلىق باھارى ۋاپا-ئەقىدىنىڭ قۇربانى بولۇپ توزىغان بۇ ئاجىز گەۋدىنىڭ سىلكىنىپ-سىلكىنىپ

كېتىۋاتقىنىنى كۆرۈپ چىدىمايۋاتقان ئالىمجان ئېتىلىپ ئۆيگە كىرىپ سەل-دەك ئېقىۋاتقان. ياشلىرىنى لەۋلىرى بىلەن سۈمۈرۈۋالغۇسى، ئەلەم يېشى يۇيۇپ ئۆتكەن ئىككى مەڭزىنى ئالقى-نىغا ئېلىپ تۇرۇپ جۇدالىق دەردىدە قۇرۇپ كەتكەن لەۋلىرىگە سۆيگۈسى كەلدى. بىراق، ئىككى پۇتى گويا يەر-نىڭ قەرىگە پېتىپ قالغاندەك مىدىرلىمايتتى. بۇنىڭغا نېمە ئامال؟...

ئاسىيە رەسىمنى ئۆزىگە يېقىن تۇ-تۇپ، خۇددى ئۇنىڭغا بىرنېمە دېمەك-چى بولغاندەك ئاغزىنى ئۆمەللەشكە باشلىدى... ئەپسۇسكى، گېلى بوغۇلۇپ ئۈنى چىقمايتتى. ئەمما يۈرىكى سۆز-لىمەكتە ئىدى...

«... سېنىڭ ھايات بارلىقىڭغا ھا-مان كۆڭلۈم گۇۋاھلىق بېرىپ تۇراتتى. خەيرىيەت ھايات ئىكەنسەن. لېكىن سېنى تېپىش، ھايات بار-يوقلۇقىڭنى بىلىش ئىستىكىدە كۆرگەن كۈنلىرىم، تارتقان جاپالىرىم، سېغىنىش ئوتىدا كۆيۈپ قىلغان نالە-پەريادلىرىم، كىر-پىك قاقماي ئۆتكۈزگەن سانسىز تۈن-لىرىم بەدىلىگە ئاتا قىلغىنىڭ مۇشۇ ئەجەللىك زەربە بولدىمۇ؟» ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ كۆزىنى يۇمدى-دە، «ئاھ، خۇدا! ئالدىڭدا قىلغان نېمە گۇناھىم باردۇ؟ تۇرمۇشنىڭ ھەممە ئازاب-ئوقۇبەتلىرىگە مېنى ياراتقانمىدىڭ؟ توگىمەس ھەسرەتكە تۆرەلدۈرگەنمىدىڭ؟ ئاتا-ئانامدىن ئايرىدىڭ، سۆيگەن ئېرىمدىن ئايرىدىڭ، ئانا ماكانىمدىن ئايرىدىڭ. يۇرتنى تاشلاپ مۇساپىرچى-لىقنىڭ دەردىنى تارتىشقا مەجبۇر قىل-دىڭ! ھەي، يۇرتۇمنىڭ ئىپتىخارى بولغان قاش دەرياسى، شۇ چاغدا ما-گىمۇ قوينىڭدىن ئورۇن بەرگەن بول-ساڭ بولماسمىدى...؟ ئەمدى بۇ ئەلەم-گە قانداق چىدايمەن...» ئۇ ئۆكسۈپ تۇرۇپ كۆزىنى چىراغقا يۆتكىدى. «ئاھ، سەن شۇنچە يىللار بۇ كىچىك-كىنە كولبەمنى يورۇتۇپ كەلدىڭ، لې-كىن دەردكە تولغان قەلبىمنى يورۇ-تالمىدىڭ. ئەمدى مەڭگۈ يورۇتالماي-دىغان بولدۇڭ. بۇ زادى نېمە ئۈچۈن؟ ياكى مۇشۇنداق تۈن بويى ئۆزۈڭگە تەلمۈرتۈپ تەپتىڭدە ئېرىپ تۈگىسۇن دەمسەن؟ قېنى، جاۋاب بەرگىنە، كۈت-كەن بارلىق ئۈمىدلىرىم بەرباد بول-دىمۇ؟...» ئۇ گويا چىراغدىن جاۋاب كۈتكەندەك بىر ھازا تىكىلىپ ئولتۇر-دى. ئاندىن ئېچىنىشلىق ئۆھ تارتىپ كۆڭلىكىنىڭ پېشى بىلەن كۆز يېشىنى سۈرتمۈۋېتىپ، تاتلىق ئۇخلاۋاتقان ئوغ-لىغا قاراپ، كېسەل ئازابىدىن ئىڭ-راۋاتقان بىماردەك ئىڭراپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— ئۇخلا بەختسىز ئوغلۇم. ئىگەم سې-نى ئاتىدىن ئېيتماپتۇ. تىلىڭ چىققان-دىن بېرى «دادام قاچان كېلىدۇ» دەپ ئىنتىزارلىقتا كۈتكەن داداڭمۇ كەل-دى. پەقەت بىزدىن بىرنەچچە قە-دەملا نېرىقى ئۆيدە راھەت ئۇيقۇدا ياتماقتا. پېشانەڭگە پۈتۈلگەن قىس-مەت شۇنداقمۇ بىلمىدىم، «دادا» دەپ بېرىپ ئۇنىڭ قۇچىقىغا ئۆزۈڭنى ئا-تالمىدىڭ. «كەلدىڭمۇ» دەپ مەن ئۇنىڭ كۆكرىكىگە باش قويالمىدىم. يا پەر-ۋەردىگار! بۇ نېمە كارامەت؟ ئۈچ يىل-دىن بېرى ئاتا-ئانام ئورنىدا ماڭا قانات يېيىپ كەلگەن بۇ كىشىلەر

ئەمدى كىم بولۇپ چىقتى؟ مانا ئەمدى بىردىنلا مەڭگو جۇدالىق دەردىدە روھى ئازابتا قۇرۇپ تۇگەشكە مۇپتىلا قىلغۇچى رەقىپلىرىمگە ئايلىنىپ قالدىغۇ؟! مىنى قانداق چىدىسۇن دېگەنسەن؟ بۇ دەرد-ئەلەملەرنى قانداق كۆتورەلەيمەن؟...

— شۇ ھالەتتە دىرىزە تۇۋىدىمۇ بىر يورەك ھەسرەت چەكمەكتە: «ئالدىگا نېمەمۇ دېيەلەيمەن، قايسى تىلىم سۆزلەشكە جورئەت قىلسۇن! مىنىڭ ئالدىرا قىلىنىقىم، سەۋرسىزلىكىم كۆڭولنىڭ بەگىباشلىقىغا يول قويغان. بۇنى مەن ھېچكىمدىن كۆرەلمەيمەن، پەقەت ئۆزۈمدىن... ۋاپادارلىقتا ھەقىقەتەن سەندىن كۆپ ئاجىز ئىكەنلىكىمنى ھېس قىلماقتىمەن، ئامالىم قانچە...» ئۇنىڭ يورىكى ئېچىشاتتى، قاتتىق ئۆكۈنۈشتىن ۋۇجۇدى سىلكىنىپ-سىلكىنىپ كېتىۋاتاتتى.

توساتتىن ئۇخلاۋاتقان ئادىل ئويغىنىپ كەتتى. ئۇ كۆزىنى لاپپىدە ئېچىپ ئانىسىنىڭ تېخىچە ئۇخلىماي ئاغرىق ئازابىغا چىدىيالماۋاتقان كىبەلدەك ئىڭراپ سۆزلىگەچ يامغۇردەك ياش تۆكۈپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى-دە، بېشىنى دەس كۆتۈرۈپ:

— ئانا، جېنىم ئانا، نېمە بولدىڭىز؟ كىم سىزگە ئازار بەردى؟ ئېيتىڭا؟ زادى نېمە ئىش بولدى؟—دەپ ئارقا-ئارقىدىن ئەنسىزلىك ئىچىدە سوئال ياغدۇرۇۋەتتى.

ئانىسى جاۋاب ئورنىغا ئۇنى تارتىپ باغرىغا باسقىنىچە بوقۇلداپ يىغلاپ تاشلىدى. بالا يۇلقۇنۇپ، ئانىسىنىڭ باغرىدىن بېشىنى تارتتى-دە، چىلىدىيەت بىلەن سورىدى:

— ئانا، گەپ قىلسىڭىزچۇ، زادى نېمە بولدى؟ يا گولسۇمنىڭ ئاچامدىن دادامنىڭ يامان خەۋىرىنى ئاڭلىدىڭىزمۇ؟

— ئانىسى بېشىنى چايقىدى. لېكىن كۆزدىن تاراملاپ ياش ئېقىپ تۇراتتى.

— ئانا، نېمە مۇنچە تەقەززا قىلىسىز، نېمىگە شۇنچە يىغلايسىز؟ سىزنىڭ مۇنداق يىغلىغىنىڭىزنى كۆرمىگەنىدىم. يا دادامنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئاڭلىدىڭىزمۇ؟

— ياق! ئۇ ھايات،— ئانىسى ئۇنىڭ بۇ سوئالىنى كەسكىن رەت قىلدى.

— ئۇ بارمىكەن؟ ھازىر نەدىكەن؟ كىمدىن ئاڭلىدىڭىز؟ كىم ئۇنى كۆرۈپتۇ؟—بالا يېلىنغان ھالدا قىستاپ تۇرۇۋالدى. ئانىسى ئۇنىڭ كۆزىگە ياشلىق كۆزى بىلەن تىكىلىپ تۇرۇپ زەردە بىلەن جاۋاب بەردى:

— مەن كۆردۈم، سەنمۇ كۆردۈڭ!

— ھە؟! نېمە دەۋاتىسىز؟ نەدە كۆردۇق؟ مەن ئىشەنمەيمەن. بىز كۆرگەن بولساق، ئۇمۇ بىزنى كۆرمەمدۇ، كۆرسە نېمىشقا ئۆيگە كەلمەيدۇ؟ داداڭ ھاياتلا بولسا، بىزنى بىر كۈنلىرى ئىزدەپ كېلىدۇ، دەيتىڭىزغۇ؟

بالىنىڭ ئارقا-ئارقىدىن سوراپ ئانىسىنى قىستاپ كېتىپ بارغانلىقىنى كۆرگەن ئالىمجان ئەمدى تاقەت قىلالمىدى.

— مانا، مەن كەلدىم، ئوغلۇم، مەن كەلدىم...

ئۇشتۇمتۇت ئاڭلانغان بۇ ئاجايىپ ئاۋازدىن ئانا-بالا ئىككىسى خۇددى توك سوقۇۋەتكەندەك قاتتىق چۆچۈپ كەتتى-دە، تەڭلا بۇرۇلۇپ بوسۇغا

تۈۋىدە ھاياجاندىن لاغىلداپ تىترەپ تۇرغان قوللىرىنى سوزغان پېتى تەلمۈرۈپ تۇرغان كىشىنى كۆرۈپ، ھەيرانلىق ئىلكىدە گويا نەپەستىن توختىغان ئادەمدەك تىمتاس بولۇشتى.

بۇ چاغدا تۆتىنچى بىر كىشىمۇ ئىشىك تۈۋىدە پەيدا بولۇپ، نە كۆزلىرىگە، نە قۇلاقلىرىغا ئىشىنەلمەي ھاڭ-تاڭ ھالەتتە تۇراتتى. بۇ گۈلسۇم ئىدى.

ئۇ، ئويغىنىپ يېنىغا ئۆرۈلگەندە، دېرىزىدىن چۈشۈپ تۇرغان غۇۋا ئاي يورۇقىدا ئېرى ياتقان ئورۇننىڭ بوش تۇرغانلىقىنى بايقاپ قالدى. ئارىدىن خېلى ۋاقىت ئۆتتى، كىرمىدى. ئۆزىنىڭمۇ سىرتقا چىققۇسى كېلىپ، ھويلىغا چىقتى. خالاجايغا كىردى، ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىردەم تۇرۇپ ئەتراپنى كۆزەتتى، ھېچكىم كۆرۈنمىدى. بىردىنلا ھاياجان چۇلغاپ تەنلىرى شۈركىنىشكە باشلىدى-دە، ئۆيگە كىرىپ كەتمەكچى بولدى. ئۇ ئۆي تەرەپكە ئەمدىلا بۇرۇلۇشىغا چەتتىكى قوشنىسىنىڭ پەنجىرىدىن چۈشۈپ تۇرغان چىراغ نۇرىغا كۆزى چۈشۈپ قالدى-دە، نېمە ئۈچۈندۇر بىر نەرسە كۆڭلىگە چۈشكەندەك بولۇپ جايىدا تۇرۇپلا قالدى. شۇ ئەسنادا ئۆينىڭ ئارقا تەرىپىدىن ئوقتەك ئېتىلىپ كەلگەن پېتى ئىشىكنى ئىتتىرىپلا ئۆيگە كىرىپ كېتىۋاتقان بىرەيلەننىڭ سىياقى خۇددى ئېرىگە ئوخشاپ كەتتى-دە، تۇيۇقسىزدىن قورقۇنچلۇق ھاياجان ئىلكىدە نېمە قىلارىنى بىلمەي گاڭگىراپ قالدى. ئارقىدىنلا ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ چەبدەسلىك بىلەن ئاشۇ ئۆينىڭ ئىشىكىگە كەلدى. ئىشىك

ئېچىلغان پېتى قايتا يېپىلمىغانىدى. ۋاھ ئىشىنىڭ چوڭى ئەمدى چىقتى...

ئالىمجان تېخىچىلا قولىنى سوزۇپ تۇرە تۇرغان ھالدا سۆزلەۋاتاتتى:

— ئوغلۇم، ئاخىرى سىلەرنى تاپتىم. ھايات بار ئىكەنسىلەر... بۇ ئويغۇمۇ-چۈشۈممۇ؟ شۇنچە يىللار سىلەرنى ئىز-دەپ تاپالماي ساراڭ بولايلا دەپ قالغانىدىم. لېكىن بۇ يەرلەردە ئۇچ-رىتارمەن دەپ زادىلا ئويلاپ باقماپ-تىكەنمەن. ئاسىيە، ئامان-ئېسەن بار ئىكەنسىز... — ئالىمجاننىڭ ئاۋازى تىترەپ چىقاتتى.

ئاسىيە ئورنىدىن سوزۇلۇپ قوپۇ-ۋېتىپ دېدى:

— بىز ھايات، ئۆلمىدۇق، ئۇ بىلان تۇرۇۋاتىمىز، — ئۇ سەل تۇرۇۋالدى، — سىز... سىز مۇنداق كېچىدە... ياق ھازىر بەك كەچ بولۇپ كەتتى، چىقىپ كېتىڭ، ئايالىڭىز...

ئالىمجان ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى:

— سىز خاتىرجەم بولۇڭ، گۈلسۇم ياخشى ئايال، ئۇ چۈشىنىدۇ، ئۇ بىزنىڭ ئەھۋالىمىزنى بىلىدۇ، بولۇپمۇ سىزنىڭ بىر ئۆمۈر تارتقان جاپالىرىڭىزنىڭ قەدرىگە يېتىدۇ. مەن ئۈچۈن جاپا چەككەنسىز، مېنى كەچۈرۈڭ، مەن سىزنىڭ ئەقىدىڭىزنى قەدىرلەيمەن، مەن ئەھۋالنى ئۇنىڭغا ئېيتىمەن...

— ياق، ياق! — ئاسىيە كەسكىن رەت قىلدى، — ئۇلار بۇ ئىشنى قەتئىي ئۇقمىسۇن. بۇ دەرد-ئەلەم، بۇ ئازاپ-قىلۇق مەن بىلەنلا كەتسۇن... — دېدى-دە، قولىدىكى ئېتىلىپ چىقىش ئالدىدا تۇرغان يېشىنى كۆرسەتمەسلىك ئۈچۈن شارتتىدە يۈزىنى ئۆرۈپ

يېتىمغا قاردۋالدى.

كۇلسۇم بولسا، ئۆي ئىچىدىكى مەن-
زىرىنى كۆرۈپلا دەرغەزەپكە كېلىپ،
ئۆيگە باستۇرۇپ كىرىپ پوپاك كۆتۈر-
مەكچى بولۇپ تۇراتتى، دەل شۇ پەيتتە
ئالىمجاننىڭ ئۆزى ھەققىدە يۇقىرى
باھا بېرىپ سۆزلىگىنى ۋە ئاسىيەنىڭ
جاۋابى ئۇنى شاپىدە توختىتىپ
قويدى. بالا بىردە ئانىسىغا، بىردە
بىچارىلەرچە تەلمۈرۈپ تۇرغان دادى-
سىغا ئېچىنغان قىياپەتتە قاراپ تۇراتتى،
ئەمما خېلىغىچە ھېچكىمدىن زۇۋان
چىقمىدى.

— ئادىلجان، ئوغلۇم، مېنى كەچۈر-
گىن. ئالدىڭدا ئاتىلىق بۇرچۇمنى
ئادا قىلالمىدىم. سىلەرنى ناھايىتى
كۆپ ئىزدىگەن بولسامۇ، بۇ يەرلەرگە
كېلىپ قېلىشىڭلارنى ئويلىمىغانىدىم...
ئۇنىڭ دېگەنلىرى ھەقىقەتەن راست
ئىدى. ئاسىيەنىڭ ئەلىنىڭ بىر يېزى-
سىدىن بىرا قىلا خوتەننىڭ بۇ چەت
ناھىيىسىگە كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قېلى-
شىنى ئۇ تەسەۋۋۇر قىلىپ باقمىغانىدى.
ئۇنىڭ يىققان - تۇگكەنلىرىنى ئايىماي
سەرپ قىلىپ شەھەرمۇ شەھەر ئوغ-
لىنى يېتىلەپ يۈرۈپ ئېرىنى ئىزدىشىنى،
قاراشەھەر، شايار، تارىم، قەشقەر قازا-
قىلچىن قاتارلىق جايلاردىكى ئەمگەك
لاگېرلىرىغا بېرىپ سۈرۈشتۈرۈشىنى ئۇ
نەدىن بىلسۇن! قولىدا بىرنانىغا چۇشلۇق
نەرسىسى قالمىغاندا، كىشىلەردىن خوتەن-
نىڭ مۇشۇ ناھىيىسىدە بىر ئەمگەك بىلەن
ئۆزگەرتىش مەيدانىنىڭ بارلىقىنى
ئاڭلاپ، ھەر قانداق ئېغىر شارائىتتىمۇ
يوقاتمىغان ئېرىنىڭ بىردىنبىر يادىكارى
بولغان «رومېر» ماركىلىق قول سائىتىنى
سېتىپ بۇ يەرگە كەلگەنىدى. بۇ يەر-
دىمۇ تېپىلمىدى. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى،
ئۇنىڭدا قايتىپ كېتەلىگۈدەك ئىقتىسادى-
نىڭ يوق بولۇشى، ئۇنىڭ ئۇستىگە
ئۇنىڭغا بۇ ئاي، بۇ كۈنلەردە ھېچكىم
بىلمەيدىغان مۇشۇنداق چەت يەرلەردىلا
خاتىرجەم ياشىيالايدىغانلىقىغا كۆزى
يەتكەنلىكتىن بۇ يەردە تۇرۇپ قېلىشقا
توغرا كەلگەنىدى. دېگەندەك بۇ يەرگە
كېلىپ ئاز ۋاقىت ئىچىدە قالغان بول-
سىمۇ، ئاسانلا كۆنۈپ قالدى. ئۇنى بۇ
يەردە بىر ئوقۇتقۇچى ئايال ھىمايىسىگە
ئالغانىدى. ئۇ بىر مەزگىل مۇشۇ
ئايالنىڭ ئۆي ئىشى ۋە بالا باققۇچىسى
ئورنىدا خىزمىتىنى قىلدى. ئۇ ئايالمۇ
ئۇنىڭغا ياخشى مۇئامىلە ۋە يۆلەكتە
بولغانىدى. پەقەت 3 - ئومۇمىي يىغىن-
دىن كېيىن بىلىم ۋە ئىختىساس
ئىگىلىرىنىڭ قەددى . كۆتۈرۈلگەندىلا،
جاندىن ئېزىز كۆرۈپ ساقلاپ كەلگەن
ئالىي مەكتەپ پۈتتۈرگەن دىپلومىنى
كۆتۈرۈپ يۈرۈپ مۇناسىۋەتلىك ئورۇن-
لارغا ھال - ئەھۋال ئېيتىپ، نەتىجىدە
باشلانغۇچ مەكتەپكە ۋاقىتلىق ئوقۇت-
قۇچى بولۇپ تەيىنلەندى. ئىككى يىل-
دىن كېيىن، ھەممە سىناقلاردىن ئۆتۈپ
ھازىرقى ئىشلەۋاتقان مەكتەپكە يەنى،
شەھەر سىرتىدىكى يېزىلىق ئوتتۇرا
مەكتەپكە رەسمىي ئوقۇتقۇچى بولۇپ
كەلگەنىدى. بۇ ئەھۋاللارنى ئالىمجان
قانداقمۇ تەسەۋۋۇر قىلسۇن - دەيسىز!

ئالىمجان تېخىچە ئۆيىنىڭ ئوتتۇرى-
سىدا ئوغلىغا قاراپ قولىنى سوزغان
ھالدا سۆزلىمەكتە. گۇلسۇم بولسا
غەزەپكە تولغان ۋۇجۇدى خۇددى شىۋىر-
غان سوققان يوپۇرماقتەك تىترەۋاتقان

ئاياغلىرىنى يۆتكەشكىمۇ مادارى قالمىغان ھالەتتە قاراپ تۇراتتى. دېمىسىمۇ قانۇنلۇق ئېرى بولغان بۇ ئادەمنىڭ ئۇ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ماكاندا يەنە تېخى ئاتا-ئانىسىنىڭ ئالدىدا ھېچ تەپ تارتماستىن، مۇشۇنداق تۈن كېچىدە بۇنداق قىلىقنى قىلىشى كىشىنىڭ غەزىپىنى قوزغىمايدۇ؟! بۇ ئۇچىغا چىققان ھاياسىزلىق، ئىككى يۈزلىمىلىك ئەمەسمۇ؟...

«ھۇ، شەرمەندە!» گۈلسۇم ئۆيگە باستۇرۇپ كىرىپ، ھەر ئىككىسىنىڭ رەسۋاسىنى چىقىرىپ، دادىسى بىلەن ئانىسىنى باشلاپ چىقىپ، بۇ ماختىغان قوشنىسىنى ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا قوغلاتقۇزۇۋەتمەكچى بولدى. بىراق ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە «گۈلسۇم ياخشى ئايال، ئۇمۇ سىزنىڭ ئەتىدىكىزنىڭ قەدرىگە يېتىدۇ، ئەھۋالنى ئۇمۇ توغرا چۈشىنىدۇ» دېگەن سۆز جاراڭلىدى ۋە يەنە «ياق ھەرگىز ئۇنداق قىلماڭ، بۇ ئىشنى ئۇلار پەقەت ئۇقمىسۇن، مەن بىلەنلا كەتسۇن، تېز چىقىپ كېتىڭ...» دېگەن سۆزنىڭ ئەكس ساداسى ئاڭلاندى-دە، بىر پەس ئارسالدىلىقتا گاڭگىراپ تۇرۇپ قالدى. ئاندىن ئۆزىگە بويسۇنمايۋاتقان ئاياغلىرىنى كۈچىنىپ تۇرۇپ يۆتكىدى-دە، شارتتىدە بۇرۇلۇپ باغ قاراڭغۇلۇقىغا قاراپ يۈگۈرگەن پېتى كۆزدىن غايىب بولدى.

بۇ چاغدا ئاي ئولتۇرۇپ، ئاسمان كۈلرەڭ تۇس ئالغان، تاغ تەرەپتىن تاڭ شامىلى غۇرۇلداپ چىقىۋاتقان ئىدى. گۈلسۇم باغىنىڭ ئەڭ ئايىغىدىكى بىر تۈپ قېرى ئۆرۈك تۈۋىگە كەلدى-دە، ئۇنىڭغا يۆلەنگىنىچە بېشىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ بىچارىلەرچە ئاسمانغا تىكىلدى. كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش ئاقماقتا ئىدى.

«ئاھ، خۇدا! ئەمدى تۈگەشتىم... ھەجەپمۇ بەختسىز يارالغان ئىكەنمەن، ئىككى بالامنى ئاتىسىز قالدۇرۇپ، ئۆزۈم تاللاپ سۆيگەن ئېرىمنى ئېلىپ كەتتىڭ. نەچچە يىل غەم-قايغۇدا تۇللۇقنىڭ دەردىنى تارتقۇزدۇڭ، ئەمدىلا كۆڭلۈم تولغۇدەك ئەرگە، بالىلىرىم ئۈچۈن ياخشى ئاتىغا ئېرىشتۈرۈۋىدىڭ، ئەمدى بۇنىڭدىنمۇ ئايرىۋەتەرسەنمۇ؟... ياق! مەن بۇنىڭغا يول قويالمايمەن، شۇنداق قىلىشقا مەن تامامەن ھەقلىق. ئۇ مېنىڭ قانۇنلۇق ئېرىم. مەن ئۇنى ياقتۇرۇپ قالغانىدىم، مۇھەببەتكە سېخىلىق قىلىش ئەخمەقنىڭ ئىشى. مەن ئۇنداق ئەخمەقلاردىن ئەمەس، ئۆزۈمنى ھەرگىز ئازابلىمايمەن...» ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسىدا كەسكىن كۈرەش بولماقتا، بىر-بىرىگە زىت ئويلار ئۇنى قاتتىق ھاياجانغا سالماقتا ئىدى. «...بىراق، ئۇ، بۇلارنى كۆردى، ئەمدى ئۇنىڭدىن بولۇپمۇ ئوغلىدىن مېھرىنى ئۈزەلمەيدۇ. ئۇنىڭ كۆڭلىدە ماڭا ئورۇن قالمايدۇ، ئۇ تېخى يېقىندا ماڭا گەپ قىلىۋېتىپ، مېنىڭ ئىسمىمنى «ئاسىيە» دەپ ئالماشتۇرۇپ قويغان ئەمەسمىدى؟ ياق، بۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئەمدى ئارتۇقچە ئادەم بولۇپ قالالمايمەن، مۇھەببىتىمنى ئۇنىڭغا زورلاپ تاڭمايمەن. مەن تېخى ياش، ئۆز غۇرۇرۇم بىلەن ياشىشىم كېرەك! ئۇنداق مۇھەببەتتىن نېمە

(داۋامى 48-بەتتە)



# ئۇستام نەدە سىز...

(ھېكايە)

ئەبەيدۇللا رېقىپ



مەن كىچىكىمدىنلا شوپۇر بولۇشنى ئارزۇ قىلاتتىم. بالا چاغلىرىمدا بىررەر دۆڭگىلەك تۆمۈر ياكى كىچىك قازاننىڭ تاشلىنىۋېتىلگەن تۇۋاقلىرى قولۇمغا چۈشۈپ قالسا، دەرھال بۇ نەرسىلەر مېنىڭ قولۇمدا ئاپتوموبىلنىڭ رولى بولۇپ قالاتتى-دە، ئاغزىمدا «دۇت-دۇت» دەپ توۋلاپ خىيالىمدىكى ئاپتوموبىلنى «گۈرۈلدىتىپ» ھەيدەپ يىراق-يىراقلارغا يۈگۈرۈپ كېتەتتىم. كونا تام تۈۋىدە بىر نەچچە پارچە كېسەك ئۇچراتسام ئۇ كېسەكلەر دەرھال ئاپتوموبىل كابىنكىسىغا ئايلىنىپ، ئىككى پارچىسى سىدىلىنىڭ، بىر پارچىسى ماي باسقۇچ، بىر پارچىسى پۇت تورمۇزغا ئايلىناتتى-دە، تامغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ ئاغزىمدا «گۈر-گۈر» قىلىپ، ئاپتوموبىلىمنى ھەيدەپ بېيجىڭ، شاڭخەيلەرگە، ھەتتا ئوكيانلاردىن ھالقىپ ئۆتۈپ، ئامېرىكا قىتئەلىرى، ئافرىقىلارغا «كېتىپ» قالاتتىم. مېنىڭ بۇ خىيالىمدىكى «ئاپتوموبىللىرىم» ئايروپىلاندىنمۇ تېز «ماڭاتتى». ئەلۋەتتە بۇلار كىچىك بالىنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكى

خىياللار بولسىمۇ، ئۆزۈم چوڭ بولغانچە ئارزۇ-ئارمانلىرىم بىر-بىرلەپ ئەمەلگە ئاشقىلى تۇردى.

قوشنىمىز سىڭلىم ئاكام پېشقەدەم شوپۇر. ئاق كۆڭۈل، سەممىي مېھرىبان ئادەم ئىدى. ھەر قاچان يولدىن قايتىپ كەلگەندە، چاڭ باسقان ئاپتوموبىلىنى سۈرتۈپ تازىلاشقا كىرىشەتتى. بۇنداق چاغلاردا مەن سىڭلىم ئاكىمنىڭ يېنىدا پەيدا بولاتتىم-دە، سۇ توشۇپ، ئاپتوموبىل سۈرتۈشكە ياردەملىشەتتىم. ئاپتوموبىل سۈرتكەچ بەزىدە دوستلىرىمنىڭ كۆزلىرىنى قىزارتىپ، ئېغىزولغا چىقىپ ئۇيان-بۇيان بۇراپ، سىگنالىمۇ بېرىپ قوياتتىم. كېيىنچە سىڭلىم ئاكا ئاپتوموبىل زاپچاسلىرىنى، ئاپتوموبىلنىڭ مۇھىم قىسىملىرىنى ماڭا كۆرسىتىپ، ئىسىملىرىنى ئېيتىپ بېرىدىغان بولدى. ئۇلارنى يادلىۋېلىپ، كىچىك دوستلىرىم ئالدىدا سۆزلەپ ھەيران قالدۇراتتىم. دوستلىرىممۇ مېنى ئاپتوموبىل شوپۇرىدەك ھېس قىلىپ، ماڭا بەكمۇ ھەۋەس بىلەن قارايدىغان بولدى.

كۈنلەر ئۆتۈۋەردى، مەنمۇ ئاخىرى ئوتتۇرا مەكتەپنى تۈگىتىپ، شوپۇرلارنى يېتىشتۈرۈش مەكتىپىگە ئوقۇشقا كىردىم. ئۈچ يىللىق ئۆگىنىش ئاپتوموبىلنىڭ تۈزۈلۈشى، مۇھىم زاپچاسلارنىڭ بىر-بىرى بىلەن مۇناسىۋىتى، ئاپتوموبىلنىڭ توك يوللىرى، ماي يولىنىڭ تۈزۈلۈشى، ئاپتوموبىل ماتور قۇرۇلمىسى ۋە ماتور رېمونتى، ئاپتوموبىل ھەيدەش تېخنىكىسى، قاتناش قائىدىسى قاتارلىق دەرسلەر بىلەن ئاياغلاشتى.

دەسلەپكى پراكتىكا ئارقىلىق لاياقەتلىك ئوقۇش پۈتتۈرۈش دىپلومى ئېلىپ مەكتەپنى تۈگەتتىم. تەلىيىمگە شەھەرلىك ئاشلىق توشۇش-يۆتكەش شىركىتىنىڭ ئاپتوموبىل كالونىغا تەقسىم قىلىندىم. شۇ كۈنكى خۇشاللىقىمنى ئېيتىپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. نېمىدېگەن ئامەت. ئامەتنىڭ چوڭى شۇكى—مەن جانىجان شەھىرىمىزنىڭ ئۆزىدە قالدىم. شۇنچە كۆپ ئەلاچى ساۋاقداشلىرىم ئاتا-ئانىلىرى ئارقىلىق چوڭ-كىچىك باشلىقلارنى ئىزدەپ سوۋغا-سالاملار بىلەن يۇقىرى-تۆۋەن قاتراپ، خۇشامەت قىلغان بولسىمۇ، كۆڭۈلدىكىدەك ئورۇنغا ئىگە بولالمىدى. مەن تۇل خوتۇننىڭ بالىسى بولسامۇ شەھەردە قالدىم. بۇ ئامەت ئەمەسمۇ.

كېيىن ئۇقسام مېنىڭ فامىلەم ئىدارە باشلىقىنىڭ فامىلىسى بىلەن ئوخشاش بولغانلىقتىن، بەزى خۇشامەتچى ئەپەندىلەردە خاتا چۈشەنچە پەيدا بولۇپ قالغانلىقتىن ماڭا بۇ ئامەت ئوڭ كەپتىكەن.

باشلىقنىڭ ئىسمى قادىر ساۋۇت ئىدى. مېنىڭ ئىسمىم بولسا سادىر ساۋۇت ئىدى. خىزمەتكە تەقسىم قىلىنىش ئالدىدا توشقۇزۇلغان ئانكېتىلارنى يىغىۋېلىشقا مەسئۇل بولغان خادىم مېنىڭ ئىسمىم بىلەن ئىدارە باشلىقىنىڭ ئىسمىنىڭ ئوخشاپراق كېتىدىغانلىقىغا ئۆزىچە دىققەت قىلىپ قاپتۇ، مېنى باشلىقنىڭ ئىنىسى دەپ چۈشىنىپ قالدىمىكىن، ھېچقاچان ماڭا نەزەر سالمايدىغان بۇ ئەپەندى بۈگۈن باشقىچىلا ئوچۇق چىراي بىلەن ماڭا قاراپ كۈلدى.

— سەن قادىر ساۋۇت بىلەن تۇغقانمۇ؟

مەن گەپنى سوزۇشنى ياقتۇرماي ئانچە دىققەت قىلمايلا جاۋاب بەردىم.

— ھەئە.

— ئۇكىسىمۇ؟

— شۇنداق.

ئۇ كادىر بىردىنلا ھودۇقۇپ قالدى. راستىنى ئېيتقاندا مېنىڭ ئۆز ئاكامنىڭ ئىسمىمۇ قادىر ئىدى. باشلىقنىڭ ئىسىم فامىلىسى بىلەن ئاكامنىڭ ئىسىم فامىلىسى ئوخشاش بولۇپ قېلىشى بىر تاسادىپ ئەھۋال ئىدى.

— مۇنداق دېگىن، قادىر ساۋۇتنىڭ ئۇكىسىمەن دەپ بۇرۇنراق ئېيتساڭ بولمامدۇ؟

— دېمىسەممۇ، قادىر ساۋۇتنىڭ ئۇكىسىمەن. ئاكامنى تونۇيدىغانلىقىڭىزنى بىلمەپتىمەن.

— بىزنىڭ بۇ شەھەردە ئاكاڭنى تونۇمايدىغان كىم بار؟ ھەممە ئادەم بىلىدۇ...

بۇ سۆزگە ھەيران قالدىم. ئاكام بىر ئاددىي ئىشچى، ئەمگەك نەمۇنىچىسىمۇ ئەمەس. شۇنداق بىر ئاددىي ئادەمنى پۈتۈن شەھەر بىلىشى ناتايىن. بەلكى بۇ ئادەم ۋە ئۇنىڭ دوستلىرى ئاكامنى تونۇسا كېرەك. شۇڭا شۇنداق دېگەندۇر، دەپ ئويلاپ تۇرۇشۇمغا:

— ئاكاڭ بەك بەلەن ئادەم جۇمۇ، قاتناش ئىدارىسى بويىچە رەھبەرلەر ئىچىدە ئۇنداق ئادەم ئاز تېپىلىدۇ... دېمەسمۇ، ئاندىن ئېسىمنى يىغىۋالدىم. ئىشنىڭ تېگىگە يەتتىم. بۇ ئادەم فامىلىمىزدىكى ئوخشاشلىقنى كۆرۈپ خاتا چۈشەنچىگە كېلىپ قالغانىكەن. «مەيـ

لى نېمە بولسا بولسۇن» دېدىم ئىچىمدە، بولغۇلۇق بولدى. باشقا كەلگەننى كۆرەي. مەنمۇ باشلىقنىڭ ئىنىسى بولۇپ قېلىۋېرەي. ساڭا سوۋغات قىلىدىغان نەدىكى پۇل. ساڭا شۇ «باشلىقنىڭ ئىنىسى» دېگەن خاتا چۈشەنچەڭنى سوۋغا قىلاي. شۇ «باشلىقنىڭ ئىنىسى» دېگەن تېرەك سايىسىدىن بىر پايدىلىنىپ قالاي دەپ ئويلىدىم...

— ھەئە، ئاكام كۆپ كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلغان، — دېدىم.

ئۇ كىشى ماڭا تىكىلىپ قارىۋالغاندىن كېيىن مۇنداق دېدى:

— قادىر جوجاڭزە ھەجەپ كەمتەر ئادەم. مۇشۇ مەكتەپتە ئوقۇغان پالانى مېنىڭ ئۇكام ئىدى، دەپ قويسىلا ھەممە ئىشنى توغرىلاتتۇق. بىرەر ئېغىز گەپمۇ قىلمىغىنىنى، بەلكى تەسىرى يامان بولار دەپ ئويلىغاندۇر. باشلىق شۇنداق چوڭقۇر ئويلايدۇ-دە، خاتىرجەم بول ئۇكا، بۇ ئىشنى بىز ئەپلەيمىز.

بۇ تەخسكەش مۇشۇنداق ئىشلارنى ئەپلەشتۈرۈشكە ئۇستا بولسا كېرەك، «باشلىق ئاكامنىڭ» كۆڭلىنى ئېلىپ، بىر خۇش قىلىۋەتكۈسى، شۇ ئارقىلىق ئۆزىنى بىر كۆرسىتىپ قويىدىغان پۇرسەت كەلگەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلغان بولسا كېرەك. ئەتىسىلا مېنىڭ نەگە بارىدىغانلىقىمنى باشقىلاردىن يوشۇرۇنچە ئېيتىپ بەردى.

X X

مەن شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىسى ساقلاش-توشۇش شىركىتى ئاپتوموبىل كالونىغا كېلىپلا سەل كونىرىغان «شەرق شامىلى» ئاپتوموبىلىنى قولغا ئالدىم، نېمىلا بولمىسۇن ئۆزۈمدىن بۇيانقى

ئارزۇ-ئارمانلىرىم بۈگۈن ئىشقا ئاشتى. مانا. مەن شوپۇر بولدۇم، هازىرلا تۇنجى قېتىم سەپەرگە ماڭىمەن. شوپۇر بولۇش نېمىدېگەن شەرەپ. پۈتۈن شەهەر ئاهالىسى مەن توشۇغان ئاشلىقنى ئىستېمال قىلىدۇ. ئۇلار هەر قېتىم لەغمەن سوزۇپ تەخسىلەرگە ئېلىپ، ئىشتىها بىلەن يېگەنلىرىدە مۇشۇ ئاپئاق ئۇنلارنى يەتكۈزۈپ بەرگەن شوپۇرغا چىن كۆڭلىدىن رەهمەت ئېيتماي قويمايدۇ. نېمىشقا دېسەڭلار ئادەمگە ئۇزۇق كېرەك، «قۇرۇق تاغار ئۆرە تۇرمايدۇ» كىشىلەر ئاچ-زېرىن تۇرمۇش كەچۈرمەيدۇ. ئۇلار تاماق يېيىشى كېرەك. ياخشى ئوزۇقلانسا خىزمەتتىمۇ خاتىرجەم بولىدۇ-دە، پروفېسسورمۇ، دوختۇرمۇ، ئارتىسمۇ، سودىيەمۇ، ئىشچىمۇ هەممىسىلا تاماق يېيىشى كېرەك. دېمەك، مەن ئۇلارنى تاماق بىلەن تەمىنلەشتە مۇهىم رول ئوينايمەن. ئۇلار ماڭا رەهمەت ئېيتماي تالامدۇ؟ ئاپتوموبىلنى هەيدەپ ئۇزۇن يولغا چىقسام بىرەر مويسىپىت ياكى بىرەر ياشانغان ئانا ياكى كېسەلمەن بىرەرسىنى كابىنكىغا سېلىۋالسام ئۇلار مەندىن تېخىمۇ مىننەتدار بولۇپ كېتىدۇ. سېلىم ئاكام دائىم شۇنداق قىلاتتىغۇ. مەنمۇ شۇنداق قىلىمەن... شېرىن خىياللار بىلەن رولنى تۇتۇپ ئولتۇرۇپ كېتىپتىمەن. شۇ ئەسنادا ئاپتوموبىل كالوننىڭ باشلىقى مىجىت ئاكا يېنىمغا كېلىپ:

— هەي سادىر، باشقا شوپۇرلار يولغا چىقتى، تېخىچىلا مىدىرلىماپسىزغۇ، — دېدى.

— مانا هازىر.

مەن ئاپتوموبىلنى ئوت ئالدۇردۇم-دە، يولغا چىقتىم. نىشان—ماناس ناهىيىسىنىڭ ئالاۋسۇن يېزىسى ئىدى.

تۇنجى قېتىم ئۇزۇن يولغا چىقىشىم ئىدى، مېنى هەم خۇشاللىق، هەم ئەندىشە باسقانىدى. خۇشاللىقىم هەممىگە ئايان، مەن بىر ئاپتوموبىلنىڭ شوپۇرى... ئەندىشەم شۇكى، يېزا يوللىرى بەك ناچار بولىدۇ، ناۋادا ئاپتوموبىل بىرەر ئېرىققا ياكى لاتقىغا پېتىپ قالسا ياكى تاسادىپ بىرەر چاتاق چىقسا يالغۇزچىلىق تارتىپ قېلىشتىن قورقاتتىم. تۇنجى قېتىم بىرەر هەمراھ بولغان بولسا ياخشى بولاتتى-دە!

ئۈرۈمچى-ئىلى تاشيولىدا كېتىۋاتىمەن، ماتور توختىماي هەرىكەتلىنەتتى، كۆزۈم يولنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى هەربىر ئۆزگىرىشكە قاتتىق تىكىلگەن. پۈتۈن دىققەت نەزىرىم بىر نۇقتىغا، يەنى، يول يۈزىدىكىلا مەركەزلەشكەنىدى. ئىككى سائەتتىن كېيىن ماناس ناهىيە بازىرىغا يېتىپ كەلدىم. ئالاۋسۇنغا بارىدىغان يولنى سوراۋالدىم-دە، ئازراق دەم ئېلىپ يەنە يولغا چىقتىم. ئالاۋسۇن يېزىسىنىڭ ئادەملىرى بەك چىقىشقاق ئادەملەركەن. ئاشلىق ئىسكىلاتىدا تەييارلاپ قويغان بوغدايلارنى بىردەمدىلا قاچىلاپ بولدۇق. يېزا باشلىقى مېنى ئۆيىگە تاماققا تەكلىپ قىلدى. تاماقتىن كېيىن يولغا چىقىشقا تەييارلىنىپ تۇرغىنىمدا ياش بىر يىگىت ئۇمىدۋارلىق بىلەن يېنىمغا كەلدى.

— ئۇكام، ئايالىم ئېغىرئاياغ بولۇپ قالغان، تولغاق تۇتۇۋاتىدۇ، ماناسقا ئاپىرىپ قويسىڭىز؟

— بولمىدۇ، — دېدىمەن، شەرتىم شۇكى، كابىنكا ئىچىدە تاماكا چەكمەيسىز.

ئۇلار ئەر-خوتۇن ئاپتوموبىل كابىنكىسىغا چىقىپ ئورۇنلاشتى. ياز كۈنلىرى ئۈچ كىشىگە كابىنكا قىستاڭچىلىق بولسىمۇ، ئېغىر ئاياغ ئايالغا ھېسداشلىق يۈزىسىدىن قىستىلىپ ئولتۇردۇق. ئايال ھايالسىز ۋايۋايلاپ باراتتى، يۈزلىرىدىن تەر تامچىلاپ تۇراتتى، تولغىناتتى. ئۇنىڭغا قاراپ مەنمۇ ئاپتوموبىلنى ئامالىنىڭ بېرىچە سىلىق ھەيدەشكە تىرىشتىم. ئېسى-يادىم ھامىلدار ئايالنى تېزراق دوختۇرغا ئاپىرىش ئىدى. ئۇلار بىلەن تونۇشۇۋالغۇم كېلىپ، يىگىتنىڭ ئىسمىنى سورىغۇم كەلدى. بىراق ئۇ يىگىت ئايالىنىڭ ھالىغا ئېچىنىپ، دەردىگە دەرمان بولۇش ئۈچۈن ھەدەپ ئۇنىڭ يۈزىدىكى تەرلىرىنى سۈرتۈپ، بوتۇلكىغا ئېلىۋالغان سۇنى ئايالىنىڭ ئاغزىغا تەگلەپ ئىچكۈزۈپ كېلىۋاتاتتى. بۇ ھالدا ئۇنى پاراڭغا تۇتۇش ئەدەپسىزلىك بولاتتى. شۇنداقلا پاراڭمۇ يىگە باسمايدۇ. بولدىلا، كېيىن پەيتى كەلگەندە تونۇشۇۋالارمەن، دەپ گەپ سورىمىدىم. تۇساتتىن «پاك» قىلغان ئاۋاز ئاڭلاندى. ئاپتوموبىلنى بىر قۇدرەتلىك كۈچ ئارقىغا تارتقاندەك بىر تەرەپكە قىڭغىيىشقا باشلىدى.

— ئاپلا، چاق ئېتىلىپتۇ، — دېدىمەن، دەرھال ئاپتوموبىلنى توختاتتىم. دېگەندەك ئارقا سول چاقتىن بىرسى يېلى يوق ماكچىيىپ تۇرامدۇ. «ئالدىرىغان قالار» دېگەن شۇدە، ما پېشكەللىكنى، باشقا ۋاقىتتا ئالتە چاقنىڭ ھەممىسى ئېتىلىپ كەتسىمۇ كېرەك يوقتى. بۈگۈن تۈنجى قېتىم يولغا چىقىپ، تۈنجى قېتىم ھامىلدار بۇ ئايالنى دوختۇرغا ئېلىپ بېرىشقا سېلىۋالسام، چاقنىڭ ئېتىلىپ كەتكىنىنى.

ئايال ئىڭرايتتى، تولغىناتتى، ئۇنىڭ چىرايى بارغانسېرى تاتىرىپ كېتىۋاتاتتى. يىگىت ھودۇققان كۆزلىرى بىلەن ماڭا ئۈمىدلىك تىكىلەتتى. مەن ئۇلارنى ئۆز ھالىغا قويۇپ چاقنى چىقىرىپ ئوڭشاشقا باشلىدىم. يىگىت ئايالىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ، يېنىمغا كېلىپ ماڭا ياردەملەشتى. بىردەمدىلا چاقنى ئوڭلاپ جايىغا سالدىم، ئىسقىرتقىنىمچە كابىنكىغا چىقىپ ئاپتوموبىلنى ئوت ئالدۇرسام ھەرقانچە قىلسامۇ ئوت ئالمىدى. توك يولىدىن چاتاق چىققان ئوخشايدۇ دەپ ترامبىلورنى ئېچىپ كاتوشكىنى تەكشۈردۈم، توپچىلىرىنى قۇم قەغەز بىلەن سۈرتۈپ تازىلاپ، باشقىدىن قوراشتۇرۇپ ئوت ئالدۇرسام يەنە بولمىدى. كاتوشكا كۆيۈپ كېتىپتۇ ئەمەسمۇ!

ئەمدى كاتوشكىنى يېڭىغا ئالماشتۇرمىسا بولمايدىغانلىقىغا كۆزۈم يەتتى. ۋاي خۇدا، بۇ يولدا بىرەر ئاپتوموبىل زاپچاسلىرى دۇكىنى بولسىغۇ كاشكى، قانداق قىلارمەن. مېنىڭ غېمىمگە ھامىلدار ئايالنىڭ ئىڭراشلىرى قوشۇلۇپ، پۈتى كۆيگەن توخۇدەك تېپىرلاپ كەتتىم. سائەت چۈشتىن كېيىنكى بەشنى كۆرسىتىپ تۇراتتى. يەنە بىر سائەتتىن كېيىن دوختۇرلار ئىشتىن چۈشىدۇ. ئۇغۇ مەيلى، دېجۇرنى دوختۇر باردۇ، بىراق ھامىلدار ئايال يولدا يەڭگىپ قالسا، قانداق

بولامدۇ؟ تۇغۇتى ئوڭۇشلۇق بولسىغۇ مەيلى، ناۋادا قىيىن تۇغۇت بولۇپ جىددى ئەھۋال يۈز بېرىپ قالسا قانداق قىلغۇلۇق، شۇلارنى ئويلاپ يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇۋېلىپ ئۆتۈۋاتقان ئاپتوموبىللارنى توسۇپ توختىتىش نىيىتىگە كەلدىم.

بىر نەچچە شوپۇر ماڭا قاراپمۇ قويماي ئۆتۈپ كەتتى. مىڭ لەنەت سىلەرگە. مەنمۇ شوپۇرغۇ، بىر-بىرىگە ياردەم بېرىش بىزنىڭ كەسپىي ئەخلاقىمىز ئەمەسمۇ، دېدىم ئىچىمدە. ئاخىرى يول ئوتتۇرىسىدا ئولتۇرۇۋالدىم. ئون نەچچە مىنۇتتىن كېيىن بىر ئاپتوموبىل سىگنال بېرىپ كەلدى. مېنى كۆرگەن شوپۇر ئاپتوموبىلنى ئاستىلىتىپ يېنىمغا كېلىپ توختىدى. چېچىغا سەل ئاق كىرگەن 45 ياشلار چامىسىدىكى خەنزۇ شوپۇر بېشىنى كابىنكا دېرىزىسىدىن چىقىرىپ ماڭا تىكىلدى.

— يولدا نېمە ئىش قىلىپ ئولتۇرىسەن؟

— ماڭا ياردەم قىلسىڭىز ...

— قانداق ياردەم قىلىمەن؟

— ئاپتوموبىل بۇزۇلدى، كابىنكىدا بىر ھامىلدار ئايال بار، شۇنى ماناسقا قەدەر ئېلىۋالسىڭىز.

شوپۇر كابىنكىدىن چۈشۈپ مېنىڭ ئاپتوموبىلىم يېنىغا كېلىپ سورىدى.

— نەدىن چاتاق چىقتى؟

— كاتۇشكا ئىشلىمىدى.

ئۇ ئازراق ھەپىلىشىپ بېقىپ كاتۇشكىنى يۆتكىمىسە بولمىغۇدەك دېدى ۋە ھامىلدار ئايالنى ئۆزى ئېلىپ كېتىدىغانلىقىنى ئېيتتى. مەن ئۇلارنى يولغا سېلىپ قويدۇم. ئۆزۈم يەنىلا بىرەر ئۈمىد بىلەن كاتۇشكىنى تۈزەشتۈرۈشكە كىرىشتىم. نەچچە تازىلاپ، نەچچە ئوت ئالدۇردۇم، يەنىلا بولمىدى. ئاپتوموبىلنى تاشلاپ كېتىپ قالاي دېسەم ئۈستىدە لىق ئاشلىق بار. ساقلاي دېسەم قورسىقىم ئېچىپ تارتىشىپ كەتكەنىدى، كەچ كىرىپ كەتتى، نېمە قىلىشىمنى بىلمەي تۇرۇشۇمدا ماناس تەرەپتىن ئاپتوموبىل چىرىغى كۆرۈندى. ئۇنىڭدىن ھېچ بولمىسا بىرەر پارچە نان سورىۋالسام ھەجەپ ئەمەس دەپ ساقلاپ تۇردۇم. ئاپتوموبىل يانداپ كېلىپ توختاپ، ئۇنىڭدىن بىر ئادەم چۈشتى. ئۈمىدلىك تەلمۈرۈپ مەنمۇ ھېلىقى ئاپتوموبىل يېنىغا باردىم. قارىسام ھېلىقى ھامىلدار ئايالنى ئېلىپ كەتكەن خەنزۇ شوپۇر ئىكەن.

— قانداق، قورسىقىڭ تازا ئاچقاندۇ، مە، مۇنۇ توخۇ گۆشىنى يەۋال. ماناس بازىرىدىن كاتۇشكا تاپالماي، بىر تونۇش شوپۇردىن سوراپ ئالدىم. سەن قورسىقىڭنى تويغۇزۇۋالغۇچە مەن كاتۇشكىنى ئورنىتىپ بېرەي، — دەپلا ئىشقا كىرىشتى.

ناتونۇش بىر خەنزۇ شوپۇر ماڭا شۇنچە ياردەم قىلدى — ھە؟ دەپ ئويلىدىم. گېلىمغا بىر نەرسە تىقىلىپ قالغاندەك، يۈرىكىم ئېچىشقاندەك بولۇپ كۆزلىرىمگە ياش كەلدى. ئاكاممۇ ماڭا شۇنداق مېھرىبان ئەمەس. قىيىنچىلىقتا قالسام ئۆزى قول سېلىپ ياردەم قىلاتتى... خۇددى ئاكامدەكلا — ھە؟ مەن سۆز بىلەن ئۆز مىننەتدارلىقىمنى ئىزھار قىلىشقا ئاجىزلىق قىلدىم.

يېنىمدىكى پۇلنى ئۇزاتتىم، ئۇ ئالـ
مىدى. پەقەت كابىنىدىن چىقىپ ئوت
ئالدۇرۇپ باق، دېدى. مەن ئوت ئالـ
دۇردۇم، ماتور گۇرۇلدەپ ئىشلەپ كەتـ
تى. ئاپتوموبىلدىن سەكرەپ چۈشۈپ
ئۇنىڭ مايلىشىپ كەتكەن قوللىرىنى
چىڭ سىقىپ قايتا ـ قايتا رەھمەت
ئېيتتىم.

ــ رەھمەت ئېيتقۇچىلىكى يوق، بىر ـ
بىرىمىزگە ياردەم بېرىش بىزنىڭ كەسـ
پىي ئەخلاقىمىز، سېنىڭ ئورنۇڭدا مەن
بولۇپ قالسام سەنمۇ شۇنداق قىلاتـ
تىڭ، ــ دېدى.

ــ ئۇستام ئىسمىڭىز نېمە؟

ــ ئۇنى سوراپ نېمە قىلىسەن، مەنـ
مۇ ساڭا ئوخشاش شوپۇر. قېنى يولغا
چىقايلى.

شۇنداق قىلىپ يولغا چىقتۇق. مەن
ئالدىدا، ئۇ كەينىمدىن ئەگىشىپ
كېلەتتى.

ھە راستلا، ھېلىقى ئۇستام يېزىپ
بەرگەن ئادرېس بويىچە كېيىنرەك

كاتوشكىنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بەر ـ
دىم. ئۇ كىشىدىن ھېلىقى ئۇستامنىڭ
ئىسمىنى سورىسام:

ــ مەنمۇ بىلمەيمەن، بىر قېتىم ماشىـ
نام بۇزۇلۇپ قالغاندا سۆرۈتۈپ ئەكىلىپ
قويغان. شۇ چاغدا فامىلەم لى دېگەنـ
دى. شۇندىن بېرى مەنمۇ لى ئۇستام دەپلا
چاقىرىمەن. ئۆزى كەمتەر، ئاق كۆڭۈل
ئادەم. نەچچە يىلدىن بۇيان لى ئۇسـ
تام بىلەن ئاغىنىدارچىلىق قىلىپ
كېلىپ، ئەمدى ئىسمىنى نېمە دېيەشكە
خىجىل بولۇپ سورىيالمىدىم، شۇڭا
ھازىرغىچە پەقەت لى ئۇستام دەپلا كېـ
لىۋاتىمەن، ــ دېدى.

نەچچە يىللار ئۆتتى، مەن ھازىر كو ـ
نا شوپۇرلاردىن بولۇپ قالدىم. ھەر
قېتىم يولغا چىققاندا ئۆتكەن ـ كەچكەن
شوپۇرلارغا تىكىلىپ قارايمەن. تېخىچە
ئۇ ئاق كۆڭۈل كىشىنى قايتا ئۇچرـ
تالمىدىم.

لى ئۇستام! نەدە سىز . . .

(بېشى 41 ـ بەتتە)

لەززەت ئالغىلى بولسۇن، ئۇنىڭ ئۇسـ
تىگە بىر ئۆمۈر دەرد تارتقان، سەر ـ
گەردانلىقتا يۈرۈپ ياشلىقىنى خاراپ
قىلغان بۇ ئايالنىڭ بەختىنى، تۇغۇ ـ
لۇپ ئاتىسىنى كۆرمەي، ئاتا مېھرىنى
بىلمەي ئۆسكەن ئاشۇ گۆدەكنىڭ رىسـ
قىنى قامالىۋېلىشقا ھەقلىق ئەمەسمەن.
بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى بەلكىم تەقـ
دىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىدۇر...»

تاڭ سۈزۈلمەكتە ئىدى. ئاسماندىكى
ئاخىرقى يۇلتۇزلارمۇ كۆلۈمسىرەپ

قاراپ خۇددى خوشلاشقاندەك كۆز
قىسىشىپ غايىب بولماقتا ئىدى.
ئەتراپتىكى دەل ـ دەرەخلەرنىڭ يوپۇر ـ
ماقلىرى ئىزغىرىن سەھەر شامىلىدا
خۇددى ئۇنىڭ قەلبىدە ئويغانغان بۇ
ئالىيجاناب ئىنسانىي پىكىرنى قوللاپ
چاۋاك چېلىۋاتقاندەك شىلدىرلىشىپ
ئوينا قلاشماقتا ئىدى. گۈلسۇم چوڭقۇر
بىر تىنىۋېلىپ ئۆزىنى سەل يېنىكلەشـ
كەندەك ھېس قىلدى،

# بەختىم كۆمۈلگەن قەبرە

(ھېكايە)

ئەزىزى



ئەزىزى (ئەزىزى ئېلى) 1962 - يىلى خوتەندە تۇغۇلغان. 1985 - يىلى شىنجاڭ داشۆنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەن. ھازىر «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلى رېداكسىيەسىدە ئىشلەيدۇ. ھەر قايسى مەتبۇئاتلاردا 150 پارچىدىن ئېشىق شېئىرلىرى، ئەسلىمە، تەنقىدىي ماقالىلىرى ئېلان قىلىنغان.

ئۇ ھازىر جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ۋە جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

مەن ئۇچۇن قويۇق تۇمان بىلەن ئورالغان بۇ دۇنيانىڭ نە كېچە، نە كۈندۈز ئىكەنلىكىنى پەرق ئېتىش تولىمۇ قىيىن. ئەمما ئىنچىكىلەپ قارىغاندا ئەنە شۇ تۇمان بىلەن ئورالغان بوشلۇقنىڭ قانداقتۇر چوڭقۇر بىر قاتلاملىرىدا ئىلغا قىلىش قىيىن بولغان سۇس بىر خىل يورۇقلۇقنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلىمەن. گەرچە ئادەم بارلىقىنى بىلگىلى بولمىسىمۇ، خۇددى ئادەملەرنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدىغان بىر خىل قىرتاق تىنىقنى ھىدلىغىلى بولىدۇ. مانا مەن ھېس قىلىۋاتىمەن، ھىدلاۋاتىمەن.. ئەسلىدە كۆز ئالدىمدىكى بۇ دۇنيا، چۆچەكلەردە سۆزلىنىدىغان شانۇ - شەۋكەتلىك خان - پادىشاھلارنىڭ تىناسىملىق باغلىرىدەك گۈزەل، كۆزنىڭ يېغىنى يەيدىغان دەرىجىدە جەزبىلىك بولۇشى كېرەك ئىدى. ئەمما مېنىڭ ھازىر كۆرۈپ تۇرۇۋاتقىنىم بىر - بىرىگە زادىلا ماس كەلمەيدىغان يوسۇندا ئىرماش - چىرماش سوزۇلۇپ ياتقان، غۇۋا ھالەتتىكى تۈرلۈك - تۈمەن رەڭلەردىن ئىبارەت. مانا بۇ مېنىڭ كۆز ئالدىمدىكى دۇنيا، كىشىلەر ئېغىزدىن - ئېغىزغا تەگمەي ماختاشقان، گۈزەللىكتە تەڭدىشى يوق دۇنيا.

دىلنى ئەزگۈدەك مۇڭلۇق ئاھاڭدا قىلىنغان قىرائەت مېنى، گويا چۈشىدە ئاتىسىغا ئالايغان نائەھلىدەك چۆچۈتىۋەتتى. ئەسلىدە ئۆزۈمنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىمنىمۇ ئۇنتۇپ كەتكەن ئىكەنمەن. خېلى بىر ھازادىن كېيىن ئېسىمنى يىغىپ ئەتراپقا قۇلاق سالدىم. بىر ئاڭلاشقا ئانىسىدىن يېڭىمەھەل ئايرىلىپ قالغان يېتىمنىڭ يىغىسىنى، بىر ئاڭلاشقا ئىخلاس بىلەن ئېيتىلغان مۇناجاتنى ئەسكە سالىدىغان بۇ ئەلەملىك

ئاۋاز ماڭا ئانچە يىراق بولمىغان يەر-
دىن ئاڭلىنىۋاتاتتى. قىرائەت قانداق-
تۇر بىر سىرلىق مۆجىزىگە ئوخشاش
مېنى ئىختىيارسىز ھالدا ئۆزىگە مەپ-
تۇن قىلىۋالدى. ئويغاق تۇرۇپ چۈش
كۆرگەن ئادەمگە ئوخشاش بىھوش قىلىپ
تەۋرىنىشكە، مۇڭ ۋە ھەسرەت قوينىدا
پاخال كەبى لەيلىنىشكە باشلىدى. شۇ
چاغدا مەن قىرائەتنى گويا مېنىڭ
يۈرىكىمدىن چىقىۋاتقاندەك ھېس
قىلىشقا باشلىدىم. ئىز مېنىڭ پىنھان
سۆزلىرىمنى ئۆزىنىڭ سېھىرلىك ئاھاڭ-
لىرىغا قوشۇپ يىراق - يىراقلارغا
ئېلىپ كېتىۋاتقاندەك، ئۇنى ئون
سەككىز مىڭ ئالەمدىكى بارلىق ئادەم-
لەرگە جاكارلىماقچى بولغاندەك قىلاتتى.
ئەمما بۇ سېھىرلىك ئاھاڭنى توسۇۋې-
لىشقا مېنىڭ ئەسلا قۇربىم يەتمەيتتى.
بۇ ئاھاڭ شۇ تاپتا مېنى ھەتتا چۆمۈ-
لىگىمۇ كۈچۈم يەتمىگۈدەك دەرىجىدە
ئاجىز بىر ئادەمگە ئايلاندۇرۇپ قويۇ-
ۋاتاتتى. مەن ئۆزۈمنى قار - مۇز
ئېرىگەنگە ئوخشاش قانداقتۇر بىر
ھارارەتنىڭ تەپتىدىن ئېرىپ كېتىۋات-
قاندەك، باش - ئاخىرى يوق توختام
سۇغا ئوخشاش ئاستىمدىكى قارا تۇپ-
راققا سىڭىپ تۈگەپ كېتىۋاتقاندەك
سېزىۋاتاتتىم. مەن بىر ئامال قىلىپ
بۇ قورقۇنچلۇق ئاقىۋەتتىن قۇتۇلۇشقا،
بىردەملىك بولسىمۇ ياشاشقا
ئىنتىلەتتىم. مەن ھەرقانچە قىلىپمۇ
ئۇنىڭدىن قول ئۈزەلمەيتتىم ...

بىر ئازدىن كېيىن قىرائەت تۈگەپ
ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ يىغلىغان يىغا
ئاۋازى ئاڭلاندى. مەن ھەرقانچە
قىلىپمۇ ئۆزۈمنى يىغىدىن تۇتۇۋالال-
مىدىم. دىلىمنىڭ سۇنۇق مۇڭ شۇنداق كۈن-
لەردە بۆشۈكتىكى بوۋاقنىڭ يىغىسىنى
ئاڭلىساڭمۇ كۆڭلۈڭ يېرىم بولۇپ يىغا
تۇتىدىكەن. بار ئاۋازىڭ بىلەن يىغ-
لىۋالغۇڭ، يىغا ئارقىلىق چىڭقىلىپ
كەتكەن كۆكسى - قارنىڭنى بوشىتىۋالغۇڭ
كېلىدىكەن. ئاھ، يىغا بىلەن توشۇپ
كەتكەن نادامەتلىك دۇنيا! كىملەردۇر
ئۆز بەختىدىن مەست بولۇپ يىغلايدۇ.
كىملەردۇر بەخت ئىزلەپ يىغلايدۇ، يەنە
كىملەردۇر قولىدىن كەتكۈزۈپ قويغان
بەختى ئۈچۈن پۇشايمان قىلىپ يىغلايدۇ.
خەيرىيەت، يىغىنىڭمۇ بىر بەخت ئىكەن-
لىكىنى ئەمدى چۈشەندىم. كالىغا ئوخ-
شاش پۇشۇلداشتىن ئۆزگىنى بىلمەيدىغان-
لار نېمىدېگەن بەختسىز - ھە؟

مانا مەن يىغلاۋاتىمەن. يىغا ئار-
قىلىق دىل يارامغا شىپالىق ئىزدەۋا-
تىمەن. چۈنكى مەن ئۆز بەختىمنى كۆز
ئالدىمدىكى مۇشۇ قەبرىگە، تولىمۇ ئاددىي
بىر دۆۋە توپىنىڭ ئاستىغا ئۆز قولۇم
بىلەن كۆمۈپ قويغانىمەن...

ئۇنىڭ، ئاخۇنۇمنىڭ «قوبۇل
قىلدىڭىزمۇ؟» دېگەن سوئالىغا ئانچە
تارتىنمايلا، گويا ئاخۇنۇمنىڭ ئاڭلىماي
قېلىشىدىن ئەنسىرىگەندەك قوپال
ئاۋازدا بەرگەن «قىلدىم» دېگەن جاۋابى
مېنى ھەيران قالدۇردى. «توۋا، دادى-
سىدەك ئادەملەرنىڭ ئالدىدىمۇ ھېچ-
قانچە قورۇنماي (قىلدىم) دەپ ۋارقىرى-
غىنىنى؟ تۇنجى قېتىمدىلا قىلدىم
دېگىنىغۇ بىر نۆرە، ھېچ بولمىغاندا
پەسرەك جاۋاب بەرسىمۇ بولاتتىغۇ.
ئۆزىگە سەت - دە، كىشىلەر (ئەرگە تەگ-
كۈسى كېلىپ ئاران تۇرۇۋېتىدىكەن) دەپ
سۆز - چۆچەك قىلىشمامدۇ؟ مەن چېغىمدا

ئۇيالغىنىمدىن ئارانلا جاۋاب بەردىم. ھەي، قارىغاندا ئەركەك زەدەك بىرسىگە ئۇچرىغان ئوخشايمەن.»

مەن شۇلارنى ئويلاپ بىرئاز دىلغۇل بولدۇم. بىرەر ئىشنى غەلەت قىلىپ قويغاندەك ئۆز-ئۆزۈمدىن ئوڭايسىزلاندىم. شۇنداقتىمۇ مەن يەنىلا ئۆزۈمنى ئاۋۇتۇشقا تىرىشتىم. «سالاۋات. بەلكىم تەگرى ئۇنىڭ مىجەزىنى شۇنداق ياراتقاندۇر. نېمىلا بولمىسۇن ئۇ مېنى ياراتتى. ماڭا تېگىشنى ئۆز رازىلىقى بىلەن خالىدى. ماڭا ئەڭ ئەۋزەللى مانا مۇشۇ. باشقا قىزلارغا ئوخشاش مېنى كۆرۈپلا ياتسىرىۋالسا نېمە قىلغىلى بولاتتى. ئۇنىڭ (قىلدىم) دېگەن چاغدىكى ئاۋازىنىڭ قوپال چىقىشىمۇ بەلكىم ماڭا تېگىشنى چىن ئىخلاسى بىلەن خالىغانلىقى ئۈچۈندۇر. (تەگرى پاچاقنى دوناي توقماق) دېگەندەك تەگرى مېنىڭ پېشانەمگە شۇنى پۈتكەندۇر. توغرا مەن خۇشال بولۇشۇم كېرەك. بالاغەتكە يەتكەن قانداق بىر ئەركەك ئۆزىنىڭ توي كۈنىنى قانچىلىك تەقەززا ۋە ھاياجان بىلەن كۈتمەيدۇ دەيسىز؟ بۇ مەن ئۈچۈنمۇ شۇنداق بولۇشى كېرەك. چۈنكى نۇرغۇن قىزلار بىر كۆرۈش بىلەنلا دىمىقىمنى قىرىپ، توي قىلىش دېگۈل گەپ قىلىشتىنمۇ ئۆزىنى قاچۇرغان مەندەك بىر يىگىتنى ئۇ ياراتتى. ياراتتىلا ئەمەس، نۇرغۇن ئادەمنىڭ گۇۋاھچىلىقىدا ماڭا تەگكەنلىكىنى جاكارلىدى...»

تويدىن كېيىنكى كۈنلىرىمىز كۆڭۈللۈك ئۆتتى. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن مەن ئۇنى ياقتۇرۇپ قالدىم. ئۇ مەن باشتا پەرەز قىلغاندەك قوپال، ئۇياتنى بىلمەيدىغان قىز بولماستىن، بەلكى تولىمۇ ساددا، تۈز، ئاسماندىكى ئەنقادەك ئەركىن چوڭ بولغان قىز ئىكەن. ئۇ ماڭا نۇرغۇن قىممەتلىك نەرسىلەرنى؛ ئۈمىد بىلەن ياشاشنى، تۇرمۇشنىڭ ئەۋزەللىكىنى، ھاياتنىڭ قەدرىنى بىلىشنى... ئۆگەتتى. مەن پەقەت شۇنىڭ ياردىمى بىلەنلا ئۇزۇن يىللىق تۈنەكتىن بوشىتىلغان قارىچۇغىغا ئوخشاش يېنىك نەپەس ئېلىش ئىمكانىيىتىگە مۇيەسسەر بولدۇم. مەن ئۆمرۈمدە تۇنجى قېتىم يورۇقلۇقنى، يورۇقلۇقنىڭ تىلسىملىق مەنبەسى بولغان مۇقەددەس قۇياشنى كۆرگەندەك بولدۇم. ئاھ! يەر يۈزىنى ئۆزىنىڭ خاسىيەتلىك نۇرزىيالىرى بىلەن مۇنەۋۋەر قىلغۇچى قۇياش! سەن ماڭا نۇر ئاتا قىلدىڭ، جان ئاتا قىلدىڭ، بەندەڭنى زۇلمەت ئىسكەنجىسىدىن ئازاد قىلىپ، نۇسرەت يولىغا باشلىدىڭ. زىلەيخانىڭ مىسكىن قەلبىنى ھەزرىتى يۈسۈپنىڭ ئىشقى بىلەن نۇرلاندۇرغاندەك، ۋۇجۇت مۇنبىرىمنى مېھىر شامىڭنىڭ ئاپتىپىدىن بەھرىمەن قىلدىڭ. سائادەتلىك تۈگۈلۈكۈمنى زاۋال ۋەھىمىسىنىڭ سايىسىدىن مەڭگۈ خالى قىلغايسەن!

بىر كۈلكىنىڭ ئۈن يىغىسى بار دېگەندەك بىزنىڭ بۇ بەختلىك تۇرمۇشىمىزغا تەگرىنىڭ قورسىقى تارلىق قىلدىمۇ نېمە، ئۇزاق ئۆتمەي يۈرىكىمدە باشقىچە بىر ئازاب ئوتى پەيدا بولۇشقا باشلىدى. بۇ ئوت خۇددى ئەژدىھاغا ئوخشاش مېنىڭ بارلىق خۇشاللىقلىرىمنى بىراقلا كۆيدۈرۈپ كۈلگە ئايلاندۇرۇۋەتتى. ئەمدىلا بىخ يېرىپ ۋايىغا يېتەي دەپ قالغان تەلەي چېچەكلىرىمنى، بىمەھەل چۈشكەن قاغىش تەككۈر ئۈششۈك كەبى

يوقىقا چىقاردى.

بىز ھەمىشەملا بىرگە بولالمايتتۇق. بۇنداق قىلىشقا شارائىتىمىز يار بەرمەيتتى. قورساق تويغۇزۇش، كىيىم كىيىش، قىسقىسى كۈن كۆچۈرۈش ئۈچۈن ئىشلەشكە، ئېتىزغا چىقىپ ئەمگەك قىلىشقا توغرا كېلەتتى. مەن بولسام ئېتىزغا چىقىپ ئەمگەك قىلىش تۇگۇل ھويلا ئاراملىك ئىشلىرىغىمۇ ياردەملىشەلمايتتىم. مېنىڭ قولۇمدىن كېلىدىغىنى ئېتىپ بەرگىنىنى يەپ، تىكىپ بەرگىنىنى كىيىپ كۈن ئۆتكۈزۈشلا ئىدى. شۇڭا ئېتىز-ئېرىق ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىلا ئۇنىڭغىلا قاراشلىق ئىدى. ئۇ ھەر كۈنى ئەتىگەندە بىر نانىنى ئېلىپ ئېتىزغا چىقىپ كەتسە، كەچ كىرگەندىلا ئاندىن قايتىپ كېلەتتى. ئۇ ئېتىزغا چىقىپ كېتىشى بىلەنلا كاللامغا «مۇشۇ تاپتا ئۇ نېمە قىلىۋاتقاندۇ، قايسى قىلىقسىز ئۇنىڭغا يامان كۆزى بىلەن قاراۋاتقاندۇ، ھېرىپ كېتىپ يالغۇز ئولتۇرغاندا بىرەرسى مەقسەتلىك ھالدا ئۇنىڭغا چالما ئاتقانمىدۇ؟ ياكى...» دېگەندەك قورقۇنچلۇق خىياللار كىرىۋالاتتى. مەن ئۆزۈمنى ھەر قانچە بەزلىسەممۇ بۇ خىياللاردىن قۇتۇلالمايتتىم. بۇ خىياللار قاتتىق جۇدۇندىن بېشارەت بېرىۋاتقان تۇماندەك ھەر ۋاقىت ئەتراپىمدا ئەگىپ يۈرەتتى.

مەن دەل مۇشۇنداق خىياللار بىلەن دېلىغۇل بولۇپ يۈرگەن كۈنلەردە ئۇنىڭ بۇرۇنقى مىجەزى بارا-بارا ئۆزگىرىپ ماڭا تۈزۈك گەپمۇ قىلمايدىغان، ئورۇنسىز ئىشلار ئۈچۈنمۇ ئاچچىقلىنىدىغان، ئادەتتىكى چاقچاق گەپلەرگىمۇ تېرىكىدىغان بولۇپ قالدى. بۇ ئىشلار خۇددى كۆيۈۋاتقان ئوتقا ماي سەپكەندەك خىياللىرىمنى گۇمانغا ئايلاندۇرۇپ، كۆڭۈل ئازابلىرىمنى كۈچەيتىۋەتتى. چۈش كۆپ تەكرارلانسا ئوڭغا تارتىدۇ دېگەندەك ئۇنىڭ مىجەزىدىكى بۇ ئۆزگىرىشلەر بارغانسېرى ئەۋجىگە چىقىپ، مېنى، بۇرۇنقى خىياللىرىمنىڭ ئەمەلىيەتكە، تولىمۇ قورقۇنچلۇق ئەمەلىيەتكە ئايلىنىۋاتقاندەك تونۇشقا كەلتۈرۈپ قويدى.

بىر كۈنى ئۇ ئىشتىن ئادەتتىكى ۋاقىتلاردىكىدىنمۇ ناھايىتى كەچ قايتىپ كەلدى. بۇ ماڭا قاتتىق ئەلەم قىلغان بولسىمۇ ئۇنىڭغا بىر نەرسە دېمىدىم. ئەگەر مەن «نېمىشقا كېچىكتىڭىز» دەپ سورىسام، ئۇنىڭ «نېمىشقا كېچىكەتتىم، ئېتىز ئىشى بىلەن كېچىكتىم» دەپ جاۋاب بېرىشى تۇرغان گەپ، بۇ ئۆزۈمگە گەپ تېپىۋېلىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. يەنە كېلىپ مەن ئۈچۈن تېخىمۇ شۇنداق. ئەمما ئۇ بۇنى ئاز دېگەندەك، قولىدىكى نەرسىلەرنى تاشلاپ قويۇپلا سىرتقا چىقىپ كەتتى. ئاياغ تىۋىشىدىن قارىغاندا ئۆينىڭ ئارقىسىدىكى باغ تەرەپكە ماڭغاندەك قىلاتتى. بۇ مەن ئۈچۈن ئەلەم ئۈستىگە ئەلەم بولدى. غەزىپىمنى باسالماي، ھەر خىل گۇمانلار بىلەن، تام ياقىلاپ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن باردىم. باغنىڭ ئىشىكىنىڭ ئالدىغا بېرىشىمغىلا ئىچكىرىدىن، ئۇنىڭ كىم بىلەندۇر كۇسۇرلاشقان ئاۋازى قۇلىقىمغا بىلىنەر-بىلىنمەس ئاڭلانغاندەك بولدى. مەن ھەر قانچە قىلىپمۇ چىداپ تۇرالمىدىم. گويا مېڭەمدىن بۇس چىققاندەك

بولىدى-دە، بەدەنلىرىم تىكەنلىنىشىپ، پۇت-قوللىرىم بەزگەك ئادەملەرنىڭكىدەك تىترەشكە باشلىدى. ھەممە ئىش «مانا مەن» دەپ ئايان بولغان تۇرسا مەن قانداقمۇ تاقەت قىلىپ تۇرالاي؛ تاقەت دېگەننىڭمۇ مەلۇم چېكى بولىدۇ. چەكتىن ئاشتىمۇ بولدى. ئۇنى ھېچ نەرسە، ھېچ كىم توسۇپ قالالمايدۇ. كېيىنكى كۈنلەردە ئۇنىڭ مىجەزىنىڭ نېمە سەۋەبتىن ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكىنى مانا ئەمدى چۈشەندىم. ئۇ مېنى-ئۆزىنىڭ خۇدا قوشقان ھالال جۈپتىنى ئالداپ يۈرۈپتۇ. ئاجىز تەرىپىمدىن پايدىلىنىپ دوپپامغا جىگدە ساپتۇ. تەڭرى ئۆزى بۇيرۇغان ئادەمنى كۆزگە ئىلماي غەپلەت بۆشۈكىگە بۆلەپ قويۇپ ئۆزى بىلگەننى قىپتۇ. دۇنيادا، ئادەملەردە ھالاللىق، ئىنساپ دېگەن نەرسە قالماپتۇ.

مەن شۇنداق ئويلار بىلەن باغنىڭ ئىشىكىنى تىرەيدىغان دەمنى سىلاشتۇرۇپ يۈرۈپ تاپتىم. پەرىزىمچە ئاۋاز باغنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى قېرى شاپتۇلنىڭ تۈۋىدىن ئاڭلانغاندەك قىلاتتى. مەن پۈتۈن دىققىتىم بىلەن قېرى شاپتۇلنى كۆزلەپ ماڭدىم. پۈتكۈل جىسمىمنى چىرمىۋالغان ئاچچىق غەزەپ غايەت زور كۈچكە ئايلىنىپ، دەمنى كۆتۈرگەن قوللىرىمنى ئالدىراتماقتا ئىدى... ئۇنىڭ ئۇششۇك ھەرىسى چېقىۋالغاندەك قاتتىق چىرقىرىغان ئاۋازى باغنى بىر ئالدى. مەن كۆزلىگەن يەرگە تەككۈزگەنلىكىمدىن خۇشال بولۇپ، دەمنى پۈتۈن كۈچۈم بىلەن يەنە بىر قېتىم كۆتۈردۈم. بىراق بۇ دۆرەم قۇلىقىمغا باياتىنقىدەك چىرقىراش ئەمەس، «ۋاي بالام» دېگەن ئېچىنىشلىق ئىڭراش ئاڭلاندى. مەن ئېغىر ئۇيقۇدىن بىردىنلا ئويغانغان ئادەمدەك چۆچۈپ كەتتىم-دە، نېمە ئىش يۈز بەرگەنلىكىنى ئاڭقىرالماي مەڭدەپ قالدىم، ئەتراپ پۈتۈنلەي جىمجىپ، «بالام» دېگەن بىر ئېغىز سۆزلا دەھشەتلىك ساداغا ئايلىنىپ قۇلىقىم تۈۋىدە جاراڭلاشقا باشلىدى...

شۇنداق قىلىپ مەن بىر ئادەمنىڭ جېنىغا، يەنە كېلىپ ئۆز بەختىمنىڭ خۇنىغا زامىن بولدۇم. دۇنيادا بۇنىڭدىنمۇ دەھشەتلىك، بۇنىڭدىنمۇ ئېغىر جىنايەت بولمىسا كېرەك. تەڭرى ماڭا كەلگەندە شۇنداق بىر رەھىمسىزلىك قىلدىكى، بۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ماڭا قىلغان بارلىق ياخشىلىقلىرىنى بىراقلا يۇيۇپ تاشلىغانلىقلىرىنى ئۆزىمۇ سەزمەي قالدى. ئەمما مېنىڭ ھازىر ھەرقانداق نەرسىدىن پەرۋايىم پەلەك، چۈنكى مەن ئۈچۈن خۇددى كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ پەرقى بولمىغانغا ئوخشاش ئۆلۈم بىلەن ياشاشنىڭمۇ ھېچقانداق پەرقى قالمىدى.

# مودا ئىستانسى



(ھېكايە)

تۇرسۇن يۇسۇپ

بىز ياشاش ئۈچۈن قولايلىق شارائىتلارغا مۇھتاج بولىمىز. كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزغا كېرەكلىك ھەر خىل مەنقۇلاتلارنىمۇ زۆرۈرىيەتكە قاراپ ۋاقتى-ۋاقتىدا ئالماشتۇرۇپ تۇرىمىز. ھەممىگە ئايانكى، بۇنداق قىلىش تۇرمۇشىمىزنى داۋاملاشتۇرۇشنىڭ كاپالىتى. لېكىن مۇشۇنداق تۇرمۇش رىتىمىمىزغا مۇخالىپ ھالدا يەنە يېڭىدىن-يېڭى بارلىققا كېلىۋاتقان نۇرغۇنلىغان گۈزەللىك ئۇقۇملىرى، تەقلىدچىلىكلەر بىزگە ئۇچراپ تۇرىدۇ. كىشىلەر: «ئۇنداق مودا پەيدا بولۇپتۇ»، «بۇنداق مودا دەۋر سۈرۈۋېتىپتۇ» دەپ ئالدىرىشىدۇ. شۇنداقمۇ كىشىلەر باركى، بۇنداق مودىغا پەرۋامۇ قىلمايدۇ. ئۇلار ئۆز قەلبىدە يۈكسەك تۇرمۇش قىبلىنامىسى تۇرغۇزۇۋالىدۇ-دە، ئۇنى ئەقىدە سۈپىتىدە ئۇزۇنىغىچە ھەتتا بىر ئۆمۈر دەستەك قىلىدۇ. بۇنداق كىشىلەرنىڭ ئۆزگىرىشچانلىقى ئاستا، مىجەزى تۇرغۇن بولىدۇ. شۇڭا ئۇلار دەۋرنىڭ يەكامىشىگە ئۇچرايدۇ، كىشىلەرنىڭ

«دەۋرىمىزنىڭ كەينىدە قاپتۇ، مودىغا ماسلىشالماپتۇ» دېگەن مەسخىرىلەرگە مەھكۇم بولىدۇ. لېكىن كىشىلىك تۇرمۇشقا مەزمۇن بېغىشلىيالايدىغانلار، ئاجايىپ - غارايىپ مۆجىزىلەرنى يارىتىپ ئاۋامخەلققە تونۇلىدىغانلار مۇشۇنداق كىشىلەر ئىچىدىن چىقىدۇ. لېكىن ھەر بىر قەدىمىنى مودىغا تۇغرىلاپ، دەۋر روھىنى مودا ئارقىلىق چۈشەندۈرىدىغانلار ئۆز تۇرمۇشىنى بەختلىك، مەزمۇنىنى مول ھېسابلىسىمۇ، بىر ئۆمۈر يېڭىدىن - يېڭى پەيدا بولۇۋاتقان مودىنىڭ قۇلى بولۇپ ئۆتىدۇ. بارلىقىنى مودا ئۈچۈن قۇربان قىلىپ، تېخىمۇ يېڭى مودىنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە تەقەززا بولىدۇ، ناۋادا بىر مەزگىل مودا يېڭىلانماي قالسا، ئۆزى مودا ئىجاد قىلىش كويىدا ھەر خىل كومېدىيىلەرنى ئويناپ كۆرىدۇ. بۇنداق كىشىلەرنىڭ ئالىدىغان ھوسۇلىدىن تارتىدىغان تالاپىتى كۆپ بولىدۇ. جاھان بۇنداق كىشىلەرنىڭ تاماشىسىنى كۆرۈشكە بەك ئامراق. ئۇنى ھەم ئۈچۈرىدۇ ھەم چۈشۈرىدۇ. سەككىز گەز ئۈچۈرۈپ سەكسەن گەز چۈشۈرىدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ مىجەزى يىپى ئۈزۈلگەن لەگلەكتەك تۇرالغۇسىز ھەم يېنىك - تەك!

لېكىن جاپپارنىڭ مىجەزى بۇنداق يېنىك ئەمەس ئىدى. ئۇ يېشى تېخى 40 قا يەتمەي بىر نەچچە دەۋرگە «چىمپ» پىدە ماسلىشىپ، كىشىلەر ئاغزىدىن چۈشۈرمەي گېپىنى قىلىدىغان «مودا ئارتىسى» بولۇپ قالدى.

جاپپار ھازىر بىناكارلىق قۇرۇلۇش شىركىتىدە ئىشىك - دېرىزە لايىھىلىگۈچى تېخنىك. پات ئارىدا بۆلۈم باشلىقى بولۇپ قېلىش ئېھتىمالىمۇ بار. بۇنداق ئامەتنى بەزى كىشىلەر تىلەپمۇ تاپالمايدۇ. لېكىن جاپپار تەتۈرلۈك قىلىپ، شىركەت رەھبەرلىرىنىڭ بېشىنى ئاغرىتىپ، ئۆيىدە «پوپاك» كۆتۈرۈۋاتاتتى.

— قوي ئۇنداق كادىرلىقىڭنى، مېنىڭ ئەمدى 30 كۈندە بىر قېتىم ئالىدىغان ئالتە پۇلنى ساقلاشقا تاقىتىم يوق، ياغاچچىلىق، شوپۇرلۇق قىلغان چاغدا كۈنىمىز ياخشى ئىدى. بانكىغىمۇ پۇل قويالايتتىم. بۇ ئىشقا باغلىنىپ قالسام قولۇمدا بار پۇلنىڭ كۈلى كۆككە سورۇلىدىغان ئوخشايدۇ، — دېدى ئۇ قېتىپ قالغان كۆزلىرىنى بىر نۇقتىغا تىكىپ ئىچكىرىكى ئۆيدە تۇرغىنىچە، — سودىگەرچىلىكنى ئالساق، ھەش - پەش دېگۈچە ئۇنىڭدىن كۆرگەن پايدىنىڭ لوقلۇقىغا ئۆزۈمنىڭمۇ ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ، پۇل تېپىشنىڭلى بولمايدىغان بۇنداق كادىرلىقنىڭ نېمە كېرىكى، ھازىر دەۋر ئۆزگەردى، مودا بولۇۋاتقىنى سودىگەرچىلىك، پۇل تېپىش...

— بەك ھەددىڭىزدىن ئېشىپ كەتتىڭىز، ھاكاۋۇرلۇق قىلماڭ، كادىر بولمىقىڭىز ئاسانغا چۈشمىدى، ئوقۇش پۈرسىتىنى قولغا كەلتۈرىمەن دەپ، نەچچە ئاي چاپتىڭىز، ئوقۇيمەن دەپ يېرىم يىل دېگۈدەك قىينىلىپ يۈردىڭىز، ئەمدى ئوتتەك قىزىپ پوقتەك سوۋۇماقچىمۇ؟ — دېدى ئايالى ئاشخانا ئۆيدە ئالدىراش بىر ئىش بىلەن شۇغۇللانغاچ.

ئايالىنىڭ قاتتىق - يۇمشاق ھەر قانداق گەپلىرى ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرمەيتتى. شىركەت رەھبەرلىرىمۇ بىر نەچچە قېتىم كېلىپ، ئۇنىڭ قىلىۋاتقىنىنىڭ

ئىستىقباللىق خىزمەت ئىكەنلىكى، تەشكىل ئۇنى ۋات ئارىدا تېخىمۇ ئەھەمىيەتلىك ۋەزىپىگە تەيىنلەشنى ئويلىشىۋاتقانلىقى. بۇنداق ھالقىلىق پەيتتە خىزمەتكە پاسسىپ پوزىتسىيە تۇتسا تەسىرى ياخشى بولمايدىغانلىقى قاتارلىقلار ئۈستىدە ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلدى. لېكىن ئۇ بۇ نەسىھەتلەرگە سوغۇق بىلەن جاۋاب بەردى.

× ×

جاپپارنى مەن بالا ۋاقتىدىن تارتىپلا تونۇيتتىم. ئۇنىڭدا كەلگۈسىدە كادىرلىقتىن پەش قېقىپ، شىركەت رەھبەرلىكىنى يالۋۇرتقۇدەك نە ئوقۇش نەتىجە، نە كىشىنگە تەسىر قىلغۇدەك ئىجتىمائىي پەزىلەت، نە بىرەر نەرسىگە قىزىقىش تۇيغۇسى دېگەن نەرسە يوق ئىدى. ئۇنىڭ مەكتەپ تۇرمۇشىدىكى يورۇش - تۇرۇشى تولىمۇ روھسىز بولۇپ، بىرەر قېتىممۇ باللار توپى ئىچىدە ئېچىلىپ - يېيىلىپ ئوينىغانلىقىنى كۆرگىلى بولمايتتى. «جاپپار، جۆر توپ ئوينايمىز» دېسەك، «ئوينىمايمەن، مېنى توپ بىلەن ئۇرۇنىلەر» دەپ جاۋاب بېرەتتى. «جاپپار تورە، يامغۇر ياغىلاك ئوينايمىز» دېسەك، «ئوينىمايمەن، بېشىمغا چېقىمىغان چۈشۈپ كېتىدۇ» دەپ دالىدىن چىقماي شومشىيىپ ئولتۇراتتى. ھەتتا تەنتەربىيە دەرسلىرىدە گولەڭگۈچ ياغاچتا مېڭىش نۆۋىتى ئۇنىڭغا كەلگەندىمۇ، ئۇ «يىقىلىپ چۈشىمەن» دەپ، خۇددى ئېگىز بىنانىڭ لېۋىدىن ئۆزىنى تارتقاندەك قاچاتتى.

جاپپار رەسىم دەرسىدىن باشقا ھەر قانداق دەرسلەردە بەكمۇ ناچار ئىدى. شۇڭا رەسىم ئوقۇتقۇچىسىمۇ ئۇنى ماختاشتىن تېركول، خۇددى رەسىمنى ئۇنىڭ ئۆزى سىزغانلىقىغا گۇمان قىلىپ ئۇنىڭغا شۈبھە بىلەن قارايتتى. ئۇنىڭ كاللىسىدا مەكتەپ تۈزۈمى، سىنىپ تەشكىلىنىڭ ھەر خىل ئورۇنلاشتۇرۇشلىرى، غۇۋا بىر نەرسە ئىدى. ئوقۇتقۇچىنىڭ ھەرقانداق تەنبىھ - تەنقىدلىرى ئۇنىڭغا كار قىلمايتتى. ئۇنى ئوقۇتقۇچىنى مەنسىتمەيتتى دېيىشكە بولمايتتى. ئۇ تەنقىدكە ئۇچرىغاندا گەدەن پاتقىلىرىدىن بۇرنىنىڭ ئۇچىغىچە قىزىرىپ، پۇت - قولىدا جان قالمايتتى. ئوقۇتقۇچىدىن قورقاتتى - يۇ، سورىغان ھەرقانداق ياخشى - يامان سوئاللىرىغا جاۋاب بەرمەيتتى. بىز قوشنا مەھەللىدە تۇرۇپ، دادىسىنىڭ نېمە ئىش قىلىدىغانلىقى، ئائىلە تۇرمۇش ئەھۋالى، مەكتەپتىن قايتىپ نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىنى ئازراقمۇ بىلمەيتتۇق. قىسقىسى، ئۇنىڭ مەكتەپ سىرتىدىكى ھاياتى تۇمانلىق ئىدى. ئوقۇتقۇچى تەنقىدلىگەندە، ئۇ بىزگە ئويۇن بولۇپ بەرگەندىن باشقا، نەچچە يىل بىللە ئوقۇپ ئۇ بىزگە ھېچقانداق تەسىر قالدۇرمىغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بىز ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققاندا ئۇنىڭ قاچانلاردا مەكتەپتىن توختاپ قالغانلىقىنىمۇ ئېسىمىزگە ئالالمىدۇق. ئۇ ئارىمىزدىن چۈشۈپ قالغانىدى.

ئارىدىن بەش - ئالتە يىل ئۆتتى. ھەممە ئادەم بىر خىل كېيىنىدىغان، بىرلا نەرسە ئۈستىدە تالاش - تارتىش قىلىدىغان «مەدەنىيەت مودىسى» ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان يىللار ئىدى. شۇبھىسىزكى، بىز ئوقۇغۇچىلار مۇشۇ مودىنىڭ خېرىدارى ئىدۇق؟ ماڭساق - تۇرساق مۇشۇ مودا

ئۇستىدە سۆزلىشەتتۇق. لېكىن بۇ چاغ-
دا جاپپارنىڭ تاللىۋالغان مودىسى ئۆز-
گىچە، سۆزلەيدىغىنى باشقىچە ئىدى.
«دۇنيادا ياغاچچىلىقنىڭ ئالدىغا ئۆتىدى-
غان كەسىپ يوق جۇمۇ، يازدا ئىسسىق،
قىشتا سوغۇق كۆرمەيسەن، ئۇتۇن - يا-
غاچنى پۇلغا ئالمايسەن. يەنە تېخى ...»،
«كۆپ تىغلىق# جىراقتىن بىرنى قىلى-
ۋالغان بولسام، دۇنيادا ئارمىنىم قال-
مايتتى - دە ...» دەيتتى ئۇ. بىز دۇنيا-
نى نوقۇل ياغاچچىلىق بىلەن چۈشەندۈ-
رۈشكە بولمايدىغانلىقى، بۇ دۇنيالىقتا بى-
رەر تال ياخشى رەندىگە ئېرىشىشنى
ئۆز ئارمىنىغا يېتىشنىڭ ۋاسىتىسى قى-
لىشنىڭ تولىمۇ نادانلارچە خىيال ئى-
كەنلىكى ئۈستىدە تالاش - تارتىش قى-
لىشقا رايىمىز بارمايتتى. بىز ئۇنىڭ
ئاغزىغا قاراپ تۇرۇپ قالاتتۇق. چۈنكى
بۇ چاغدا ياغاچچىلىق مودا كەسىپ بو-
لۇپ، ئۇ رەسمىي زاكاز قوبۇل قىلىپ
پۇل تېپىۋاتقان ياغاچچى ئىدى، لېكىن
بىز بولساق نە ئىش ئورنىمىز، نە كەس-
پىمىز يوق بىكارچى ئىدۇق.
جاپپارنىڭ ياسىغان جوزا - بەندىڭ،
ئىشكابلىرىغا كىشىنىڭ ھەۋىسى كېلەت-
تى. قەدىمكى رىم تام نەقىشلىرىنى ئەس-
لىتىدىغان نەپىس ئىشلەنگەن ئەينەك-
رامكىلار ۋە گەرنىزلىك ئىشكابلارنى
تىزىپ قويغاندا بولسا، كىچىككىنە قەت-
ئىي دەرس ئوقۇمايدىغان بىر ئوقۇغۇچىنىڭ
قولىدىن چوڭ بولغاندىمۇ ھېچ قانچە ئىش
كەلمەيدۇ» دېگەن ئەقىدىلەرنىڭ راستلى-
قىغا گۇمان بىلەن قاراشقىمۇ مەجبۇر
بولاتتۇق.
لېكىن، ئۇنىڭ تېخى ئارزۇلاشمايدىغان

مىجەزى تېخىمۇ تەرەققىي قىلغاندىن
سىرت، ئۇنىڭغا يەنە كىشىنى يىرگەن-
دۈرۈش دەرىجىسىدە پىخسىقلىق قوشۇلغانى-
دى. ئۇ باشقىلارغا كۆپ ئارىلاشمايتتى.
توي - تۆكۈن، يىغىلىشلارغىمۇ كەمدىن-
كەم باراتتى.
بىزنىڭ ئۇنىڭغا ئارىلىشىشىمىز بې-
كارچىلىقتىن بولاتتى. بىرنەچچىمىز
ئۇنىڭ ھويلىسىغا سېلىۋالغان دۇكىنىغا
يىغىلىپ، قۇرۇق گەپ بىلەن ئىش پۇ-
شۇقىمىزنى چىقىراتتۇق. ئارىلاپ چوڭ -
چوڭ ياغاچلارغا قارا سىلىش، ھەرە تار-
تىش، رەندىلەش ئىشلىرىغىمۇ ياردەملى-
شەتتۇق. بۇنداق چاغلاردا ئۇ ئالدىمىزغا
بىرەر چۈشلۈك داستىخان سېلىش ئۇياقتا
تۇرسۇن، چېكىدىغان تاماكىمۇ ئۆزىمىز-
دىن بولاتتى. بىرەر تال چېكىنى قىس-
قا كېسىپ قويغىنىدا بولسا، شەھەرنى
ئۇتتۇرۇپ قويغاندەك سائەتلەپ بېشىنى
تۇتۇپ ئولتۇرۇپ كېتەتتى. بىز بۇ سو-
كىتتىن ئوڭايسىزلىنىپ ئاستا سوغۇرۇ-
لۇپ چىقىپ كېتەتتۇق.
غوزا يېگەن ئادەمنىڭ ھامان چىشى
قامايدۇ. جاپپارنىڭ پىخسىقلىقى بارا-
بارا ئۇنى ئەل ئىچىدە تېپىك بىر
كومېدىيىلىك شەخسكە ئايلاندۇرغانىدى.
كىشىلەر ئارىسىدا ئۇنىڭ پىخسىقلىقىغا
ئائىت سۆز - چۆچەكلەر تارقىلىپ يۈرۈ-
زەتتى. مەنمۇ ئۇنىڭ پىخسىقلىقىنى ئىس-
پاتلايدىغان مۇنداق بىر ئىشنى ئۆز كۆ-
زۈم بىلەن كۆرگەنىدىم:
مەلۇم بىر ئەتىگەندە ئالدىنقى كۈنى
چالىنىپ قالغان يېڭى پاسۇندىكى ئىشت-
كابىنىڭ پۈتكەن نۇسخىسىنى كۆرۈش ھەۋە-
سى مېنى جاپپارنىڭ دۇكىنىغا بېرىشقا دە-
ۋەت قىلدى. مەن قورۇ دەۋازىسىنى ئېچىپ،

# رەندىنىڭ بىر خىلى.

بوسۇغىدا داڭقېتىپ تۇرۇپلا قالدىم. قورۇدا قىيامەتنىڭ جېڭى بولۇۋاتاتتى. جاپپار ئايالى بىلەن، ئاتا-ئانىسى قۇدىلار بىلەن پومداقلىشىپ كەتكەنىدى. بىر قاراشتا كىم كىمنى ئۇرۇپ كەتكەنلىكىنى ئايرىۋالغىلى بولمايتتى. ھەممىسىنىڭلا باش-كۆزى قان ئىدى. ھەش-پەش دېگۈچە قورۇ قولۇم-قوشنىلار بىلەن لىق تولدى. بەزىلەر تاماشا كۆرسە، بەزىلەر ئاجراتماقچى بولۇشاتتى. نېمە جېدەل ئىكەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. ئۇلارنىڭ تىللىشىشلىرىدىن جېدەلنىڭ ئەرزىمەس كىچىككىنە ئىقتىسادىي مەسىلىدىن يوغانغانلىقى چىقىپ تۇراتتى. ئاخىرى قۇدا-پۇدا ئەر-ئايال سۆرۈشۈپ سوتقا ماڭغاندا، جاپپارغا ھاي بەرگەچ ئۆزۈمنىڭمۇ قانداقلارچە سوتقا بېرىپ قالغانلىقىمنى بىلمەي قالغان ئىكەنمەن.

ئۇرغۇن دەۋا-دەستۇر، قوپال دوق قىلىشلاردىن كېيىن ھەر ئىككى تەرەپ ئاجرىشىشنى راۋا كۆرۈشتى. بۇ چاغدا جاپپارمۇ ھېچقانداق قارشىلىق قىلمىدى. ئايالى بولسا تەشەببۇسكار ئورۇندا تۇراتتى.

— ئۇچاق بېشىغىچە ئارىلىشىدىغان بۇنداق ئەرنى كۆزۈممۇ كۆرمىسۇن، خېتىمنى ئالغىنىم ئالغان، — دەپ چىرقىرايتتى ئايالى سوت ئىشخانىسىنى بېشىغا كىيىپ.

— بولدى قويۇۋەتتىم، قولىنىڭ بەركىتى يوق بۇنداق خوتۇندىن مەنمۇ تويدۇم، — دېدى جاپپارمۇ ئېرەڭسىزلىك بىلەن.

شۇنداق قىلىپ ئاجرىشىش گۇۋاھنامىسىگە قول قويۇشقا توغرا كەلدى. ئايالى رەسمىيەت ئىشىنى ناھايىتى تېزلا تۈگەتتى. لېكىن جاپپار قەلەمنى تۇتۇپ خىيالغىچە تۇرۇپ قالدى.

— قانداق قول قويمايسىز؟ — دېدى سوت خادىمى، — شۇنچە تەربىيە بەرسەم ئۇنىمىدىڭلار، ھازىرمۇ پۇرسەت بار، ياخشىسى بېرىپ ئۆيۈڭلارنى ...

سوتچىنىڭ گېپى تۈگىمەيلا جاپپار «پاڭ» قىلىپ يىغلاپ تاشلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ تېخى ھېلىلا ئەشەددىي دۈشمەنلىشىپ كەتكەن قۇدىلار ۋە ئىشخانىدا تۇرغان ھەممە ئىشتىن خەۋەردار بىرمۇنچە كىشىلەرنىڭ ئورتاق مەسخىرە ۋە ئاھانەتلىرىگە قېلىشتىن سىرت، بۇ ئىش خېلىغىچە كىشىلەر ئاغزىدا سۆز-چۆچەك بولۇپ يۈردى.

كىشىلەرنىڭ ئۆز ئائىلىسىگە بولغان مۇھەببىتىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىمۇ مىجەز ۋە سەۋىيىسىگە قاراپ بولىدۇ. جاپپارنىڭمۇ كىچىككىنە ئائىلىسىنى مۇھاپىزەت قىلىشى ۋە ئۇنى ياخشى كۆرۈش دەرىجىسىنىڭ قانچىلىكلىكى ماڭا ئايان ئىدى. ئۇنىڭ سوتتا رەسۋا بولۇشى ئائىلىسىنىڭ سورۇلۇپ كېتىدىغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ ئەمەس، ئاجرىشىش گۇۋاھنامىسىدە ئۆي بىساتىنىڭ يېرىمىنى دېگۈدەك ئايالىغا بېرىش شەرت قىلىنغانلىقى. ھەمدە قايتا توي قىلسا بىكاردىن-بىكار. ئېغىر چىقىمدار بولىدىغانلىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەنلىكى ئىدى. ئۇنىڭ بۇنداق ئىقتىسادنى يوقىتىشقا چىدىمايدىغانلىقىغا ئىشىنەتتىم. ئۇ كۈندىلىك تۇرمۇشتا پۇل خەجلىمىسە بولمايدىغان بۇيۇملار، مەسىلەن: كىيىم-كېچەك، ئائىلىگە ئىشلىتىدىغان ھەرخىل سايمانلارنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن پۇل خەجلەشكە توغرا كەلگەندە، يانچۇقىدىن

پۇلنى شۇنچە ئاستا چىقىراتتى، ئاستا سالاتتى ھەمدە پۇلغا كۆز ئۈزمەي بىردەم قاراپ ئۇلۇق- كىچىك تىنىپ قوياتتى. ئۇنىڭ بۇ خىل قارىشىغا ھەمىشە بىر خىل كۆز قىيمىغانلىقتىن پەيدا بولىدىغان، ئاچچىق كۈلكە ھەمراھ بولاتتى.

جاپپار ئايالىنى ئەكىلىشكە توغرا كەلگەندىمۇ، ئېرى ئەلگە، خوتۇنى قوشنىلارغا ئارىلاشمايدىغان بۇ ئىككىيلەننى ئەپ قىلىپ قويۇش ھېچكىمنىڭ خىيالىغا كىرىپ چىقمىدى. بەش كۈن ئۆتتى، ئون كۈن ئۆتتى، جاپپارپۇتى كۆيگەن توخۇدەك ئالدىراشقا باشلىدى. ئۇ ئادەتتە باشقىلاردىن ياردەم سورىمايتتى. بۇ ئۇنىڭ چوڭچىلىق قىلغىنى ئەمەس، ياردەم قىلىدىغان ئادەم بولسا ئۇ خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلاتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ قەلبىدە باشقىلاردىن ياردەم پۈتمەيدىغانلىقىغا ئىشىنىشتىن ئىبارەت ئۈممىسىزلىك تۇيغۇسى ھۆكۈم سۈرەتتى. ئەمەدى ئۇ يارىلانغان بايقۇشتەك دەردىنى ئىچىچىدە بىلىپ كىشىلەرگە دېيەلمەي يۈرەتتى. ناھايەت، ئۇنىڭغا يېقىن كەلگۈسىدە ھاجىتى چۈشۈشكە كۆزى يەتكەنلەر جامائەت بولۇشۇپ بۇ ئىشنى ئاخىرلاشتۇردى.

— نېمە بولسا بولسۇن، جاپپار مەھەللىدىكى تەڭ دېمەتلىكلەر ۋە ساۋاقداشلارنىڭ ھېچ قايسىسىنىڭ قولىدىن كەلمىگەن ئىشلارنى قىلىۋاتاتتى. ئەڭ مۇھىمى «نېمە ھاجىتىڭ بار، بىز تەييار» دەپ ئۇنىڭ خېرىدارلىقىنى قىلىدىغانلار جەمئىيەتنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىدىنچە كېڭەيدى.

جاپپار دەسلەپتە كىلاسسىك ئىشلىرىدا باشقىلارغا قىلچە مەنپەئەت يەتكۈزمەيتتى. ئىش بۇيرۇتقانلار بىلەن ئىش ھەققى ئۈستىدە ئۇچۇقلا ئىلىقچە بىرلىككە كېلەلمەيتتى. قولۇم- قوشنا، تونۇش- بىلىشلىرىگىمۇ كېلىشىمدە ئازراقمۇ ئېتىبار قىلمايتتى. ئۆزى دېگەن باھاغا كەلمىگۈچە سۈكۈت قىلىپ تۇرۇۋالاتتى. لېكىن بىر قېتىملىق تىجارەت جاپپارنىڭ روھىي ھالەت ۋە تۇرمۇش يولىدا ئالاھىدە ئۆزگىرىش ياسىدى. بۇ ئىش مۇنداق بولغانىدى: ئۇ ئىدارىسىدىكى بىر چوڭ ئەمەلدارنىڭ بىر يۈرۈش ئۆي جاھازىسىنى ياساشقا توغرا كەلگەندە يۇزمۇيۇز تۇرۇپ سودىلىشىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. ئەمەلدارمۇ جاپپارنىڭ دولىسىنى قېقىپ:

— ئۇكا، بىزنىڭ ئىشىمىزنى قىلساڭ زىيان تارتمايسەن، بارلىق ھۈنىرىڭنى چىقىرىپ كۆڭلۈمدىكىدەك ياساپ بەرسەڭ، ئۆزۈڭ كۈتكەندىنمۇ ئارتۇق ئېلتىپاتقا ئېرىشىسەن، — دېگەنىدى.

شۇنداقتىمۇ جاپپار ئەمەلدارنىڭ بەزلەشلىرىگە تازا ئىشىنىپ كېتەلمىدى. ئىش پۈتكەندە سىمكارنى ئاز بېرىشتىن ھەتتا بەرمەسلىكتىن ئەنسىرەپ كۆپ دېلىغۇل بولدى. دېگەندەك ئىشنى تۈگىتىپ ئىككى ئايغىچە ئەمەلدارنىڭ سىمكار ئۈستىدە ئېغىز ئاچماسلىقى جاپپارنى كۆپ خاۋاتىرىگە سالغانىدى. ناھايەت، بىر كۈنى ئۇ ئىدارە ئەمگەك باشقارمىسىدىن چاقىرتىلىپ، تولدۇرۇش ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئانكېت بېرىلدى. جاپپار ئەسلىدە توختاملىق ئىشچى بولۇپ، بۇ ئانكېت ئۇنىڭ دائىملىق ئىشتاتقا ئۆتۈش رەسمىيىتى ئىدى. ئەمەلدارنىڭ سىمكار ھەققى ئۈچۈن كۆرسەتكەن بۇ ئىلتىپاتىدىن جاپپار ئالەمچە خۇش

بولۇپ كەتتى. شۇندىن ئېتىبارەن ئۇ-
ئىشىنىڭ يولىنى بىلگەندەك بولدى.
خۇددى خوجايىنىنىڭ ئېتىكىگە سۈر-
كەلگەن ئارسلاندەك چوڭ - كىچىك
ئەمەلدارلارنىڭ ھويلىسىدىن چىقمايـ
دىغان، ئىزدەپ - سوراپ ئەمەلدارلار-
نىڭلا ئىشىنى قىلىدىغان بولدى. ئايا-
لىنىڭ يېزا نوپۇسىدىن شەھەر نوپۇ-
سىغا ئۆتۈشىمۇ، ئىدارىنىڭ بىر يو-
رۇش يېڭى ئۆيىگە ئىگە بولۇشىمۇ ئۆز -
ئۆزىدىن ھەل بولۇپ تۇردى. دېمەك،
ئۇ كۆپ قولۇپتا چۈشىدىغان «ياغاچ
ئاچقۇچ» ياساۋالغانىدى...

دەۋر چۆگىلىمەكتە ئىدى. ئۇ كىشى-
لەرگە ئاتا قىلغان مەزمۇنىنىڭ كونى-
راپ قېلىشىنى خالىمايتتى. بۇنداق قى-
لىش ئۇنىڭ ئۈچۈن تۈزسىز تاماقتەك
لەززەتسىز بىلىنەتتى. شۇڭا دەۋر ئەم-
دى نۇسرەتنى كۆچمە بايراقتەك ئاپتو-
موبىل شوپۇرلىرىغا مۇكاپات قىلدى.
كىشىلەر «شوپۇردىن كويئوغلۇم بار»
دەپ مەيدىسىنى كېرىدىغان بولۇپ قال-
دى. بۇ چاغدىمۇ جاپپار بوش كەلمىدى،
ئۇنىڭ «ياغاچ ئاچقۇچى» ئاپتوموبىل-
غىمۇ چۈشكەنىدى.

ئۇنىڭ ئاسراپ تۇتقان ماشىنىسى
مەھەللىدىن كۈندە نەچچە قېتىم ئۇ-
ياقتىن - بۇيوققا غارقىراپ ئۆتكىنىدە،
كىشىلەر ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كۆز ئۈز-
مەي قارىشاتتى؛ «ياغاچ ئاچقۇچ» نىڭ
خاسىيىتىگە ئاپىرىن ئوقۇشاتتى. ئۇنىڭ
مۇشۇ ئاچقۇچىلا بولسا، بۇندىن كېيىن-
كى كەسپىنى شوپۇرلۇق بىلەنلا ئۆتكۈزى-
دۇ دېگەنگە كىشىلەر شۈبھە بىلەن قا-
راشقا باشلىدى.

دېگەندەك ئۇ يەنە كەسپ ئۆزگەرتتى.

ئۇ باش شىركەتكە كادىرلىققا يۆتكى-
لىپ ئۈچ كۈن بولماي بۇ خەۋەر ھەم-
مىمىزگە يېيىلىپ كەتتى. يېقىندىن بۇيان بىز
دېمەتلىكلەردىن ئىختىساسلىق ئىشچىلارنى
ئوقىتىلىق تەربىيىلەپ كادىرلىققا رەسمىي-
لەشتۈرۈش، ھەتتا بىر قىسىملىرىنى ئوتتۇرا
قاتلامغا ئۆستۈرۈش ئادەتتىكى ئىش قاتارىدا
كېتىۋاتاتتى. بىز بۇنداق ساۋاقداشلىرى-
مىزنى ئاددىيسورۇن تۈزۈپ مۇبارەكلەيت-
تۇق - تە، ئىش تۈگەيتتى. شۇڭا جاپپارنىڭ
كادىرلىققا ئۆستۈرۈلۈشىمۇ ئېغىزغا ئال-
غۇدەك ئىش ئەمەس ئىدى. لېكىن سا-
ۋاقداشلار ئۇچراشسىلا ئىختىيارسىز
جاپپار توغرىسىدا كۈلكە ئىچىدە غۇل-
غۇلا قىلىشىدىغان بولۇپ قالغانىدۇق.

— جاپپار ساۋاقداشلار ئىچىدىن چىق-
قان سىرلىق ئىنسان جۇمۇ، — دېدى رو-
زى تېلېۋىزورنى ئۆچۈرگەچ پاراڭنى جان-
لاندۇرۇپ، — ئۇ ياغاچچىلىق قىلىپ رو-
ناق تاپقانىدىمۇ، ئۇنى بىزدىن بۇرۇن
ئىشقا كىرىشكەنلىكى — ئوقۇغۇچى ۋاقتى-
دىلا رەسىمگە ياخشى ئىكەنلىكىدىن كۆر-
دۇق، ئەمدى شوپۇرلۇق، كادىرلىق...

— شوپۇر بولۇشىدا «ياغاچ ئاچقۇچ»
قا قەرزدار قايسى. بىر ئەمەلدار ئۆز
كارامىتىنى كۆرسەتتى، — دېدى يەنە
بىرسى روزىنىڭ گېپىنى بۆلۈپ، — تو-
رۇپلا كادىر بولۇپ قالغىنى بۇ بىر كا-
رامەت...

— باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ يۇقىرى يىل-
لىق ئوقۇغۇچىسى تۇرۇپ شىنجاڭنىڭ
مەركىزى قەيەر؟ دېسە، بېيجىڭمىكىن
دەپ جاۋاب بەرگەن ئادەمنىڭ كادىر
بولۇپ قېلىشى تېخىمۇ كۈلكىلىك، —
دېدى رىشىت شاڭخو ئارىلاش گېپىنى
باشلاپ.

پارغانىمىزى قىزىقۋاتقان. بۇ غۇل-
غۇلا ئۆزىنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشى، ئۆي جا-
ھازلىرى ھەتتا كىيىدىغان كىيىمىگىچە
مودىغا ماسلىشىشقا دىققەت قىلىدىغان قىب-
زىۋەچى رىشىتنىڭ ئۆيىدە بولۇۋاتاتتى.
- مېنى رىشىت شياڭگاڭ، دېگۈچە، جاپ-
پارنى شياڭگاڭ دېسەڭلا تازا چۈشكۈدەك،-
دېدى ئۇ شاگىرتنى داۋاملاشتۇرۇپ.
- بىز پاراڭدا كولۇشتۇق - يۇ، شۇ-
ئان بىر - بىرىمىزگە مەنىلىك قارىشىۋ-
ۋالدۇق. چۈنكى «شياڭگاڭ» دېگەن سۆز
مودا قوغلىشىشنىڭ ئىستېمال مەنىسى-
نى بېرەتتى. دېمەك بۇ گەپتىن جاپپار
مودا قوغلىشىۋاتامدۇ - يە؟ دېگەن مەنە
چىقىپ تۇراتتى. شۇئان جاپپارنىڭ تاشقى
قىياپىتى كۆز ئالدىمىزدىن كېتىپ ئىچ-
دەك ئۆتۈشكە باشلىدى.
يېقىندا 16 دىن ئېشىپ كېتىشلىرىنىڭ قا-
نات - قۇيرۇقىغا سەپ سالغۇدەك بول-
غاندا، جەمئىيەتتە ئېستىگە يىپ رەخت-
تىن تىكىلگەن ياشلار چاپىنى، ئاستىغا
پېچاقتەك قىر چىقىرىلغان تار، ئۇزۇن
شىم كىيىش ئومۇملاشقان پاسون ئىدى.
بىزمۇ تەبىئىي ھالدا شۇ پاسوندا كى-
يىنەتتۇق. لېكىن جاپپارنىڭ كىيىنىشى
كۆزگە سىغمىغۇدەك دەرىجىدە ئەكسىچە
ئىدى. ئۇ بىزدىن بۇرۇن خىزمەتكە
قاتناشقان بولسىمۇ، پەسىل ئايرىماي
دائىم دېگۈدەك پۇتىغا قىسقا قونجىلىق
زىيزىنكە ئۆتۈك، ھوشۇ قىغىنۇ كەلمەيدىغان
قىسقا، كەڭ چىبەرقۇت شىم، يازنىڭ
شۇ پىژغىرىن ئىسسىقلىرىدا يوتىسىنى يې-
پىپ تۇرىدىغان ئەستەرلىك چىبەرقۇت چا-
پان كىيىپ يۈرەتتى. ئۆي - ئوچاقلىق بول-
غاندىمۇ ئۇ ئۆزىنى تازا تۈزەپ كېتەل-
مىدى. ھەتتا كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش سەۋ-
ۋىيەسى ئۆسۈپ ياماق كىيىم كىيمەيدى-
غان بولغان يېقىنقى كۈنلەردىمۇ ئۇ بې-
شىغا تولا يۇيۇپ ئاقىرىپ كەتكەن ھەت-
تا مودىدىنمۇ قالغان ھەربىيچە شەپكە،
ئۇچىسىغا بولسا گۇاڭجۇنىڭ مېردىشان
سىزىقلىرىدەك شىر ئۆيتىلگەن خىز-
مەت فورمىسى كىيىپ يۈرەتتى، بۇنىڭ-
دىن ئۇنىڭ مودا قوغلاشقانىغا
دائىر ھېچقانداق ئالامىتى سېزىلمەيتتى.
لېكىن رىشىتنىڭ شاگىرتلارنىڭ:...
- ئۇ دېگەن پوتەن. زىيالىي، سىلە،
بىز مەكرولۇق پىكىر قىلىۋاق، ئۇ ماك-
رولۇق پىكىر قىلىدۇ - دە، دېگەن سۆزى
مەسىلىنىڭ تۈگۈنىنى يەشتى. دەۋرگە
ماسلاشتۇرۇپ كىيىم كىيىش، ئۆي يې-
زەش بۇ كىچىك ئىش. دەۋرگە يارىشا
خىزمەت قىلىش چوڭ ئىش ئىدى. بۇ
ھەممىلا كىشىنىڭ قولىدىن كېلىۋەرمەيت-
تى. لېكىن جاپپار دۆلەت كادىرلىقىغىمۇ
مودا قوغلىشىش يولى بىلەن ئېرىشىمە-
ھە! كىشىنى ئويغا سالىدىغان يېرى شۇ-
كى، ئەمدىلىكتە بولغۇسى بۆلۈم باشلىق-
لىقىمۇ ئۇنىڭ پەرۋايىغا كەلمەيۋا-
تاتتى. ئۇ يەنە قانداق كارامەتلەرنى
كۆڭلىگە پۈككەندۇ؟ سودىگەرچىلىكنى
چاندۇرماي قوشۇمچە قىلسىمۇ بولاتتىغۇ؟
ئۇنىڭسىزمۇ ھازىر دىنىمىزاۋۇردەك چوڭ
ئەمەلدار ھايانكەشلەر بارلىققا كېلىۋاتـ
ـامدۇ؟ ئۇ مۇسۇلمانسىز يېڭى بىر مودا ئۈس-
تىدە ئىزدىنىۋاتامدۇ - يە...؟ دېگەندەك
دونكىخوتلارچە خىياللار، مەنلا ئەمەس، بۇ
مودا مەستانىسىنىڭ يېقىن كەلگۈسى
كارامىتىگە قىزىقىدىغان ھەممىمىزگە
ئورتاق ئىدى.

× ×

چاپپار شەھەر سىرتىغا جايلاشقان

ۋوگزالنىڭ پويىز كۈتۈش ئۆيىگە بې-
رىپ ئالدى بىلەن تامدىكى سائەتكە قا-
رىدى. ئۇچرىشىدىغان ئادەمنىڭ كېلى-
شىگە يەنە ئىككى سائەت باز ئىدى. ئۇ
بۇگۈن ۋاقىتنى كونترول قىلالمىدى-
مۇ ياكى سائەتكە خاتا قارىۋالدىمۇ، ۋوگ-
زالغا بەكلا بالدۇر كېلىۋالغانىدى.
جاپپارنىڭ خېلى ئۇزۇندىن بۇيان تۇنجى
قېتىم ئىختىيارىدا ئىككى سائەت
ۋاقىتنىڭ بوش قېلىشى ئىدى. شۇ-
ڭا ئۇ خۇددى ئۇزۇن مۇساپىنى پىيادە
باسقاندەك بىردىنلا ھارغىنلىق ھېس
قىلدى.

جاپپارنىڭ كادىر بولۇشقا ئاساس سې-
لىشىدىن تارتىپ ئۇنى ۋۇجۇتقا چىقارغۇچە
بولغان جەريان قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا
تاماملاندى. ياشلارنى تەربىيلەشكە
ئەھمىيەت بېرىش ھەققىدىكى ئالاقىدار
ماتېرىياللار باش شىركەتكە يېتىپ،
رەتلىنىپ، نۆۋەتتىكى خىزمەتنىڭ كۈن
تەرتىپىگە قويۇلۇپ بولغۇچە جاپپار پۇر-
سەتنى چىڭ تۇتۇپ، قاملاشتۇرۇپ ياز-
دۇرغان ئىلتىماستىن بىر نەچچە پارچىنى
ئارقا - ئارقىدىن شىركەتكە سۇنۇپ، ئۆزى-
نىڭ ئوقۇش ئارزۇسىنى بىلدۈرگەن؛ مې-
ڭىشقا تېگىشلىك يوللار ۋە قىلىشقا
تېگىشلىك ئىشلارنى قىلىپ ئوڭلىغۇر-
غانىدى. بۇ دەل ۋاقتىدا قىلىنغان ھە-
رىكەت ئىدى. شىركەت جاپپارنىڭ يا-
غاچچىلىقنى ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ نەتى-
جە قازانغانلىقىنى «ئاساس» قىلىپ، ئۇنى
مەخسۇس قېلىپچىلىق كۇرسىدا ئالتە ئاي
ئوقۇپ كېلىشكە ئەۋەتتى.

يېڭى ئىشىپ كەتكەندە قايتا ئوقۇش
جاپپار ئۈچۈن دانالار ئېيتقاندەك «يىڭ-
نە بىلەن قۇدۇق كولاش» دەرىجىسىدە
ئەس بولمىسىمۇ، ئىمۇ كۆپ قىينالدى.
لېكىنيە يېزىش ئۇنىڭ ئۈچۈن
پىرغىردىن ئاپتاپتا جادۇ ھەرە تارتىش-
تىنمۇ قىيىن بىلىنەتتى. ئۇ ئەسلى ئا-
ساسىنىڭ تولىمۇ ناچار ئىكەنلىكىنى
ھېس قىلدى. «مەكتەپكە كىرىۋالدىم،
ئەمدى نېمە بولسا بولامدۇ» دەپ ئوي-
لايتتى ئۇ ئۆزىگە بىپەرۋا تۇس بېرىپ.
جاپپار مەكتەپنى تۈگىتىپلا باش شىر-
كەتكە يۆتكەپ كېلىندى. ئۇ دەسلەپتە
خىزمەتكە ناھايىتى قىزغىن پوزىتسىيە
تۇتتى. خىزمەتكە ۋاقتىدا كېلىپ-ۋاق-
تىدا قايتتى. ياغاچچىلىق ھۈنىرىنى
مەكتەپتە ئۆگەنگەن قېلىپچىلىق نەزەرى-
يىسىگە تەققاسلاپ، يېڭى لايىھەلەر ئۈس-
تىدە ئىزدىنىپمۇ كۆردى. بۇ ئارقىلىق
خىزمەتداشلار ۋە ئىدارە تەشكىلىنىڭ
ماختىشى ۋە رىغبەتلەندۈرۈشىگىمۇ ئېرىشتى.

بۇ كۈنلەر ئۇزۇنغا بارمىدى. سىرتقى
مۇھىت ئۇنىڭغا تەسىر كۆرسەتمەي قال-
مىدى. مەملىكەت مىقياسىدا خۇسۇسىي
سودىگەرچىلىك ئەۋج ئالماقتا؛ ھۆكۈ-
مەتمۇ خۇسۇسىي سودىگەرچىلىكنى جان-
لاندۇرۇشقا سەپەرۋەر قىلماقتا ئىدى.
بۇ چاغدا جاپپارنى ئىزدەيدىغانلار كۆ-
پەيدى. ئۇلار سودىگەرچىلىككە دەس-
مايە ئۈچۈن ئۇنىڭدىن قەرزگە پۇل سو-
رىشاتتى. جاپپار قەرزگە پۇل بېرىشكە
ئۇنچە ئاسان كۆنمەيتتى. سودىگەرلەر-
نىڭ پۇل تېپىشنىڭ يېڭى لايىھەلىرىنى ئوت-
تۇرىغا قويۇپ قايتا - قايتا يېلىنىشلىرى،
قەرزگە ئۆسۈم بىلەن قايتۇرۇشقا كاپالەت
بېرىشى ئاخىرى ئۇنى ئەيۋەشكە
كەلتۈردى.

پۇلنىڭ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئورغۇن ئۆ-
سۈمى بىلەن قايتقانلىقى جاپپارنى

ئويغا سالدى. قولىدا بىر تىيىن دەس-
مايەسى يوق بىر كىشى ئۇنىڭ پۇلىنى
ئىشلىتىپ ئازغىنە ۋاقىتتا ئىككى ئاي-
لىق ماڭاشقا باراۋەر ئۆسۈم بىلەن قاي-
تۇرسا، قولىدا يەنە بىرمۇنچە دەسمايە
پۇل قالسا بۇ ئۇنى ئويغا سالمايتتىمۇ؟
لېكىن جاپپار ئويلاش بىلەنلا چەكلەندى.
ئۇ بۇنداق ئىشلارنى قىلىشقا جۈر-
ئەت قىلالمايتتى. لېكىن ئۇلارنىڭ
كۈندىن-كۈنگە بېيىپ، مىنىدىغىنى
موتسىكلىت، كىيىدىغىنى ھېلى-
دىن، ھېلىغا ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان
مودا كىيىملەر، سۆزلەيدىغىنى بېيجىڭ،
شاڭخەينىڭ شەھەر تۇرمۇشى بولغاندا
بولسا، ئۇ بۇنىڭغا قىزىقماي تۇرالمى-
دى. ئۇنىڭ دەسمى قوشۇپ پايدىدىن
مەلۇم ئۈلۈش بەھرىمەن بولۇش ھەق-
قىدىكى ئىلتىجالىرىنى باشقىلار يەردە
قويمىدى. ئۇلار ئىشنىڭ بېشىنى جاپ-
پارنىڭ پۇلىدىن باشلىغانلىقىدىن يۈز
ئۆيۈتۈپ ماقۇل كەلگەنلىكىمۇ مەسىلى-
نىڭ بىر تەرىپى، مۇھىمى ئۇلار جاپ-
پارنى ئىشچان كۆرۈشەتتى. بۇ چاغدا
سودىگەرلەر تاي-تايلاپ ماللارنى ۋوك-
زالدىن يۆدۈپ چىقىشىنى ئېغىر ئالىدى-
غان بولۇپ قېلىشقانىدى. شۇڭا جاپ-
پاردەك تىنىم تاپماي ئىشلەيدىغان
ئادەمنىڭ بىرەرسى ئۇلار ئۈچۈن «دورا»
ئىدى. . . . . . . . .

جاپپار بۇ ئىشقا كىرىشە-كىرىش-
مەيلا ئىككى-ئۈچ مىڭ يۈەن پۇللۇق
بولۇپ قالدى. ئۇ كىچىك ئىشقا كىر-
رىشكەن. باشقىلار سەككىز سائەت ئىش-
لىسە ئۇ 16 سائەت ئىشلەپ 20 يىل-
مايەيىندە ئاران 500 يۈەن تېپىنالى-
غانىدى، ئەمدى بولسا ئايلىقى 4-5
يۈز يۈەندىن ئايلىنىۋاتاتتى. «نىمازىر-
نىڭ ماڭاشىمۇ كۆپ بولسا ئۈچ-تۆت
يۈز يۈەن بولار»-ئۇ بۇلارنى ئويلىغى-
نىدا ھېرىش-چارچاشنىمۇ ئۇنتۇپ قا-
لاتتى. كۈندۈزى ئىدارىدە ئىشلىسە،
كەچلىرى ۋوگزالدا بولاتتى. ئىبارسلاپ
ئىش ۋاقتىدا يوقاپمۇ كېتەتتى. ئۇ
بۇنداق چاغدا خوجايىنىنىڭ تاپشۇرۇقى
بويىچە ئېلىم-بېرىمنى سۈرۈشتە قىلىش،
تىنىم-تاپماي ئۇياقتىن-بۇياققا قات-
راش بىلەن ئاۋارە بولاتتى. ئېيتىشىن
چۈشۈپ ئۆيىگىمۇ بارماي زاكاز تى-
زىملىكىگە قاراپ يەرلىك سودىگەر-
لەرگە مال تارقىتاتتى. تاغار-تاغارلاپ
مالنى ئۆشنىسىدە كۆتۈرۈپ، كېچە-كې-
چىلەپ يۈرۈشلىرىگە پۇلنىڭ كۈچى مە-
دەت بولاتتى. ئۇ مۇشۇ يوسۇندا ھار-
دىم-تالدىم دېمەي يېرىم يىلنى ئۆت-
كۈزدى. بۈگۈن بولسا ئۇنىڭ ئىختىيا-
رىدا ئىككى سائەت ۋاقىت بار ئىدى.
دېمەك ئۇ ھازىر ئىككى سائەت ئەركىن
ئىدى. . . . . . . . .

ئۇ پويىز كۈتۈش ئۆيىدىن چىقىپ
نېمە قىلىشنى بىلمەي تۇرۇپ قالدى.
ۋاقىت ئۆتكۈزۈشنىڭ بىرەر ئەمەلىي
چىقىش قالمىغاندەك ئەتراپقا قارايتتى.

بۇ يىل قىش نورمالسىز كېلىمات
ئېلىپ كەلدى. يانۋارنىڭ ئوتتۇرىلىشىپ
قالغانلىقىغا قارىماي كوچىلاردا ئاز-
راقمۇ قار كۆرۈنمەيتتى. سوغۇق شامال
غازاڭلارنى ئۇزاقلارغا ئۇچۇرۇپ باراتتى.

جاپپارنىڭ كۆز ئالدىغا ئويمانغا جاي-
لاشقان شەھەر رەستىلىرى، دوقمۇشلار-
غا ئاۋات توسىپ بېرىپ لاغايلاپ يۈرگەن
يىمكارچىلار، باغچىلاردا توپ-توپ بو-
لۇپ پىۋە ئىچىپ ئولتۇرغان كەيپ-

ساپاچىلار، كىنوخانا ئالدىدا بېشىنى
كۆتۈرمەي ئولتۇرۇپ ئويۇنغا بېرىلگەن
شاھماتچىلار كەلدى. ئۇ بىر تۇرۇپ ئۇ-
لارنىڭ بىكار تەلەتلىكىنى ياراتمايتتى.
يازنىڭ پىژغىرىن ئىسسىقلىرىدا ئىش-
نى توگىتەلمەي تەرلەپ پىشىپ يۈرگەن-
لىرىدە ئۇلارنىڭ سالقىندا ئولتۇرۇپ
ئويۇن - تاماشا بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان-
لىقىنى كۆرگەندە بولسا؛ ئۇلارنىڭ خا-
تىرجەم، تۇرمۇش يولى ئوڭاي ئىكەن-
لىكىگە ھەۋىسى كېلەتتى. بۈگۈن ئۇ
شۇلارنى دوراپ باقماقچى بولدى: يان-
چۇقىدا پۇلى بار، ئۇنى قاملاشتۇرال-
ماسلىقى مۇمكىنمۇ؟ ھەتتا ئاشۇرۇۋېتى-
شىمۇ مۇمكىنغۇ؟

جاپپار ئالدى بىلەن چايخانىغا كى-
رىپ ئىككى يۈەن خەجلەپ چەينەك
شورپىسى ئىچتى. يۈزلىرى قىزىرىپ
گەدەن پاتاگلىرىدىن ماي تەۋرىدى.
چايخانىدىن چىقىپ ئۇزۇن بىر كېرىل-
دى. شۇ تاپتا ئۇ بەرەز ئۆكۈزنىڭ
مۈگگۈزىدىن تۇتۇۋېلىپ سۇندۇرۇپ تاش-
لاشقىمۇ قۇربى يېتىدىغاندەك قىلاتتى.
ئۇ بىر دەسسەپ، ئىككى دەسسەپ ۋوگ-
زالنىڭ شەرق تەرىپىدىكى ئەركىن
بازارغا تۇتىشىدىغان ئاسفالت يولغا
كىردى. ئۇ بۇ يەردە كىشىلەردىن كۆپ
ئاڭلىغان، لېكىن ئۆز كۆزى بىلەن كۆ-
رۈپ باقمىغان سېھىرگەرلەر، يىلان،
مايمۇن كۆندۈرگۈچى قىزىقچىلارنىڭ
تاماشىسىنى كۆرمەكچى بولدى. ئۇ قان-
چىلىك مائاشلىقى نامەلۇم، لېكىن با-
زارغا يېتىشكەنىدى. يولنىڭ سول
قول تەرىپىدە يىغىلىۋالغان بىر توپ
كىشىلەرگە كۆزى چۈشتى. ئۇنىڭ ئۇچۇن
قايسىلا مۆجىزىنى كۆرسە ۋاقىت ئۆت-
كۆزۈش ئۇچۇن بەرىبىر ئىدى.

ئۇ يولنى كېسىپلا سول تەرەپكە ئۆتتى-
دە، كىشىلەر توپىغا قىسىلىپ كىرىپ
ھەممە ئادەم كۆزىنى تىكىپ تۇرغان
30 ياشلار ئەتراپىدىكى بىر يىگىتكە
كۆزى چۈشتى. ئۇ يىگىت يول ياقىسى-
دىكى ئۆزۈتسىغا ياتقۇزۇلغان؛ بىتونغا
ئولتۇرۇپ، داق يەرگە سېلىنغان بىر
پارچە گېزىت ئۈستىدىكى ئۈچ قەرتنى
مۈكىنەدەك ئالماشتۇرۇپ ئولتۇراتتى ھەم-
دە ناھايىتى قايمۇقلۇق قىلىپ: «غىش
كوزور كەتتى، تاپان كوزور كەتتى، قا-
غا شۇڭقار كەلدى، قېنى، قايسى ئەز-
مەت ئۆز تەلىيىنى سىناپ باقتى...»-
دەپ قەرتنى ئوگدا - دۈمدە قىلغىنىچە
تېپىشماق ئېيتقانغا ئوخشاش سۆزلەرنى
ۋارقىرايتتى. كىشىلەر ئۇنىڭ قول ھە-
رىكىتىگە بىر تىنىقتا قاراشماقتا ئىدى.

جاپپار بۇنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى
بىلدى. گېزىت ئۈستىدە ئۈچ قەرت بو-
لۇپ، ئىككىسى قىزىل، بىرى قارا ئىدى.
قەرت ئىگىسى ئۇلارنى ئالماشتۇرۇپ
گېزىت ئۈستىگە قويغاندا كىمدە - كىم
قەرتنى ئاچسا قارا چىقسا ئۇتاتتى. قى-
زىل چىقسا ئۇتتۇراتتى. لېكىن بىر
قېتىملىق ئۇتۇش، ئۇتتۇرۇش 50 يۈەن
ئىكەنلىكىنى ئۇققاندا جاپپار شورىكىنىپ
كەتتى. ئۇ توپتىن چىقىپ كېتەي دەپ
تۇراتتى. تۇيۇقسىز بىر جەزىبىلىك
مەشغۇلات ئۇنى توختىتىۋالدى. ھېلىقى
قەرت ئاچقۇچى نېمىشىدۇر بىر ئىشقا
توپتىن سىرتقا چىقىپ كىرگىچە ئارى-
لىقتا، توپ ئىچىدىن يەنە شۇ ياشتى-
كى بىر يىگىت ھېلىقى ئۈچ قەرتنىڭ
قارىسىنى قولىغا ئېلىپ بۇرجىكىنى چىك
قاتلاپ بەلگە ئىزى قالدۇرۇپ يەنە ئۆز

جايىغا قويۇپ قويدى. قەرت ئىگىسى قايتىپ كىرگەندە بولسا: مەن ئاچىمەن، مەن ئاچىمەن دەپ، تەۋەككۇل بىر پەس ھەرە ئۇۋۇسىغا ئايلاندى. ھېلىقى بۇرجىكى قاتلانغان قەرت جاپپارنىڭ كۆز ئالدىدا تۇراتتى. ئۇنىڭ قەرتنى ئاچقۇسى كەلدى. ئۇتسا قەرت ئىگىسىنىڭ ئۇنىڭغا 50 يۈەن پۇلنى مانا دەپ سانىپ بېرىشىگە ئىشەنمەيتتى. نەتىجىدە قەرتنى قاتلىغان ھېلىقى يىگىت چاققان كېلىپ قەرتنى ئاچتى. قارا چىقتى، ئۇ ئۇتقانىدى. شۇ ۋاقىتقىچە بۇنى ئويۇن ئورنىدا كۆرۈۋاتقان جاپپار قەرت ئىگىسىنىڭ ئۇتقان كىشىگە قىزىلىدىكى بىر تۇتام پۇلدىن 50 يۈەننى غىڭ قىلماي سانىپ بەرگەنلىكىنى كۆرۈپ كۆزلىرى چاقناپ كەتتى. بۇنىڭ راست ئىكەنلىكىگە ئىشەنگۈسى كەلمىدى، لېكىن پۈتۈن جەريانغا ئۇ باشتىن-ئاخىر گۇۋاھ ئىدى. پۇل تېپىشقا سەرپ قىلىنغان جەريان چاقماق تېزلىكىدە ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن ئۆتتى. ھوشۇلى كۆپ بولغان سودىگەرلىكتىمۇ پۇل تېپىش بۇنداق ئېنىق، تېز، نەق بولمايتتى. قەرت ھەر قانچە ئالماشتۇرۇلسىمۇ بۇرجىكى قاتلانغان قەرت خۇددى لوپا ئەينەكتە كۆرۈنگەندەك ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا بارغانسېرى چوڭىيىپ كۆرۈنمەكتە ئىدى.

بىردىنلا سىرلىق بىر خىيال ئىنتىلىش ئۇنى ئۆز ئىلكىگە ئېلىۋالدى. ئۇ قانداقلارچە تۇيۇقسىز يېرىپ ئالدىغا ئىككى قەدەم چىقىپ تەۋەككۇلدا ئولتۇرۇپ قالغانلىقىنىمۇ بىلمەي قالدى. ئۇنىڭ كاللىسىدا ئۇتتۇرۇش دېگەن ئۇقۇم يوق ئىدى. شۇڭا ئۇ ھېچقانچە ئىككىلەنمەيلا بىر قەرتنى ئاچتى. قىزىل چىقتى. ئۇ ئۆز كۆزىگە ئىشەنگۈسى كەلمىدى، لېكىن نېمە ئۈچۈن بۇرجىكى قاتلاغلىق قەرتنى ئېلىپ تۇرۇپمۇ ئۇتتۇرۇپ قويغانلىقىنى ئويلاشقا ئىمكانىيەت بولمىدى. ھېلىقى قەرتنىڭ بۇرجىكىنى قاتلاپ قويغان يىگىت ۋە يەنە بىر نەچچىسى جاپپارنى ئوتتۇرىغا ئېلىۋېلىپ:

— سىز تازىمۇ ھاماقەت ئىكەنسىز، مەن قاتلاپ قويغان قەرت ئاۋۇ چەتتىكىسى تۇرسا، بۇنى ئالغىنىڭىز نېمىسى، قاراپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا ئۇتتۇرۇپ بەرگەن بارمۇ؟— دېدى ئۇنىڭغا ئېچىنغاندەك زەردە بىلەن.

جاپپار ئويلىدى: ئۇ بۇ قېتىم ئوينىسا ئۇتىدىغانلىقىغا ئىشەنچ قىلادىمۇ قانداق؟ ئۆز ئىرادىسىگە خىلاپ ھالدا ھېچقانچە تارتىنمايلا پۇلنى سانىپ بەردى-دە، يەنە ئاچتى. ئۇ قەرت ئىگىسىنىڭ ۋە ئەتراپتىكىلەرنىڭ دەي-دەيگە سېلىشى بىلەن زىيىنىنى تولدۇرۇۋېلىش ئويىدا تىككەن پۇلىنى بىر ھەسسە كۆپەيتكەنىدى. يەنە قىزىل چىقتى. بۇ چاغدا ئۇنىڭغا تىترەك ئولاشتى. ھەش-پەش دېگۈچە 150 يۈەن ئۇتتۇرۇۋەتكەنىدى. ئەتراپتىكىلەرنىڭ ئۇنىڭغا «ھېسداشلىقى» كۈچەيدى. يەنە ئويناپ زىيىنىنى تولدۇرۇۋېلىشى، بۇ قېتىم ئەتراپتىكىلەرنىڭ ھەممىسى قەرت ئالماشتۇرغۇچىنىڭ قولىغا قاراپ

تۇرۇپ، ئۇنىڭغا قايسىسىنى. ئىچىش توغـ
رىسىدا ئـەقىل كۆرسىتىدىغانلىقىنـى
يىلىدۇرۇپ «مەسلىھەتلەر» بىرىشتى. ئـۇ
يەنە ئاچتى. ئىككەن پـۇلىـنـى كۆپىيـ
ۋەردى. ئۇتتۇرۇۋەردى، يەنە ئاچتى، ئىككەن
پۇلى كۆپەيمۇۋەردى، ئـۇتتۇرۇۋەردى ...
ئۇ تەۋكادا قـانچىلىك ئولتۇرغانلىـ
قى نامەلۇم، چۈنتىكىدىكى پـۇلى تۈگىـ
گەندە ئىختىيارسىز قوپۇشقا مەجبۇر بولـ
دى. چاناقلىرىدىن ئوت چاقناپ كۆزىـ
گە ھىچنىمە چىلىقمايتتى. ئەتراپتىكىلەر
ئۇنى زاڭلىق قىلغـانىدەك بىلىنەتـتى.
ئۇنىڭ كۆز ئـالدى قـاراڭغۇلاشقانىدى.
قانچىلىك ۋاقىت ئـۆتتىكىن ـ تـاڭ!
ئۇ ئۆيىنى يىغىپ ئەتراپقا قارىسا ھىـ
لىقى ئادەملەر تويىدىن ئـەسەرمۇ قالـ
مىغان، غـەربتىن چىققـان ئىزغىرىـن
شامال ئىۋاستە ئۇنىڭ تەرلەپ كـەتـ
كەن كەڭ پىشانىسىگە تەگمەكتە ئىدي.
ئۇ ئالدىغا 10 قەدەم يـۈگۈردى. توخـ
تىدى. كەينىگە 10 قـەدەم يـۈگـۈرۈپ
ھىلىقى تەۋكا بولغان ئورۇنغا كـەلدي.
بۇ چاغدا ئۇ تامامەن ھوشىنى تـاپقان
ئىدى. ئالدي بىلەن كـالىسىغـا كەلـ
گەن نـەرسـە يانچۇقىدىكى 5000 سوم
پۇل بولدى. جاپپار ئۇنى ئـۇتتۇرۇۋەتـ
كـەنىدى. بـۇ پۇل پـويىز ئىستانىسـ
سىدا ئۇچراشماقچى بـولـغان كىشىدىن
خوجايىنىغا ئەۋەتىدىغان پۇل ئىدى.
ئەمدى قانداق قىلىمەن؟ ئـۆيـۈمگە
قانداق قايتىمەن؟ خوجايىنىغا نىمەدەپ،
بالىلىرىمنىڭ يوزىگە قانداق قارايمەن؟
ئىدارىدىكىلەر ئۇقسىچۇ؟ ئـۇ بـۇنىڭغا
جاۋاب تاپالمايتتى. جـاۋاب تىپىشـمـۇ
مۇمكىن ئەمەس ئىدي. چونكى بۇ جاپـ
پار قانداق قىلىشني بىلىدىغان مـودا

ئەمەس، ھەزرىتى جەمشىتتىن نـەچچە
ئون ئەسىر بۇرۇنمۇ بـولـغـان، لېكىن
كىشىلـەر تـەرىـپىدىـن «قىمـار» دەپ
پىچـەت چـاپـلانغـان قـەبىـرە ئىچىدىـ
كى «تاپ» ئىدى. قىسقىسـى بـۇ دۇنيا
ئۇنىڭ تاماشىسىنى كۆرۈۋاتاتتى.
جاپپارنىڭ پۈتون ئەزايى غال ـ غال
تىترەيتتى. پۇت ـ قولى بوشىشىپ كېتىپـ
ۋاتاتتى. ئۇ توغـۇلغىنىغا پـۇشايمـان
قىلىپ نۇرسىز كۆزلىرىنى كـۆككە تىكـ
تى. شۇ ئەسنادا ئـۇنىڭ كـالـىسىغـا
چۈشىدە كۆرگەنىدەك بىر ئادەمنىڭ سىـ
ماسى كەلدى. ئۇ ھىلىقى قـەزتنى قاتـ
لاپ قويغان يىگىت ئىدى. ئۈچ قەرتـ
نىڭ ئىچىدە بۇرجىكى قاتلاقلىق قەرتـ
تىن زادى نەچچىسى باردۇ؟ ئۇلار شىـ
رىكىمىدۇ ـ يە؟ جاپپارنىڭ كـۆز ئـالـدى
ئىككىنچى قىتىم قاراڭغۇلاشتى.

※ ※

پاجىئە ماڭدامدا بىر ئـۇچراپ تۇـ
رىدىغان ئىجتىمائىي ھـادىسە. ئۇ روـ
مان ۋە ھېكايىلەردە ئەمەس، سىز تۇرـ
غان شەھەردە، قوشنا مـەھـەللە ھەتتا
قولۇم ـ قوشنىلىرىڭىزدىمۇ بـولـۇپ تۇـ
رىدۇ. بەزىلەرنى خەق ئـۆلـتۈرۈۋەتسە،
بەزىلەر ئۆزىنى ئۆلـتۈرۈۋالىدۇ. لېكىن
ئارتۇق ـ تۆشۈك ئىشقا ئـارىلاشمايدىغان
جاپپاردەك بىر مۆمىن بەندىنىڭ نىمـە
ئـۈچۈن ئـۆزىـنـى ئۆلتۈرۈۋالغانلىقىنى
نەچچە ھەپتىگىچە ھىچكىم چـۈشەنەلمىـ
دى. شۇ ئىش بولۇپ ئەتىسى كىشىلەر
ئونى شەھەرنىڭ ئـوتتـۇرىسىنى كېسىپ
ئۆتكەن سۇيى قالمىغان ئېقىنىدىكى قاـ
چانلاردىندۇر قۇم تاپىقىغانىدا كـولانغان
شىغىلىق ئازگالدىن تاپتى.

# ياشلىق بوسۇغىسىدا

(ھېكايە)

پولات ھېۋىزۇللا

تۇيۇقسىز سايراپ خىيالىمنى ئۈزۈۋەتكەن كاككۇكنى تاش ئېتىپ قوغلىۋەتتىم. ئەمدى بايا ئۈزۈلۈپ قالغان خىيالىمنى ھەر قانچە ئۇلاپمۇ تاپالمىدىم. بىر كۆڭۈللۈك نەرسىنى خىيال قىلغان بولسام كېرەك، لەززىتىنىڭ قالدۇق تەسىرى ھېلىھەم يوقاپ كەتمىگەنىدى...

مەن ئەتراپىمغا قارىدىم.

ئورمانلىق، ياپيېشىل چىملىق...

مەن بۇرۇن ھېچقانداق ۋاقىتتا بۇنداق خىلۋەت جايدا ئولتۇرۇپ خىيال سۈرۈپ باققان ئەمەس، بۇرۇن كىچىككىنە يالغۇزلۇق مېنى زېرىكتۈرۈۋېتەتتى. لېكىن يېقىندىن بۇيان ئەڭ قىممەتلىك نەرسىنى يوقىتىپ قويغان ۋە بۇ قورقۇنچلۇق ھەقىقەتنى تۇيۇقسىزلا بىلىپ يېتىپ ساراسىمىگە چۈشكەن كىشىدەك بولۇپ قالغانىدىم.

شونايلىنىپ ياتقىنىمچە كۆزۈمنى يۇمۇپ بۇ خىلۋەت دۇنيادىن يىراقلىشىۋىدىم، مۇئەللىمىمنىڭ سوغۇق چىرايى كۆز ئالدىمغا كەلدى. قۇلىقىمغا مېنى ئەيىبلىگەن ھەر خىل ئاۋازلار ئاڭلىنىشقا باشلىدى.

بەڭباش بالا!

«بەڭباش بالا» دېگەن بۇ نامنىڭ ماڭا قاچانلاردىن بېرىلگەنلىكىنى ئەسلىيەلمەيتتىم.

ئاتا-ئانام مەندەك بىر بەڭباش بالىنى چوڭ قىلغانلىقى ھەققىدە ۋايسىشىپ يۈرىدۇ. قوشنىلارمۇ مېنى يامان بالىلارنىڭ تىپى دەپ قارايدۇ. شۇڭىمۇ ئەزەلدىن بالىلىرىنى ئامالىنىڭ بېرىچە مەن بىلەن ئويناتقۇزماي كەلگەن.

مېنىڭ بەڭباشلىقىم نېمىدە؟ مەن دائىم ساۋاقداشلىرىم بىلەن مۇشتلىشىپ قالاتتىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە دائىم ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەيتتىم. مۇئەللىملەرنىڭ ھەممىسى مېنىڭ ئاشۇ ئەلاچى بالىلارغا قارىغاندا دۆت ئەمەسلىكىمنى ئېتىراپ قىلىشاتتى. ئازىراق تىرىشسىلا ئۆگىنىشتە يېتىشىۋالىدۇ، دەپ قارايتتى. مېنىڭ مەكتەپتىكى ئەڭ كۆڭۈللۈك چاغلىرىم تەنتەربىيە دەرسى، بولۇپمۇ يېنىك ئاتلېتكا تەنتەربىيە مۇسابىقىسى ياكى پۇتبول مۇسابىقىسى بولغان چاغلار ئىدى، ئەلۋەتتە مەن تاماشىبىن ئەمەس، بەلكى مۇسابىقىگە ئاكتىپ قاتناشقۇچى ئىدىم. مەن مەكتەپ پۇتبول كوماندىسىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ئەزاسى ئىدىم. بىراق سىنىپ مەسئۇلى

مېنى كوماندىدىن چىقىرىۋالدى. مۇئەل-
لىم «سېنى ياخشى ئوقۇسۇن دەۋاتىمەن»
دەيدۇ. لېكىن ئۇنىڭ بۇ قىلىقى. دۈش-
مىنىگە قارىغاندەك قاتتىق مۇئامىلىسى
خۇددى مەن بىلەنلا قىرىشقاندەك
مۇئەللىمنى مەندىن بارا-بارا يىراق-
لاشتۇرماقتا ئىدى...

مەن بارا-بارا چوڭ بولۇۋاتقان-
لىقىم، ياشلىققا قەدەم قويۇۋاتقانلىقىم
ئۈچۈنمىكىن ئۆزۈم ھەققىدە كۆپ ئوي-
لىنىدىغان بولۇپ قالدىم. مۇئەللىمنىڭ
تەنقىدلىرى ئەمدى ماڭا ئېغىر كېلى-
دىغان بولدى. بالىلىق چاغ-
لىرىمدا شوخلۇقتا داڭ چىقارسام
ماڭا زوقلىنىدىغان، مەن بىلەن ئوي-
ناشقا ئامراق تەڭتۇشلىرىم بارا-
بارا مەندىن يىراقلىشىپ كەتكەنىدى.
ئەركىلىكتە يېتىلدۈرگەن مەغرۇر
تەبىئىتىم قىممىتىمنى جارى قىلدۇ-
رۇشقا ئۈندەيتتى. بالىلىقىمدىن
قالغان تەنھالىققا كۆنگەن خاراك-
تېرىم باشقىلارنىڭ مۇھەببىتىگە مۇھ-
تاج ئىدى.

مەن ئىسپانىيىنىڭ ئۆكۈز ئويۇنى
ھەققىدىكى تېلېۋىزور خەۋەر فىلىمىلى-
رىگە قىزىقاتتىم. ھەي، بىزنىڭ يۇرت-
تىمۇ ئاشۇنداق خەتەرلىك جەددىي
ئويۇنلار بولۇپ تۇرغان بولسا-ھە،
بۇنداق جەڭ مەيدانىغا مەنمۇ چۈشۈپ
باقسام، ئوغۇل بالىنىڭ ئوغۇل بالىسى
تەۋەككۈل قىلالايدۇ. بۇ خىيالىمنى
مەن ياخشى كۆرىدىغان تەنتەربىيە
ئوقۇتقۇچىسىغا ئېيتتىم.

— تۇرمۇشىمىزدا ئۆكۈزلەر ئازمۇ،
قېنى ئاشۇ غەيرىتىڭ بىلەن شۇلارنى
يېقىپ باق!، مەن مۇنداق دەبدەبە-
لىك كەپلەرنىڭ تېگىگە يېتەلمەيتتىم...

... مەن ھاياتىمنىڭ بۇندىن كېيىن-
كى دىمىقلىق، بورۇقتۇملۇق ئىچىدە
ئۆتىدىغانلىقىنى ئويلىغىنىمدا بىردىن
چۆچۈپ كەتتىم. ئادەم قايتا تۇغۇلۇ-
ۋالغىلى بولمايدىغۇ؟ مېنىڭ يۈگۈرگۈم
كەلدى. ھارغىچە يۈگۈرگۈم كەلدى.
ھاسىراپ گاللىرىم قىزىپ، كۆپۈكلى-
نىپ راسا قىينالغۇم كەلدى. بۇنداق
قىلغاندا ئۆزۈمنىڭ بۇ دۇنيادا مەۋ-
جۇتلۇقۇمنى ھەقىقىي كۆڭۈللۈك ھېس
قىلىپ يېتىدىغاندەك ئىدىم. مەن
ئۆزۈمنى دائىم ئاشۇنداق قىينايتتىم.
كۆڭلۈمنى خۇش قىلالمايۋاتقان جىس-
مىمنى جازالىغىنىممىكىن؟!

يۈگۈردۈم، مەن گويا بىر ئادەم
ئەمەستەك، جىسمىمدا باشقا بىر روھ
باردەك. ئۇلار كىچىككىنە جىسمىمدا
پېتىشالمىغاندەك، شۇنىڭ بىلەن تېرى-
كىشىنى، ئىچ پۇشۇقىنى كەلتۈرۈپ چىقار-
غاندەك ئىدى. مەن ئاشۇ ئارتۇقچە
روھتىن قۇتۇلالمايۋاتاتتىم. جېنىمنىڭ
بېرىچە يۈگۈرسەممۇ ئۇ كەينىمدىن
قوغلاپ ئەمەس، بەلكى جىسمىمنىڭ
ئىچىدە ئارامخۇدا يېتىپ ماڭا يېپىشى-
ۋالاتتى. بۇ مېنى تېخىمۇ تېرىكتۈرەتتى.

مەن ئەمدى يۈگۈرۈشتىن توختىدىم. ھار-
غانىدىم. لېكىن يەنە يۈگۈرگۈم بار
ئىدى. ئالدىمدىكى ئاۋۇ ئېرىق بويىغا
يەتمەكچى ئىدىم. يەرگە ئېگىلىشتىم،
قولۇمغا تاش ئالدىم...

مەن ئۆزۈمنى ئاشۇنداق ئالدايمەن،
مەن خۇددى ئىچىمدىكى يامان تۇي-
غۇلارنى يىراققا ئېتىۋاتقاندەك، ئەمە-
لىيەتتە مەن يەردىن تاشلارنى تېرىۋې-
لىپ يىراققا ئېتىۋاتاتتىم. سەن ئال-

دالىمسالىڭ بۇ دۇنيادا ياشىيالمايسەن. تۇيۇقسىز مەن ئاتقان بىر تاش ئالدىمدىكى يېقىن بىر دەرەخقە تېگىپ، قايتىپ كېلىپ ياگىقىمنى ئىششىتىپ قويدى. شۇ ۋاقىتتىلا بۇ دۇنيانى روشەن كورگەندەك بولدۇم...

ئۆزۈمنى چىملىققا تاشلىدىم. ئۇيقۇم كەلدى. شۇ تاپتا بىرسى مېنى تەپسىمۇ مىدىرلاپ قويمايتتىم. باياتىن بېرى ئېرىشمەكچى بولغىنىم مۇشۇمىكىن. دۇنيا سىردىلغىنىدىچە مەندىن يىراقلاشماقتا...

قانچىلىك ئۇخلىدىمكىن، چىرقىراپ كۈلۈشكەن ئاۋازلاردىن ئويغىنىپ كەتتىم. لېكىن كۆزۈمنى ئاچمىدىم، بېشىم بىر خىل غۇڭگۇلداۋاتاتتى. دېمەك ئۇيقۇم قانغانلىقى ئېنىق. بىراق ئورنۇمدىن تۇرغۇم، ھەتتا ئويغانغۇم كەلمىدى. مېنى ئويغىتىۋەتكەن ئاۋازغا ياكى باشقا بىرنەرسىگە خاپا بولماقتا ئىدىم. (مەن بايا بىر شېرىن چۈش كۆرگەنىدىم) مېڭەمنىڭ لوقۇلداشلىرىغا بەرداشلىق بېرەلمەي كۆزۈمنى ئاچتىم. ئەتراپ قاراڭغۇلۇققا چۆمۈپتۇ. مېنى بىر خىل قورقۇنچ باستى. ئۆزۈمنى ئەتراپىمدىكى ئاشۇ دەرەخلەردىنمۇ ئاجىز ھېس قىلىشقا باشلىدىم. مەن توپتىن ئايرىلغان قوزا...

بۇ ئىش شۇنداق تۇيۇقسىز بولدىكى كېلىمغا تەڭلەنگەن پىچاقتىن ئۆپكەم ئاغزىمغا كەپلىشىپ تىنالماي قالدىم. ئۇلار يانچۇقلىرىمنى ئاختۇرۇشقا باشلىدى.

— بىر پۇڭمۇ پۇل يوق، نېمانداق قەلەندەر بىر نېمە سەن! — بىرسى كاسسامغا بىرنى تەپتى.

— چاپىنى پەيزىكەن، چاپىنىڭنى سال! ئەمدى يوقال، — دېدى يەنە بىرسى.

مەن قەدەم ئېلىپ بولغۇچە نۆۋەت بىلەن تېپىپ ئۈلگۈرۈشتى. ئۇلار ئۈچ ئادەم ئىدى.

گويا مەن باياتىن بېرى تەپسىمنى چىقارمىغاندەك ئەمدى ئەركىن تىنىق چىقاردىم، يۈگۈرگەنچە ھېگىپ كېتىپتىمەن، بىردىن چىپپىدە توختىدىم. ئۇلارغا ئەمدى غەزىپىم كېلىۋاتاتتى. ئارقىمغا بۇرۇلۇپ ئۇلار بار تەرەپكە ماڭدىم. ئويلىمغانچە ئاچچىقىم كەلمەكتە. ئۇلار پىچاق تەڭلىگەن، قورقاتقان. ياۋاشلىق قىلمىسام جېنىمنى ئالاتتى. ئەڭ قىممەتلىك غۇرۇرۇمنى ئۇلارغا تاپشۇرۇۋېدىم، ھايات قالدىم. ئۇلارنىڭ مېنىڭدىن كۈتىدىغىنىمۇ شۇ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ جېنىنى، ئىستىقبالىنى قىمارغا، تەۋەككۇلغا تىكىپ قويۇۋىدى، شۇ تاپتا جېنىمنى ھاياتـماماتلىق پەيتتە غۇرۇرنى قوغداپ قېلىشتا ئېغىر يۈككە ئايلاندۇرۇۋالغان مەندەك بىر ئادەم ئالدىدا بىراقلا قۇدرەت ئىگىسىگە ئايلاندى. ئەمدى كۆرسۇن، جېنىمنى تىكىپ ئېلىشىمەن. ۋارقىراپ ئادەملەرنى، ساقچىلارنى چاقىرىمەن. ئۆلۈپ كېتىشىم مۇمكىن، لېكىن ئۇلارمۇ ھەرگىز قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ...

قولۇمغا ئۈچ-تۆت تاش ئېلىۋالدىم. لېكىن ئۇلار بايىقى جايىدىن ئۇزاپ كېتىشكەنىدى. يىراقلىقتىكى جىگدىلىكتىن ئۇلارنىڭ ئاۋازلىرىنى ئاڭلاپ شۇ ياققا قاراپ ماڭدىم.

ئۇلار ئىككى كىشىنى ئورىۋېلىشقانىكەن؛

— بۇ قىلمىشىڭلار قانۇنسىزلىق ئۆكىلىرىم، ئويلاپ بېقىڭلار...

بۇ مۇئەللىمنىڭ ئاۋازى ئىدى. ئەسلىدە خوتۇنىنى قويۇۋەتكەندىن كېيىن ئالماقچى بولغان بۇ ئايال بىلەن كەچلىك سەيلىگە چىقىپتىكەن - دە.

— مۇئەللىم سىزنىڭ بۇ ۋەزخانلىقىڭىز بىزنى باشقۇرۇشتا كارغا كەلگىنى بىلەن بۇلاردىن قۇتۇلۇشقا كارغا كەلمەيدۇ؛

ئۇلار ئاڭقىرىپ بولغۇچە مۇئەللىمگە پىچاق تەڭلەپ تۇرغىنىنىڭ كاللىسىغا بىر تاش ئۇرۇپ ئۇنى ئايلاندۇرۇۋەتتىم. ئىككىنچى تاشنى ياندا تۇرغان بىرسىگە ئېتىۋىدىم تەگمەي قالدى، قايتىدىن تاش ئېلىپ ئاتماقچى بولۇپ تۇراتتىم...

دەھشەتلىك ئاغرىق بېقىنىمغا سانچىلدى. قولۇمغا پىچاقنىڭ دەستىسى ئۇرۇلدى. كۆزۈمگە قاراڭغۇلۇق تىقىلدى. مەن مۇشۇنداق ئاسانلا ئۆلۈپ كېتەرمەنمۇ؟

× ×

دوختۇرخانا...

بىر نەچچە كۈن ئاغرىق ئازابىدا يېرىم ھوشسىز ئىڭراپ يېتىشىم بىلەن ئۆتۈپ كەتكەنىدى. بۇ كۈن خېلى ياخشى بولۇپ قالغانىدىم. دوختۇر ھەر قانچە بوش پىچىرلىسىمۇ ئۇنىڭ ئاتا-ئانامغا دېگەن گەپلىرىدىن كېسىلىمنىڭ خەتەرلىك باسقۇچتىن تېخى ئۆتۈپ بولالمىغانلىقىنى ئۇقۇۋالدىم. دوختۇر يەنە «پالەچ بولۇپ قېلىش خەۋپى بار» دەپمۇ قوشۇپ قويدى. شۇ تاپتا ئەڭ ئالدى بىلەن ئويلىغىنىم پالەچ بولۇپ قالسام كىشىلەر ئالدىدىكى قىممىتىم تۈگەيدۇ، مېنىڭ بىردىنبىر ئارتۇقچىلىقىم قاۋۇل، ساغلام بەدىنىم ئىدى. بۇنىڭدىن ئايرىلسام ئۆلگىنىم ياخشى ئەمەسمۇ؟ دېگەن ئويلار بولدى. ئاتا-ئانامنىڭ تەسەللىلىرىمۇ قۇلىقىمغا كىرمىدى. ئۇلارمۇ مېنىڭ رايىمنى بىلدى بولغاي، مېنى يالغۇز تاشلاپ چىقىپ كەتتى. مېنىڭ ئەزەلدىن ھەسرەت چەكسەم ياكى قىيىن مەسىلىگە يولۇقسام يۈگۈرىدىغان — ئەسەبىيلەرچە بەدەن چېنىقتۇرىدىغان ئادىتىم بار ئىدى. بەدەن چېنىقتۇرسام مېڭەم سەگەكلىشەتتى. ئۆزۈمگە بولغان ئىشەنچ ئاشاتتى. مانا ئەمدى...

دوختۇرخانىدا ماڭا خىيال سۈرۈشتىن باشقا ئىش قالمىغانىدى. خىيال جەريانىدا بالىلىقىمدىكى مەن ئۇنتۇلۇپ كەتكەن نۇرغۇن ئىشلار ئېسىمگە كەلدى. مەن كىچىك بولساممۇ كەچۈرمىشلىرىمنىڭ ئاز ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدىم. مەن بۇرۇن بىلىپ يەتمىگەن نۇرغۇن ئىشلارنى بىلىۋالغاندەك بولدۇم. مۇبادا پالەچ بولۇپ قېلىش خەۋپى بولمىغاندا كەلگۈسۈم — بۇندىن كېيىن قانداق قىلىشىم كېرەكلىكى ھەققىدە چوقۇم پۇختا ئويلىنىۋالغان بولاتتىم. لېكىن پالەچلىك كۆز ئالدىمغا كېلىش ھامانلا ھەسرەتلىك خىيال تەكرارلىنىۋېرىپ نېرى كەتمەيدىغان ئۆلۈم ھىدى پۇراپ تۇرىدىغان بولۇپ قالدى. نېمىشقىمۇ ئورمانلىققا بارغانىدىمەن، دېدىم ئىچىمدە پۇشايمان قىلىپ، مەن يەنە بۇرۇنقى كۆڭۈللۈك بالىلىق چاغلىرىمنى ئەسلەش ئارقىلىق

بۇ كۆڭۈلسىز خىياللاردىن قۇتۇل-
ماقچى بولدۇم. خىيالىم ئاخىرى يەنە
مۇئەللىم بىلەن تۇنجى قېتىم تاكال-
لاشقان چاغقا ئۇلاشقاندا مېنى چوڭقۇر
ھەسرەت چۇلغىدى. مەن بۇرۇن ئەلاچى
ئوقۇغۇچى بولمىساممۇ ئۆگىنىشتە
ئوتتۇراھال ماڭاتتىم. مېنىڭ پوتكول
قىزىقىشىمنى پۇتبول ۋە تەنتەربىيە
ئىگىلىگەنىدى. بەدەن چېنىقتۇرۇشتىكى
ۋە پۇتبولغا بېرىلىشتىكى ئەسەبىيلىك-
تە ھېچكىم مەن بىلەن بەسلىشەلمەيت-
تى. «ئوقۇشتىن سىرت تەنتەربىيە
مەكتىپى» نىڭ تېرىنېرى قابىلىيىتىم
ۋە چېنىقىشتىكى تىرىشچانلىقىمنى
كۆرگەندىن كېيىن، مېنى ئاز ئۇچراي-
دىغان تالانت ئىگىسى» دەپ ماختىغىنىدا
خۇشاللىقىمدىن ھارغىنلىقىمغا قارىماي
مەيداننى يەنە بىر نەچچىنى پىرقىرى-
ۋەتكەنىدىم. لېكىن سىنىپ مەسئۇلىم
جاھىللىق بىلەن تېرىنېرنىڭ مېنى
تەنتەربىيە مەكتىپىگە قوبۇل قىلى-
شىغا رۇخسەت بېرىش تەكلىپىنى رەت
قىلدى. كۆرسەتكەن باھانىسى «ئۆگى-
نىشتە ئەلاچى ئەمەس» بولدى. تېرىنېر
شۇ چاغدا قايناپ سۆزلەپ كەتكەنىدى.
«ھەم ئەلاچى بولغان، ھەم تەنتەربى-
يىدە ئالاھىدىلىكى بار ئوقۇغۇچىلارنى
قانچىلىك تاپقىلى بولار، تاپقان
تەقدىردىمۇ ئۇلاردا بۇنىڭدەك ئالاھىدە
ماھارەت ۋە ئىقتىدارنى تاپقىلى
بولاتتىمۇ؟ قاتمال ئۆلچەم بىلەن
بىر تالانت ئىگىسىنى نابۇت قىلماق.
ھازىر ئۇنىڭ تەنتەربىيىدە ئىلمىي
ھالدا سىستېمىلىق تەربىيىلىنىدىغان
ھالقىلىق مەزگىلى. جۇڭگونىڭ تەنتەر-
بىيىدە بولۇپمۇ پۇتبولدا ئارقىدا
قېلىشى مۇشۇنداق. تالانت ئىگىلىرىنى
سەزمىگەنلىكىمىزدە ۋە تەربىيىلىمى-
گەنلىكىمىزدە». مۇئەللىم يەنە ئۈنى-
مىدى. يول بېرىشنى مەغلۇبىيەتكە-
تەن بېرىش دەپ قارىسا كېرەك.
تېرىنېر كەتتى. شۇندىن كېيىن مۇئەل-
لىم ئاتا-ئانام بىلەن سۆزلەشتى.
شۇنىڭ بىلەن ئاتا-ئاناممۇ توپ
تېپىشىمنى چەكلىدى. مەن ئۆز قىممى-
تىمنى جارى قىلدۇرماي بىر كۈنىمۇ
ياشىيالمايتتىم... مانا ئەمدى پۇتبول
بىلەن ۋىدالاشقان بولدۇم. دۇنيا-
غا تونۇلغان پۇتبول ماھىرى بولۇش
ئارزۇيۇم بەربات بولدى. شۇ تاپتا
ئۆزۈمنى سەزمىگەن ھالدا نېمە ئۈچۈن-
دۇر ھەممە كىشىلەرگە ئۆچلۈكۈم قوز-
غالدى. ئۆزۈمنى باشقا بىر پلانېت
ئادىمىدەك يىگانە سەزدىم.

بىردىن ئىشىك ئېچىلىپ گۈلنىھال
كىرىپ كەلدى. قولىدا ئالما، پىرەنىك
بىلەن تولغان سومكا. شۇ تاپتا ھېچ-
كىمنىڭ مېنىڭ كەيپىمنى بۇزۇپ ئاۋارە
قىلىشىنى خالىمايتتىم. شۇڭا بۇرۇنقى
تەتۈرلۈكۈم بويىچە ئۆز خىيالىم
بىلەن ئولتۇرۇۋەردىم. ئۇنىڭ كېلىشىم
توغرۇلۇق تولا سوئاللارنى سورايدىغانلىقى
ئېنىق ئىدى. جاۋاب بەرگۈم كەلمەس-
كا شكى، ئۇ كارىۋاتقا كېلىپ ئولتۇردى.
دېگەنىدەك:

— كېسىلىڭىز قانداق؟ — دەپ گېپىنى
باشلىدى.

— ...

— ساۋاقداشلار ۋە مۇئەللىم بىردەم-
دىن كېيىن كېلىدۇ. ئىمتىھان ئىدى.
مەن ئالدىدا يېزىپ بولۇپ چىققاچقا
بالدۇرراق كەلدىم.

— ياخشى داۋالىنىڭ، بۇلارنى يەپ ياخشى ئوزۇقلىنىڭ، — دېگىنىچە قولىدىكى نەرسىلىرىنى جوزىغا قويدى.

ئاچچىقىمنى چىقىرىدىغان يەر تاپالماي تېرىكىپ تۇرغىنىم ئۈچۈنمىكىن، ئۇنىڭ بۇ گېپى ئىشتىيى تۇتۇلغان پەقەت ئاسما ئوكۇل بىلەن ياشاۋاتقان ماڭا مەسخىرىدەك تۇيۇلدى.

— كېرىكى يوق، ئەكەلگەن نەرسىلىرىڭىزنى ئېلىپ چىقىپ كېتىڭ.

قەلبىمدىكى چوڭقۇر يارىلىرىدە بۇ قوپاللىقىمغا پۇشايمان قىلىشتەك تۇيغۇلار ئۆرلىۋىدى، رېئاللىققا بولغان قارشىلىقىم تېخىمۇ ئاشتى. قەستەن ئۆزۈمنى مەجبۇرلاپ قايتىلىدىم.

— چىقىپ كېتىڭ دەيمەن!

شۇ تاپتا شۇنچىلىك چۈشكۈنلەشكەن ئىدىمكى، كىشىلەرنىڭ رەنجىشى مەن ئۈچۈن بەرىبىر ئىدى. بىردىن ئۇنىڭ يىغلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تېڭىرقاپ قالدىم. مەن ئۇنىڭدىن بۇنى كۈتمىگەنىدىم. ئەسلىدە ئۇ ئاچچىقلىنىشى، غەزەپلىنىشى كېرەك ئىدى. مېنى تىللىشى كېرەك ئىدى. باشقىلار دائىم ئەيىبلىگىنىدەك «چۈشەنگىلى بولمايدىغان غەيرىي مەخلۇق!» دېسە، «ساۋاقداشلىق خاتىرىسىنى دېمىسەك سەندەك بىرنېمىنى يوقلاپ كېلەمتىم، ئۆز ۋاقتىدا تىرىك قالماي ئۆلسەڭچۇ...» دەپ تىللىسا بولاتتى. ئۇنىڭ يىغلىغىنى نېمىسى. مەن بۇ پوزىتسىيەمنىڭ خاتالىقىنى ئەسلىدىلا بىلەتتىم. پەقەت ئەمدىلا ھەقىقىي پۇشايمان قىلىشقا باشلىدىم. يېنىمدىكى لۆڭگە بىلەن كۆز يېشىمنى ئېرتتىم.

— كۆڭلىڭىزگە ئالماڭ، ساراڭلىق قىلىپ قويدۇم. بۇ ھەرگىز سىزنى، ساۋاقداشلىرىمنى ئۆچ كۆرگەنلىكىم ئەمەس، ئۆزۈمنى ئارتۇقچە ئادەم دەپ قارىغانلىقىمدىن...

گېپىمنى داۋاملاشتۇرالمىدىم، بىر چوڭقۇر ھەسرەت تىلىمنى قاتۇردى.

— ياق! خاتالاشتىڭىز، سىز ھەرگىزمۇ ئارتۇقچە ئادەم ئەمەس. بىر ھەپتىدىن بۇيان سىزنىڭ يوقلۇقىڭىز بىزگە بەك بىلىندى. پۇتبول مۇسابىقىسىدە ئوغۇللار ئۇتتۇرۇپ قويۇپ تاس قالدى يىغلىۋەتكىلى. مۇئەللىم سىزگە يۈز كېلەلمەيمەن دەپ قارىسا كېرەك، دائىم سىزنىڭ ياخشى تەرەپلىرىڭىزنى قىلىدىغان بولۇپ قالدى. ھەتتا «جەسۇردىن ئۆگىنەيلى!» دېگەن تېمىدا سىنىپ يىغىنى ئېچىپ، يىغىندا يىغلاپ سالدى. ئاقىۋەت بولماي يىغىننى مەكتەپ مۇدىرى باشقۇردى. مۇئەللىم سۆزلىگەندە ھەممىمىز يىغلىدۇق...

كۆزۈمگە ياش ئولاشتى. بايىقى ئۆلۈم ۋەھىمىسى بىلەن ئۆلۈمگە ئىنتىلىش گىرەلىشىپ كەتكەن، چۈشكۈن تۇيغۇلار ۋە ئۆزۈمنىڭ كېسەللىكى نەلەرگىدۇر يوقالدى، ئەستىن كۆتۈرۈلدى. ئارمانىغا يەتكەن كىشى ئۆلۈپ كەتسىمۇ ئازابلانمىغانىدەك شۇ تاپتىكى تۇيغۇمدا ئۆز قىممىتىمنى تېپىش خۇشاللىقى بىر ئۆمۈر لەززەتلىنىشكە يېتىدىغاندەك ئىدى.

مەن چوقۇم ساقىيىمەن...

مەن دېگەن ئوغۇل بالا!...

مەن گۈلنىھالنىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ جىقلا كەپلەرنى قىلماقتا ئىدىم. پات-پات ئىشىككە تەلمۈرەتتىم.

مۇئەللىم، ساۋاقداشلىرىم سىلەرنى بەك سېغىندىم...

# سۈكۈتتىكى يۈرەكتىن جاۋاب

(نەسىر)

رىسالەت ئەسەيدۇللا

مەن ئىنتايىن ئىرادىلىك، غايىلىك ۋە زېرەك قىز ئىدىم. مۇنداق دېسەم كىشىلەر مېنى ئۆز-ئۆزىنى ماختاپتۇ، دەپ مەسخىرە قىلىشى مۇمكىن، بىراق مېنىڭ ئۆتمۈشۈمنى بىلىدىغانلار مېنى ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي ماختىشاتتى، مېنىڭ ھازىرقى ھالىتىمنى بىلىدىغانلارچۇ؟ ئۇلار ئەلۋەتتە «شۇ چىرايى بىلەن ئاشۇ ھاراقكەشكە خوتۇن بولۇپ ئۆز-ئۆزىنى دەپسەندە قىلغۇچە ئايرىلىپ كەتسە بولمامدۇ؟ نېمىدېگەن ئەخمەق ئايال بۇ؟ نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق ھاراقكەشكە تەگكەندۇ؟ خۇددى ئەر تېپىلمايدىغاندەك» دېيىشىدۇ ۋە مېنى زاڭلىق قىلىپ، مېنىڭ بەختسىزلىكىم ئۈچۈن كۈلۈشىدۇ.

ئەي قېرىنداشلار! مەن ئۇزۇن يىللاردىن بېرى سۈكۈت ئىچىدە كىشىلەرنىڭ بارلىق سوئاللىرىنى جاۋابسىز قالدۇرۇپ كەلگەنىدىم. ئەمدى جاۋابىمنى ئاڭلاڭلار.

مەن ھەققانىيەت ئۈچۈن ئۆزۈمنىڭ غۇنچىدەك گۈزەل ياشلىقىمنى غازاڭ قىلىشتىن ئايانمىغان، ھەتتاكى ھاياتىمىدىنمۇ ئەنسىرىمىگەنىدىم. كۈيمىقاپ ئىچىمگە جادۇ قىلىنغىنىمىدىمۇ ئاھ!... تۈگەشتىمغۇ دەپ ئۈمىدسىزلەنمىگەن. ئاخىرى رەقىپلىرىممۇ مېنىڭدىن تەسىرلىنىپ، ماڭا ھېسداشلىق قىلىشقان ۋە مېنى ھۆرمەتلىگەن. ھەتتا بەزىلىرى مەن بىلەن دوست بولۇپمۇ قالغانىدى. مەن ئەنە شۇنداق چەكسىز ئۈمىدۋارلىق ھېسسىياتى ئىچىدە ئۆزۈمنى ئاياللار بىلەن ئەمەس، بەلكى ئالىيجاناب ئەرلەر بىلەن سېلىشتۇرغۇم كېلەتتى. تارىختىكى باتۇر زاتلار بىلەن سېلىشتۇرغۇم كېلەتتى. مېنىڭدىكى ئاشۇ ئۈمىدۋارلىق ۋە قايناق ھېسسىيات ماڭا زور كۈچ-قۇۋۋەت بېغىشلىغانلىقى ئۈچۈنلا مەن تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدىغان جەبىر-جاپالارنى يېڭىپ ئاخىرى قاتمۇ-قات بويۇنتۇرۇقلاردىن قۇتۇلۇپ يورۇق جاھانغا كۆز ئاچتىم. بىراق جەمئىيەتنىڭ تۈرلۈك داۋالغۇلىرى مېنىڭ ئەنە شۇنداق ئېسىل غايە ۋە خىسلەتلىرىمنى ئاللىقاياقلارغا ئۇچۇرۇۋەتتى. تۇرمۇشنىڭ يېسىمى، ئۇرۇق-تۇغقان، ئەل-ئاغىنىلىرىمنىڭ سوغۇق قاراشلىرى ۋە ھاقارەتلىرى مېنىڭ قەيسەر ئىرادىلىرىمنى يەرگە ئۇرۇپ

يەنجىدى. ئاچ - يالىڭاچلىق، يوقسۇزلۇق مېنى ھەيدىدى - ھېسابسىز قىيىندى. جەمئىيەتتە مېنىڭ پۇت دەسسەپ تۇرغۇدەك يېرىم بولمىغانلىقتىن، ئاخىرى مەن ئۆزۈمنىڭ ئاجىز بىر ئايالىققىمغا تەن بەردىم. ئەنە شۇ كۈنلەردە مەن بىر يىگىت بىلەن تونۇشۇپ قالدىم ئۇ ماڭا مۇھەببەت ئىزھار قىلدى. تۇرمۇشنىڭ ئازابى مېنىڭ ئەتراپلىق ئويلىنىشىمغا پۇرسەت بەرمىدى. ماڭا بۇنىڭدىن باشقا ھاياتلىق يولىنىڭ بولمىغانلىقى سەۋەبىدىن نائىلاج ئۇنىڭ بىلەن توي قىلدىم. ھامىلدار بولدۇم. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن يولدىشىمنىڭ مىجەز - خۇلقى ۋە ئىچكى دۇنياسى ئاستا - ئاستا ئاشكارىلىنىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ بىلەن ئۆزۈمنىڭ مۇتلەق ئوخشىمايدىغان ئىككى دۇنيا ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەندە كېچىككەنىدىم. ئۇ ھاراققا شۇنداق بېرىلگەن ئىدىكى، ھەپتىلەپ ھەتتا ئايلاپ ئۇنىڭ ساق ھالىتىنى كۆرگىلى بولمايتتى. مەن جەمئىيەتتە مۇنداق ئىنسانلارنىڭ بارلىقىنى مۇتلەق بىلمەيتتىم ۋە ئاڭلاپمۇ باقمىغانىدىم. ئەمدى ئۆزۈمنىڭ نەقەدەر گۆدەك ۋە ئەخمەقلىقىمنى چوڭقۇر ھېس قىلىۋاتىمەن. يولدىشىمنىڭ ماڭا ئاشى تۆۋەن بولۇپ ھاراققا خەجلىگەندىن سىرت، بالام بىلەن ئىككىمىزنى بېقىش ئۇنىڭغا ئېغىر كېلىپ ماڭا دۇنيادىكى يامانلىقلارنىڭ ھەممىسىنى قىلىپ باقتى. ئاخىرى مەن ئايرىلىپ كېتىشنى تەلەپ قىلدىم. لېكىن ئۇ پىچىقىنى تەڭلەپ «مېنىڭدىن ئايرىلىمەن دېگەن كۈنۈڭ جېنىڭدىن ئايرىلىسەن» دەپ مېنى قورقۇتاتتى. مەن بالىلىرىمدىن ۋاز كېچەلمەي ھەممىگە چىدىدىم. تۇرمۇشنىڭ زۇلمىدىن تۇرمىلەرنى، ئۆلۈملەرنى ھەتتاكى تەنەزگۈلدانلىق تۇرمۇشلارنى سېغىندىم. بىراق ئوماق بالامنىڭ مېھرى - مۇھەببىتى مېنى ھەرقانداق يولغا مېڭىشتىن توسۇپ تۇراتتى. مېنىڭ زۇلۇمغا قارشى، ئەركىكە تەشنا يۈرىكىم ھەر مىنۇت مېنى ۋەسۋەسىگە سېلىپ قاتتىق ئازابلاشقا باشلىدى. تەقدىرگە تەن بەرگۈدەك تاقىتىم قالماي قولۇمغا خەنجەر ئېلىپ، مېنى دەپسەندە قىلىۋاتقان بۇ نومۇسسىزنى جېنىدىن جۇدا قىلىشنى ئويلىدىم. ئاقىۋەتتە بالامنىڭ ئانا مېھرىدىن مەھرۇم بولۇپ، بۇلۇڭ-پۇشقاقلاردا خار - زار بولۇپ قالىدىغانلىقىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈپ، بىر دەمنىڭ ئىچىدىلا يەنە بۇ نىيەتلىرىمدىن يېنىپ ھەسرەت - نادامەت دېڭىزىدا ئۈزۈشكە باشلايتتىم.

ئەي! پەرزەنت، سەن نېمىدېگەن ئۇلۇغ - ھە؟ سەن مېھرىڭ بىلەن يۈرىكىمنى زەنجىرلەپ مېنى ئۆزۈڭگە ئەسىر قىلدىڭ. ئەمدى مەن سېنىڭ چولپاندەك كۆزلىرىڭگە، قىلىقلىرىڭغا مەھلىيا بولۇپ، ئۆزۈمنىڭ بارلىقىمنى دەپسەندە قىلدۇرۇۋېتەمدىمەن؟ قېنى مېنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى قەيسەرلىكىم؟ ئەقىل-پاراسىتىم؟ ئىرادەم؟ مەن بارلىق ئارزۇ - ئۈمىد ۋە غايىلىرىمنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ ئۆز - ئۆزۈمنى نائۈمىد بىر مەخلۇققا ئايلاندۇردۇممۇ؟! مېنىڭ ياشاش ئۈچۈن قىلغان زور قۇربانلىرىممۇ پەقەت ئارزۇ - ئۈمىد ۋە غايىلىرىم ئۈچۈن ئەمەسمىدى؟ قايغۇ - ھەسرەت

(داۋامى 6 - بەتتە)

# شېئىرلار

## سۆيگۈ چاچقۇلىرى

### روزى نىياز



روزى نىياز 1942 - يىلى 6 - ئاينىڭ 20 - كۈنى توخوند دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ شىنجاڭ داشۆ جۇڭگو تىل-ئەدەبىياتى فاكۇلتېتى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە مەكتىپىدە ئوقۇغان. ئوقۇتقۇچى، كاتىپ، تەھرىر قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن.

ئۇ 1959 - يىلى مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ۋاقتىدىن تارتىپلا ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان. ھازىرغىچە تۈرلۈك مەتبۇئاتلاردا 500 پارچىدىن كۆپرەك شېئىرلىرى ۋە بىر قىسىم ماقالىلىرى ئېلان قىلىنغان. «ئاسمان ئەركىسى» ناملىق شېئىرلار توپلىمى (شائىر توختى نەمەتوللا بىلەن بىرگە) نەشر قىلىنغان. ئۇ ھازىر مەملىكەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ، مەملىكەتلىك خەلق ئەدەبىياتى جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى، مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ۋە ئۈرۈمچى شەھەرلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

روزى نىياز ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق بوغالتىرىيە كادىرلىرىنى تەربىيىلەش مەركىزىدە ئاساسلىق پەنلەر كافېدراسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولۇپ ئىشلىمەكتە.

ياش كۆڭلىمىز بىر-بىرىگە بېرىلگەن،
سۆيگۈمىزنىڭ قاناتلىرى كېرىلگەن.
قىلسا تاتلىق ئارمان بىلەن پەرۋاز ئۇ،
ئاي-يۇلتۇزلار چاچقۇ بولۇپ سېپىلگەن.

ئۇچراشقاندا، باقسام ساڭا،
ئوتلۇق كۆز بىلەن،
باھار نۇرى تاراملايدۇ تەبەسسۇمىڭدىن.
چاقناق ھېسلار بالدەك تېتىپ،
مۇڭداشساق ئۇزاق،
يۈرىكىمگە تولار شەربەت شېرىن سۆزۈڭدىن،

يۈرىكىمدە پارلايدۇ ساڭا مۇھەببەت،
پارلىغاندەك ئۇپۇقتىن قۇياش سۈبھىدە.
يالتىرىغان ھەر تال نۇر يېقىملىق ۋە پاك،
ئاڭا بۆلەن، ئېغىنا،
بولماي شۈبھىدە...

كەتتىم يىراق سەپەرگە مەن يول ئېلىپ،
مۇھەببەتلىك دەملەر ئەمدى باشلىنىپ.
بەردىڭ ماڭا شېرىن،
مەسخۇش سەزگۈلەر،
كەلگىنىمدە قۇچاقىمغا تاشلىنىپ.

يۈرىكىمگە ئىزلار سېلىپ ئۆتىسەن،
كىرپىكىڭدىن ئېتىپ سۆيگۈ ئوقياسى.
جۇشقۇن ئىشقىم بۇلاقىغا چۆكسەن،
باغلانغانچە ساڭا دىلىم ئىخلاسى.

تۈندە چىقساڭ سەگىدەشكە ھويلىغا،
ئىزتىراپتا مۆكۈنەر ئاي يۈزۈڭدىن.
تاڭدا ماڭساڭ ئەپكەش يودۇپ بۇلاققا،
خىرەلىشەر چولپان نۇرى كۆزۈڭدىن.

چېچىڭ يەلپۈپ دولقۇن كۆركىدە،
ئىشقىم تارىن چەكسە ناخۇلدەك.
گۈل لېۋىڭدىن تامغان كۈلكىدە،
شاش يۈرىكىم ئوينار ئاھۇدەك.

سۆيگۈمىزدىن نۇرلار تارار ئالەمگە،
تۇرسا ھەتتا گەۋدىمىزمۇ دالدىدا.
پەرۋانە بىز بىرىمىزگە بىرىمىز،
دىلدا يانغان ساداقەتنىڭ ئالدىدا.

ئىستىكىمىز پىيالىسىگە،
تولسا لىپىلىق ئادەمدەك ياشاش.
سۆيگۈمىزنىڭ ئۇپۇقى ئۈزرە،
ئوينار ئۈزسۈل زەر كىرپىك قۇياش.

لالە بويۇڭ ھەسرەتلەرگە بولمىسۇن يەم،
تال-تال بوستان كىرپىكلىرىڭ كۆرمىسۇن
نەم،
يۈرەك خۇشتار
كۈلكە-شادلىق بۇلاقىغا.
شۇ بۇلاقنىڭ بېلىقى بول
ھەر نەپەس-دەم

بېلىق بولۇپ ئۈزسەم ھەر رەت كۆزۈڭدە،
بولار مەلھەم يۈرەككە جان ھۇزۇرى.
چاقماق چېقىپ سۆيگۈدىن بىر ئۆزۈڭدە،
قۇچار ئاسمان يىگىتلىكىم غۇرۇرى.

**شەبنەم**

يالتىرايدۇ مەرمەر كەبى،
گۈل لېۋىگە قونۇپ شەبنەم.
يۇمشاق كۆكۈل شامال كېلىپ،
ئەركىلىتەر ئۇنى ھەردەم.

شەبنەم قەۋەت ھەۋەس قوشقان،
گۈلنىڭ رەڭدار جامالىغا.
ئەمما مىننەت كىرىپ چىقماس،
سۈزۈك شەبنەم خىيالىغا.

## نېمىشقا

ھەبىبۇللا رەجەپ

كىرپىكتىكى ياشتەك تۇرىدۇ،
ئارغامچىنىڭ ئۈستىدە داۋاز.
قورقۇشلارنى ئەتكەن ئۇ تەرك،
ھەركەتلىرى شۇنچە چاققان-ساز.

بەزەن موللاق ئاتىدۇ مەغرۇر،
كۆڭۈللەرگە سېلىپ بىر ئەندىش.
بەزەن ئۇيان-بۇيان ماڭىدۇ،
ماھىرلىقتىن قىلىپ نامايىش.

شۇنداق ھونەر كۆرسىتىپ داۋاز،
لايىق بولۇپ كەلدى ئالقىشقا.
بىراق بىزلەر كەڭرى يولدىمۇ،
ماڭالمايمىز تۈزۈك نېمىشقا؟!

# سەمەندەر ناخشىلىرى

غەيرەتجان فوپۇر

## غېرىب قەبرە

غېرىپ بىر قەبرە تۇرار جىرادا،
داڭقاللار دۆۋلەپ ياساپ قويۇلغان.
تىرىكلىك ئۈچۈن سەپەر قىلغانلار،
ئاشۇ يەردە ياش تۆكىدۇ ئاسان.

## يالغۇز كەپە

قۇشلار توپلاشقان يىراق ئورماندا،
يالغۇز بىر كەپە تۇرار قارىيىپ.
ئورمانچى ئەمەس ياشايدۇ ئۇندا،
غەمكىن بىر ئادەم قۇشقا ئايلىنىپ.

## شائىرەنىڭ تۇغۇمى

نەچچە ئوغۇل تۇغدى شائىرە
تولغاق بىلەن ئېغىر ھالسىراپ.
مىراسخور بولدى يەنىلا،
ئىككى شېئىر ئۇنى ھاپاشلاپ.

## قۇش قانىتى

تىلەك قىلىپ قۇش قانىتىنى،
سانسىز بۇندا تۇغۇلۇپ ئۆلمەك.
بوركۇت ئىدى ئەسلى ئەي ئادەم،
كۆكرىكىڭدە تەۋرىگەن يۈرەك.

## بىچارە قۇش

قۇش يۇتۇرۇپ قويدى سىرىنى،
بىلىۋالدى ئوۋچى بىر ھونەر.
كەڭلىكلەردىن قانداق ئۆتۈشنى،
بىچارە قۇش قايتا ئۆگىنەر.

# ئېھتىمال

مۇختار سۇپى

گۇناھى ئېھتىمال بار كېچىنىڭ،
كوتۇۋالغان بىزنى قانچە رەت.
شېرىن-شېرىن پىچىرلاش بىلەن...
ئېھتىمال
ئاشۇ ئورۇندۇق
بولغان بىزگە يامان نىيەتتە،
ياكى ئۇ
ئاشۇ يەرگە قويۇلغان خاتا.
بۇ ۋىسال
بەرگەن بىزگە ئاداققى سىگنال
سۆيۈش ئۈچۈن مەڭگۈ ئۆزئارا
ئېلىپ قاچتى كۆزلىرىمدىن
زىرارىڭنى ئېھتىمال.
بۇ مەن ئۈچۈن
بولۇپ قالدى
تۇنجى قېتىم ئۇچرىشىش-ۋىسال!
سەن ئۈچۈن
ئەڭ ئاخىرقى
خوشلىشىش بولۇپ
تۇيۇلغاندۇ ئېھتىمال؟!

# گۈگۈم كەزگەن مىسكىن ناخشىلار

## ئابدۇرېشىت بارات



ئابدۇرېشىت بارات ئۇيغۇر 1964-يىلى 10-ئايدا قەشقەردە تۇغۇلغان. ئۇ 1982-يىلى قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيەسىدىكى مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، بەشكېرەم يېزىسىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. 1988-يىلىدىن باشلاپ شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتىنىڭ تىل-ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇۋاتىدۇ.

ئۇنىڭ ئىجادىيىتى 1984-يىلىدىن باشلاپ مەتبۇئاتلاردا كۆرۈلۈشكە باشلىغان بولۇپ، ھازىرغىچە تۈرلۈك گېزىت-ژۇرناللاردا 110 پارچىدىن ئارتۇق شېئىر، كومېدىيە ئەسەرلىرى ۋە بىر نەچچە پارچە ئەدەبىي ئوبزورى ئېلان قىلىندى.

### سۈنۈق دىلدا ساقلانغان سۆيگۈ

يۈرەر يىگىت يېتىمدەك تەنھا،
بىر گۈزەلگە تەلمۈرۈپ ئۈنسىز.
سۆيگۈ ئىزھار قىلمايدۇ ئەمما،
يۈرىكىدە سۆيگۈ بىر دېڭىز.
يار نىگاھى ئۇنىڭغا بېگىز.

تۈن قوينىدا يىگىت ناخشىسى،
ئۇچۇپ بارار دېرىزە چېكىپ.
شېرىن ئۈمىد يېتىملەر ئۈنى،
تەشۋىشلەرگە ئىزلەر تەسەللى،
يىگىت كۆڭلى پىنھان پال ئېچىپ.

يىگىت كۆڭلى تەلپۈنگەن گۈزەل،
خەۋەرسىزدۇر ئۇشبۇ پىغاندىن.

سۈنۈق دىلدا ساقلىنار سۆيگۈ،
يىگىت كۆڭلى ھىجرانغا يېقىن،
ئۈمىد ئۈزمەس سۆيگۈدىن لېكىن.

### قوبۇل قىلغىن ساڭا ئاشىق قەلبىمنى

ھالرەڭ ياغلىق يۈرىكىمدە لەپىلدەر،
سەزگۈلىرىم سۆيىدۇ ئۇ بايراقنى.
ئەسىر بولۇپ تۇيۇلىدۇ ھەپتىلەر،
كۆرمىگەچكە سەن پەرىشتەم ئۇماقنى.

دالدىلاردا قالغان ئىزىڭ، ھۆسنۈڭنى-
ئەسلىتىدۇ تارتقۇزۇپ مەيلىمنى.
ۋىسالىڭنىڭ ئۈمىدىدە سەرسانمەن،
قوبۇل قىلغىن ساڭا ئاشىق قەلبىمنى.

# ئاھ! مەيلىلا...

## ئۆمەرجان مۇھەممەدى

قىز سىنىڭدەك بولسا تاق ئۆتەي،
يۈرىكىمنى تىلماي ساق ئۆتەي.
گۈللىمىگەن سۆيگۈسىز ھايات،
ئاھ مەيلىلا قاغجىراپ ئۆتەي

قىز سىنىڭدەك بولسا تاق ئۆتەي،
بىۋاپادىن مەن يىراق ئۆتەي.
بۇ دۇنياغا كەلدىم بىغۇبار،
تائەبەدكە كۆڭلى ئاق ئۆتەي.



# باللىقىم، باللىقنى بەرگەن ماڭا

ئابدۇشۈكۈر ئابدۇراخمان

سەھرادا ئۆتتى سەبى باللىقىم،
غۇبارسىز نادانلىقىم ـ چاللىقىم.
ئېسىمدە تاشقا مۆھۈر باسقاندەكلا،
شىۋاقلىق ئېدىرلاردا شوخلۇق بىلەن،
ئات قىلىپ ئوينىغان تال ـ چىۋىقلىرىم.

سېزەتتىم ئۆزۈمنى بىر بويۇك خاندەك.
بارچىنى بىر ماڭىلا ياراتقاندەك.
شامال لار ئۆركىشىدە تىنىقلىرىم،
كەڭ دالا، گۈزەل ۋادا، سەلكىن ھاۋا،
ماڭلىيىغا چېچەك سالغان قىلىقلىرىم.

ئېسىمدە سېرىق چېچەك ياڭزا ياپراق،
ئېسىمدە مىنگەن چاغلار موزاي ـ توپاق.
ئېسىمدە سەھرانىڭ كەڭ بوزلۇقىدا،
ئويۇنىمىز ـ «ئاق باياق ھەم قىزىل
باياق»،
ئۆتەتتى ھاياتىمىز ئەنە شۇنداق.

باللىقىم بەرگەن ماڭا باللىقنى،
نۇر بىلەن سىرداشقان شۇ چاغلىرىمنى.
ئەسلىشىم يۈرىكىمگە بىر ئوت سالدى،
ئۇنتىمىز بېزەي قانداق ياشلىقىمنى،
بەر ماڭا قەلبىمدىكى پاكلىقىمنى!

# قىش مەنزىرىسى

مۇسا ئەھەت

ئەنە قەدىم دۆڭ ئويمان ئارا،
بىر توپ ئۆردەك كۆتۈرۈپ چۇقان ـ
نىمىنىدۇر ئىزلەر قار كېچىپ،
ئەگەشتۈرۈپ كەينىدە تايغان.

غارلار تىمتاس، توپ ـ توپ كەپتەرلەر،
خامان تامان ئىزلەپ كەتكەن دان،
بوغۇق ـ بوغۇق ئۇنلەپ ئۆردەكلەر،
بۇلاقلاردىن تۇتقان جاي ـ ماكان.

# كۆز ئالدىمدا «قۇم باسقان دېڭىز»

ئالىم ئابلا

كۆز ئالدىمدا قۇم باسقان دېڭىز،
سۇنايلىنىپ ياتار ھالسىراپ،
قىسمىتىگە ئەسىردۇر كۆڭلۈم،
سىرلىرى بىر تۈگىمەس كىتاب.

سىردىشىمدۇ تۇندە ئاي بىلەن،
كوندۈزلىرى قۇياشقا بېقىپ.
تېنىمىقىدا ھەسرەتلىك ئۇدۇم،
ئاڭلىنىدۇ ۋەھىمە سېلىپ.

بوۋام ئېيتقان ساماۋى چۆچەك،
ئېچىپ قويدى قەلبىمدىن روجەك.
كۆز ئالدىمدا قۇم باسقان دېگىز،
مېھرىلەندى تىترىتىپ يۈرەك.

كۆز ئالدىمدا قۇم باسقان دېگىز،
شاۋقۇنىنى ئاڭلىغانمۇسىز؟

يول سېلىشتىن كارۋان مۇقەددەم،
دولقۇنلانغان ئىكەن بۇ دېگىز.

نېچۈن بوگۈن قالدى ھالسىراپ؟
يەتتىمىكىن ئاڭا قېرىلىق.
ئۇندا ئۆسكەن قىزىل يۇلغۇنلار،
بەرمىدىمۇ ياكى يېشىللىق؟

# شۇ يازغان خېتىمنىڭ...

تاجىگۈل قادىر

ئايرىلىش ئالدىدا تەلمۈرۈپ ماڭا،
كۆزۈڭگە ياش ئېلىپ «ئۇنتۇما» دېدىڭ.
ئۇن-تىنسىز تۇرساممەن (ئەمما كۆڭلۈم غەش)،
«باغرىڭنى ئۇنچىلىك تاش قىلما» دېدىڭ.

ئايرىلدۇق كۆپ ۋاقىت ئۆتتى ئەجەپ تېز،
بۇ ھايات سىنىدى سېنى ۋە مېنى.
سېغىنىش ئوتىدا يالقۇندەك يېنىپ،
شۇ يازغان خېتىمنىڭ جاۋابى قېنى؟

(بېشى 82 - بەتتە)

ئۈرۈمچى كېڭىيىشكە، تەرەققىي قىلىشقا باشلىدى.

ئۈرۈمچىنىڭ تەرەققىي قىلغان، راۋاجلانغان پەيتىنى ھېسابقا ئېلىپ، ئۇ، رومغا ئوخشاش شەھەر، دەپ تەرىپ بېرىش، ئۈرۈمچىنىڭ ئەسلى كېلىپ چىقىش مەنبەسى ۋە سەۋەبىنى ئەمەس، ئۇنىڭ تەرەققىياتىنىڭ نەتىجىسىنى چۈشەندۈرىدۇ، خالاس.

دېمەك، ئۈرۈمچىنى مىلادىدىن كۆپ ئەسىرلەر ئىلگىرى خەلق ئاممىسى بارلىققا كەلتۈرگەن ۋە ئۇنىڭ نامىمۇ ئاشۇ كىشىلەرنىڭ كەسىپ نامى بىلەن ئاتىلىپ مۇقىملىشىپ كەتكەن. ئۇنىڭ نامى «گۈزەل يايلاق» ياكى «گۈزەل بۇلاق» ئىدى ياكى ئۇنىڭغا چىڭگىزخاننىڭ ئەۋلادىنىڭ نامى قويۇلغان دېگەندەك ئىبارىلەر ۋە باشقا ئىبارىلەرنىڭ ھەممىسى ھەقىقەتكە ئۇيغۇن ئەمەس. مەن «ئۇ» تاۋۇشىنىڭ تەلەپپۇزىنى (ئۇرغۇسىنى) جايىدا ئېيتىپ، تېبىئىي گۈزەللىكى، ئەۋزەل جۇغراپىيەۋى شارائىتى بىلەن كىشىلەرگە مەڭگۈلۈك ماكان بولغان «ئۈرۈمچى» نىڭ ئىز مەنىسى بويىچە ئاتىلىشىنى قوللايمەن.

يۇقىرىقىلار مېنىڭ قىسقىچە قارىشىم بولۇپ، كەڭ جامائەتچىلىكنىڭ بۇ ھەقتە پىكىر بايان قىلىشىنى، ئەگەر خاتا قاراشتا بولسام تەنقىدىي ياردەمدە بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

# «ئۈرۈمچى» ئاتالغۇسى ھەققىدە قىسقىچە بايان

ئەخمەت ھۆسەيىن

مەن ئىقساد، ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت، پەن - تېخنىكا، ھۈنەر - سەنئەت يۈكسەلگەن بۈگۈنكى «ئۈرۈمچى شەھىرى» ھەققىدە ئەمەس، «ئۈرۈمچى» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى ۋە ئۇنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبى توغرىسىدا قىسقىچە قارىشىمنى بايان قىلماقچىمەن.

ھەممىگە مەلۇمكى بىرەر جاينىڭ كىشىلەرگە ماكان بولۇشى ئۈچۈن، ئەڭ ئالدى بىلەن ئۇ يەرنىڭ ئەۋزەل شەرت - شارائىتى، ئەپچىل جۇغراپىيەۋى ئورنى بولۇشى كېرەك.

بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز مىلادىدىن نەچچە ئەسىرلەر ئىلگىرىلا ئۈرۈمچىنىڭ ھاياتى كەچۈرۈشكە قولاي بۈك - باراخسان دەل - دەرەخلىك، سۈيى مول، ئۆزلەشتۈرۈشكە ئەپچىل جىلغا ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، سۈيى ئۈزۈلمەي راۋان ئۇلۇنۇپ ئاقىدىغان - ئۇلانبايدا بىر شەھەرنى بارلىققا كەلتۈرۈپ ئۇنىڭغا «دەقيانۇس شەھىرى» ① دېگەن ئاتنى قويغان.

دەقيانۇس تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ رىۋايىتىدىكى مەشھۇر شەخس بولۇپ بۇ زاتنىڭ مۇبارەك نامى ئەجدادلىرىمىزنىڭ كۆچمەن چارۋىچىلىقتىن ئولتۇراقلىشىپ، شەھەر مەدەنىيىتىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. بوز يەرلەرنى ئېچىپ، دېھقانچىلىقنى يولغا قويغان، سۇ مەنبەسى كەمچىل قۇرغاق رايونلاردا كارىزلارنى چاپتۇرغان. چارۋىچىلىق بىلەن دېھقانچىلىقنى بىللە راۋاجلاندۇرغان، ئالتۇن، مىس، كۈمۈش، تۆمۈر، قاشتاشتىن ئىبارەت بەش خىل مېتالدىن پايدىلىنىش ئۈنۈمىنى ئاشۇرغان ئەقىل - پاراسەتلىك رېئال ئىنسان سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنىپ، ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا ياد ئېتىلىپ كېلىۋاتقان بىر ئادەمنىڭ ئىسمىدۇر.

كىشىلەر دەقيانۇسنى ئىسلام دىنى بارلىققا كېلىشتىن 1100 - 1200 يىللار ئىلگىرى يەنى مىلادىدىن 5 - 6 ئەسىر ئىلگىرىكى زامانلاردا ئۆتكەن رېئال شەخس، دەپ قەيت قىلىشىدۇ.

ئەنە شۇ زامانلاردا «دەقيانۇس شەھىرى» نىڭ كىشىلىرى شەھەرنىڭ تۆۋىنىدىكى جىلغا ئىچىدە بۈك - باراخسان ئۆسكەن قىرچىن، تال، قارىياغاچ قاتارلىق دەل - دەرەخلەرنىڭ پىشقان ئەۋرىشىم نوتىلىرىدىن ئۆزلىرىگە كېرەكلىك سېۋەت، سوكەن،

① «تارىخىي ھەدىيە»گە قارالسۇن.

زەمبىل، چويلا، چوكۇلۇك، جەمبىل قاتارلىقلارنى ئۆرۈپ ئىشلەتكەن.

كىشىلەرنىڭ بۇ خىل تۇرمۇش مەئىشەتلىرىگە بولغان ئېھتىياجى ئاشقانسېرى بىر بۆلۈك ئادەملەر مەخسۇس سېۋەت، زەمبىل قاتارلىقلار-نى ئۆرۈپ، ئۆزلىرىگە كېرەكلىك ماددىي نەرسىلەرگە تېگىشكەن. بارا-بارا سېتىشنى يولغا قويغان.

مۇنداق ئۆرۈمچىلىكنى كەسىپ قىلغان كىشىلەر دەسلەپتە چىۋىقلارنى ئۆز ئۆيلىرىگە ئەكىلىپ سېۋەت، زەمبىل ئۆرىگەن بولسا، كېيىنچە ئۆزلىرىگە كېرەكلىك، دەل-دەرەخلەر بۈك-باراقسان ئۆسكەن جىلغىنىڭ ئەپچىل يېرىنى تاللاپ ئولتۇراقلاشقان. نەتىجىدە مەھەللە بارلىققا كەلگەن. تەبىئىي ھالدا كىشىلەر بۇ يېڭى مەھەللىگە «ئۆرۈمچىلەر مەھەللىسى» دېگەن ئىسىمنى قويغان. مانا مۇشۇ نام بوگۈنكى ئۆرۈمچىنىڭ ئەسلى نامى ۋە بۇ نامنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبى ئىدى. زامان، دەۋرلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ مەھەللىگە ئولتۇراقلاشقانلار كۆپەيگەن. ئەمما ئۇنىڭ ئەڭ دەسلەپتە قويۇلغان «ئۆرۈمچى» دېگەن نامى ئۆزگەرتىلمەي ساقلىنىپ قېلىۋەرگەن. پەقەت بىزنىڭ دەۋرىمىزگە كەلگەندىلا ئۇرغۇلۇق ئېيتىلىدىغان «ئۈ» تاۋۇشى، يۇمشاق تەلەپپۇز قىلىنىپ ئۇرغۇ ئاخىرقى بوغۇمىدىكى «چى» غا كۆچۈپ، ئەسلىدىكى مەنا ئۆزگەرگەن.

تۇرپان تىلىدا «ئۆر» سۆزى-سېۋەت ئۆردى، زەمبىل ئۆردى. چاچ ئۆردى دەپ ئىشلىتىلىپ ئۇرغۇ يەنىلا باشتىكى بوغۇمدا بولىدۇ. «توقى ياكى توقۇش» دېگەن سۆزلەر يىپ ياكى مەشۇت يەپتىن توقۇلغان رەختكە قارىتىلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن تۇرپان تىلىدا «سېۋەت توقىدى»، زەمبىل توقىدى» دېيىلمەيدۇ. دەرۋەقە «ئۆرۈمچى» ئاتالغۇسىدىكى «ئۈ» تاۋۇشىدىكى ئۇرغۇ «چى» غا كۆچۈشى بەزى كىشىلەرنىڭ خىلمۇ خىل تەپەككۇر قىياسلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشىغا سەۋەبچى بولدى ۋە لېكىن تەپەككۇر قىياسلىرى ئەمەلىي رېئاللىققا ئۇيغۇن بولغانلىقى ئاندىن ئىز بېسىپ تۇرالايدىغانلىقى ھەممىگە ئايان.

ئۇزاق تارىخىمىزدىن قارىغاندا ئۆرۈمچىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئاھالىسى تۇرپانلىقلار بولۇپ بۇ ماكانىنى مەيلى مىلادىيدىن بۇرۇنقى 3-ئەسىردىن، مىلادىيدىن كېيىنكى 8-ئەسىرگىچە ھۆكۈم سۈرگەن «بۈيۈك ئۇيغۇر ئېلى» دەۋرىدە بولسۇن، مەيلى 8-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا قۇرۇلۇپ 1403-يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن «ئۇيغۇر ئىدىقۇت خاندانلىقى» دەۋرىدە بولسۇن ئۇيغۇرلار ئۆز ئىلكىدە تۇتۇپ باشقۇرۇپ كەلگەن.

تارىختىن ساۋاتى بار كىشىلەرگە مەلۇمكى باتۇر ئىستىلاچى چىڭگىزخاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى چاغاتايخان ئۆزىگە تەگكەن زېمىنلەرنى يەنە بۆلگەندە: «..... دۇغلات قەبىلىسىدىن بابدۇغان دۇغلاتىغا ماڭلاي سۇيەنى ۋە ئۈچ مەنسەپنى مىراس قىلىپ بەردى. ماڭلاي سۇيە، مىرغۇل تىلىدا «ئاپتاپ تەرەپ» يەنى (شەرقىي تەرەپ) دېگەن مەنىدە ئىكەن. بۇ زېمىننىڭ شەرقىي چېگرىسى- باغراش، كورلا، شىمالدا-مۇزتاغ،

(داۋامى 80-بەتتە)

غەربتە ئالتاي تاغلىرى ۋە كاتتا
داۋان، جەنۇبتا — لەئىلى كان، بەدەخ-
شان ۋە قاراكۇرۇم تاغىدىن ئىبارەت.»
(تارىخىي ھەممىدى 97-بەت)] دېيىلگەن
بولۇپ، چىڭگىزخانىنىڭ قەدىمىي
ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ يېرىگە
تەگكەن ئەمەس.

«ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقى» چىڭگىز-
خانىنىڭ 1227-يىلى 8-ئاينىڭ
18-كۈنى (ھىجرىيە 624-يىلى
رامىزان ئېيىنىڭ 4-كۈنى) ۋاپات
بولغان كۈنىدىن ھېسابلىغاندىمۇ
توپتوغرا يەنە 176 يىل ئۆزىنىڭ
تېررىتورىيە پۈتۈنلۈكىنى ساقلاپ قال-
غان. ئۇنداق شارائىت ئاستىدا
ئۈرۈمچىگە، چىڭگىزخانىنىڭ «ئۈرۈمچى»
دېگەن ئەۋلادىنىڭ نامى قويۇلۇشى
مۇمكىنمۇ؟!...

توغرا 1403-يىلى ئۇيغۇر ئىدىقۇت
خانلىقى (1348-يىلى ئالمىلىقنى پاي-
تەخت قىلىپ چىڭگىزخانىنىڭ يەتتىنچى
ئەۋلادى تۇغلۇق تۆمۈر تەرىپىدىن قۇرۇل-
غان «موغۇلىستان» دۆلىتىنىڭ 2-خانى
خىزىرخوجا) تەرىپىدىن بېسىۋېلىندى.
لېكىن بۇ دەۋردىكى موڭغۇللار مۇسۇل-
مانلاشقان، ئۇيغۇرلاشقان ئالاھىدە
«موڭغۇل» لار بولۇپ، ئۇلارنىڭ پائا-
لىيەت سەھنىسى — سەمەرقەنت، تاشكەنت،
ئالمىلىق (قورغاس)، ئاقسۇ، تۇرپان
(لۈكچۈن)، بەشبالىق شەھەرلىرى
ئىدى. بۇ ئۇيغۇرلاشقان مۇسۇلمان
موڭغۇللارنىڭ ئۆز ئەۋلادى «ئۈرۈمچى»
نى ئەسلەشكە چولىسى تەگمەيتتى.

موغۇلىستاننىڭ ئاخىرقى خانى
مەنسۇرخان 1543-يىلى قۇمۇلدىن
كورلىغىچە بولغان جايلارنىڭ باشقۇ-
رۇش ھوقۇقىنى ئۆز ئىنىسى سەئىد-
خان تەرىپىدىن قۇرۇلغان «سەئىدىيە
سۇلتانلىقى» نىڭ 2-خانى (1533-
يىلى تەخت ۋارىسى بولغان ئابدۇرىشىت-
خاننىڭ تېخى دۇنياغا كەلمىگەن ئەڭ
كەنجى ئوغلى ئابدۇرەھىمخانغا) ھەدىيە
قىلىپ بېرىۋەتتى. 1618-يىللاردا
قۇمۇلدىن كورلىغىچە بولغان جايلار-
نىڭ ھوقۇقىنى ئىلكىگە ئالغان ئابدۇ-
رەھىمخاننىڭ پائالىيەت سەھنىسى —
لۈكچۈن، بەشبالىق، چالىشى (قارا
شەھەر)، قۇمۇل، تۇرپان، كۇچا قاتار-
لىق جايلار ئىدى.

«سەئىدىيە سۇلتانلىقى» دەۋرىدە
جۇڭغارلار تامامەن «سەئىدىيە سۇلتان-
لىقى» نىڭ ئىلكىدە تۇرغان ئەھۋال
ئاستىدا يەنە قانداق قىلىپ ئۈرۈم-
چىگە چىڭگىزخاننىڭ ئاشۇ ئەۋلادىنىڭ
نامى قويۇلسۇن؟!...

1682-يىلى «سەئىدىيە سۇلتانلىقى»
يوقىلىپ غوجا سەئىدلەر باش كۆتۈر-
گەن خوجىلار دەۋرىدىمۇ ھاكىمىيەت
سەھنىسى — ياركەنت، قەشقەر، قورغاس،
لۈكچۈن قاتارلىق جايلار بولۇپ،
بۇ چاغدىكى ئۈرۈمچى يەنىلا تەرەققىي
قىلىۋاتقان ئۆرتەڭ ئىدى...

پەقەت چىڭ سۇلالىسى 1883-يىلى
روسىيە بىلەن تەڭسىز ئىلى شەرت-
نامىسىنى ئىمزالاپ يەتتى سۇنى روسى-
يىگە تارتقۇزۇپ قويغاندىن كېيىنلا
«ئىلى جاڭجۈڭ مەھكىمىسى»نى ئۈرۈم-
چىگە يۆتكىدى.

1884-يىلى مانجۇ سۇلالىسى «غەر-
بىي دىيار» دا «شىنجاڭ ئۆلكىسى»
نى قۇرغاندىن كېيىن ئۈرۈمچىنى
مەركەز قىلدى. شۇندىن ئېتىبارەن

# پادىشاھنىڭ كىيىمى بارمۇ؟

(يازغۇچى ئالىم ئاتەخانغا ئوچۇق خەت)

ئىمىن ئوسمان [سوۋېت ئىتتىپاقى]



يازغۇچى ئىمىن ئوسمان 1945 - يىلى غۇلجا شەھىرىدە تۇغۇلغان. ئۇ نىزامىي نامىدىكى تاشكەنت دۆلەت پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنى تۈگىتىپ دەسلەپ «گۈلىستان» ژۇرنىلىدا، كېيىنچە ئۆزبېكىستان كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ «ياش گۋاردىيە» نەشرىياتىدا، ئۆزبېكىستان دۆلەت رادىئو كومىتېتىنىڭ ئەدەبىي - دراماتىك ئاڭلىتىشلار بۆلۈمىدە، غوپۇر غۇلام نامىدىكى ئەدەبىيات - سەنئەت نەشرىياتىدا ئىشلىگەن. ھازىر ئۇ ئۆزبېكىستان يازغۇچىلار جەمئىيىتى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى بۆلۈمىنىڭ يېتەكچىسى بولۇپ ئىشلەيدۇ.

ئىمىن ئوسمان سوۋېت ئۆزبېك ئەدەبىياتىدا ئۆزىنىڭ ئالاھىدە بەدىئىي ئۇسلۇبى ۋە ئۆزگىچە ئىجادىيەت ماۋزۇسى بىلەن تونۇلغان تالانتلىق يازغۇچىلارنىڭ بىرى. ئۇنىڭ «مېھرى گىيا» ناملىق رومانى، «تىللا چاناق»، «يالقۇن»، «كۆڭۈل كۆزى»، «ئاغىنە» قاتارلىق پوۋېستلىرى شۇنداقلا بىر قاتار ھېكايە ۋە پۇبلىتسىستىك ماقالىلىرى كىتابخانلار ئىچىدە چوڭقۇر تەسىرگە ئىگە. بىز تۆۋەندە ئۇنىڭ «پادىشاھنىڭ كىيىمى بارمۇ؟» ناملىق ماقالىسىنى مۇشتەرىلارنىڭ دىققىتىگە سۇندۇق.

— تەھرىردىن —

ئالىمباي! تونۇگۈن سىز مەندىن ئېتىقاد ھەققىدە سوراپ قالدىڭىز. ئىمان - ئېتىقادلىق ئادەمنىڭ قانداق بولۇشى كېرەكلىكى ھەققىدىكى تەسەۋۋۇرىمىز خىرەلىشىپ قالغانمۇ، قانداق، دەرھال بىرنەرسە دېيىشكە پېتىنالمىدىم. سىزمۇ شۇنداق ئەھۋالدا بولغىنىڭىز ئۈچۈن، ئۆزىڭىزنى قىيناۋاتقان بۇ مەسىلىدە، مەن بىلەن ئورتاقلاشماقچى بولغان بولسىڭىز كېرەك. دۇنيانىڭ ئىشلىرى ھازىر شۇنچىلىك چىگىشلىشىپ كەتكەنكى، ئۇنى پەقەت ئورتاق پىكىرلىشىش يولى بىلەنلا ھەل قىلىش مۇمكىن. يالغۇز ئاتىنىڭ چېڭى چىقماس، دەپ بىكار ئېيتىشمىغانغۇ؟ ھازىر كۆپچىلىك پەقەت ئۆز تەشۋىشلىرى بىلەنلا بولۇپ كېتىپ، جەمئىيەتنىڭ ئەھۋالى ھەققىدە ئويلىمايدىغان، باشقىلارنىڭ قايغۇسىنى ھېس قىلمايدىغان بولۇپ قالدى. شۇڭا بىز نە خۇدادىن، نە بەندىدىن قورقمايدىغان كىشىلەرنىڭ كۆپچىلىككە

باشچى بولۇۋالغانلىقىغا، تەلىم -
تەربىيە بېرىدىغان، مەرىپەتكە ئوندەي -
دىغانلارنىڭ ۋىجدانىنىڭ پاك بولماي -
ۋاتقانلىقىغا كونۇكتۇق. پەرۋاسىزلىق
قارىشى قېنىمىزغا سىڭىپ كەتتى.
قەيەردە پەرۋاسىزلىق قارىشى ھۆكۈم -
ران ئىكەن، ئۇ يەردە ئادالەت تەنت -
تەنە قىلىشى، ئادەملەرنىڭ بىر - بىرىگە
مېھرى - شەپقەت كۆرسىتىشى، ئۇلارنىڭ
يۈكسەك غايىلەر ئۈچۈن جېنىنى پىدا
قىلىشى مۇمكىن ئەمەس.

شەرق مۇتەپەككۇرلىرىدىن بىرىنىڭ
«خۇببۇل ۋەتەنى مىنەل ئىمان»، يەنى
ۋەتەننى سۆيۈش ئىمان - نىشانىسى -
دۇر، دېگەن سۆزى بار. ھەقىقەتەنمۇ
ۋەتەننى سۆيۈش ئۈچۈن ئىمانلىق،
ۋىجدانلىق ئادەم بولۇش كېرەك.
ۋەتەن دېگىنىمىز بىر پارچە زېمىن.
ئۇنداق بولسا شۇ زېمىندا ياشاۋاتقان
ئادەملەرنى سۆيۈش، ئۇلارغا ياخشىلىق
قىلىش ئۈچۈن كىشىلەر قانداق
سۈپەتلەرگە ئىگە بولۇش كېرەك؟

ئېتىقادلىق ئادەم بولۇش ئۈچۈن
يالغۇز ۋەتەننى ياكى خەلقنى
سۆيۈشلا كۇپايە قىلمايدۇ. بارچە
ئىنسانىي پەزىلەتلەرنىڭ ھەممىسى
ئېتىقادنىڭ مەزمۇنىنى تەشكىل قىلىدۇ.
كىمكى ئۆزىنى تونۇسا، خۇدانى تونۇي -
دۇ، دېگەن ھېكمەت بار. ئۆزىنى
تونۇمىغان ئادەم ۋەتىنىنىمۇ، خەلقىنىمۇ
سۆيمەيدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسان
ئىلىم - مەرىپەتلىك بولۇشى كېرەك.
مەرىپەتلىك ئادەم، ئىنسانىيەتكە
تەئەللۇق ھەممە نەرسىدىن بەھرىمەن -
لىنىدۇ، دىنغىمۇ، قارىغۇ، ئۆرپ -
ئادەتلەرگىمۇ ھۆرمەت بىلەن قارايدۇ،

ئەپسۇسكى، بىزدە ھازىرغىچە ئۇنىڭ
ئەكسىچە بولۇپ كەلدى. ھازىرغىچە
تارىخىمىزنى، ئۇلۇغ ئالىملار ھاياتىنى،
ئەدەبىياتىمىزنى ئۆز دىنىمىزنىڭ تار
قولىپىمىزغا سېلىپ ئۆگىنىۋاتىمىز.
بۇ ھازىرغىچە ئۆزىمىزنى تونۇمىغان -
لىقىمىزنى كۆرسىتىدۇ، ۋەھالەنكى،
«ئۆگىنيوك» ژۇرنىلى سەھىپىلىرىدە
ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ھەر قانداق
نەرسىنى، شۇ جۈملىدىن دىنىنىمۇ
چەتلەپ ئۆتمەسلىك كېرەكلىكى ھەق -
قىدە پىكىرلەر ئېيتىلىۋاتىدۇ. «ئىنجىل»
شۇنداق تارىخىي ئابىدىكى، بۇ كىتاب -
سىز ئۆتمۈشتىكى تارىخنىلا ئەمەس،
بەلكى ئىنسانىيەتنىڭ تەرەققىيات
باسقۇچلىرىنىمۇ بىلىش مۇمكىن
ئەمەس» - دەپ يازدى دنېپروپېترو -
ۋىسكى ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي كومۇ -
نىزم كافېدراسىنىڭ دوتسېنتى
س. ئى. ژوك. بىز بولساق قۇرئاننىڭ
ئەھمىيىتىنى ئۆگىنىش تۈگۈل، بۇ
كىتابتا نېمىلەر يېزىلغانلىقىغا قىزىق -
قىشتىنمۇ قورقىمىز. بۇ قورقۇش
قاچان پەيدا بولدى؟ نېمىشقا ئادەم
ئادەمدىن قورقۇشى كېرەك؟ دىن
ئاشۇنداق تەلىم بېرەمدۇ؟ ئاخىر،
ھەممىمىز بىلىدىغان «ئىنسانلارنىڭ
ھەممىسى خۇددى تاغاقنىڭ چىشىدەك
تەڭ - تەكشى يارىتىلغان»، دېگەن
دانا پىكىر بارغۇ؟ ھەممە كىشى
تەڭ ئىكەن، ئۇنداقتا نېمىشقا بىر
خەلقنىڭ ۋەكىلى ئېيتقان پىكىرنى
ئىككىنچى خەلقنىڭ ۋەكىلى ئوتتۇرىغا
قويالمايدۇ؟ بۇنىڭغا نېمە توسقۇنلۇق
قىلىۋاتىدۇ؟ قورقۇش!
قورقۇش - ئىمانى زەئىپ، ئېتىقاد -

بىز ئادەملەرگە خاس خۇسۇسىيەت.
تارىختىن مەلۇمكى، مەھمۇت قەشقە-
رى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، بىرونىي،
ئىبىن سىنا، ئەل - خارازمىي، ناۋايى
قاتارلىق ئۇلۇغلار ئىمانلىق، ئېتىقاد-
لىق بولغىنى ئۈچۈن ئۆلمەس ئەسەر-
لەرنى يارىتالىغان. ئەپسۇسكى بىز
بۇلارغا مۇناسىپ ۋارىس بولالمايۋاتى-
مىز. بۇنىڭغا بىرمۇنچە باشقا سەۋەب-
لەر قاتارىدا ئىمانىمىزنىڭ سۇسلىقى
توسقۇنلۇق قىلماقتا. نەتىجىدە بىز-
نىڭ شەخسىيەتچىمىزمۇ، ئەدەبىياتىمىز-
مۇ، ئوتتۇرا سەۋىيىدىن نېرى ئۆتەل-
مەيۋاتىدۇ. توغرا، سوۋېت ئىتتىپاقى-
دا 1923 - يىلىدىن تاكى 50 - يىل-
لارنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە مىسلى كۆ-
رۈلمىگەن قانلىق قىرغىنچىلىق يۈز
بەردى. ۋەتەن ئۈچۈن، يېگانە غايە
ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلغان بىرمۇنچە
كىشىلەر تەقىپ قىلىندى، قامالدى،
سۈرگۈن قىلىندى، ئېتىلدى. ئۇرۇشتا
تاسادىپىي ياكى مەجبۇرىي ئەسىرگە
چۈشكەن ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ئەجەل
لاگىرىغا ئەۋەتىلدى. بۇ يەردە شەرق
مۇتەپەككۇرلىرىدىن جامى كەلتۈرگەن
مۇنۇ ھېكمەتنى ئەسلەپ ئۆتۈش ئورۇن-
لۇق: «ئادەملەر كۆرۈپ ۋە بىلىپ تۇ-
رۇپ بىر زالىمغا كۆڭۈل بەرسە، ئۇ-
نىڭ يولىنى ئېتىشنىڭ چارىسىنى كۆر-
مىسە، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئورتاق
ئازاب چېكىدۇ».

توغرا، تارىخ ھەققىدە چەتتە تۇرۇپ
ھۆكۈم قىلىش ئاسان. ئەگەر 30 -
يىللاردا ياشىغان بولساق ئېھتىمال
بىزمۇ بۇ ۋەقەلەردىن چەتتە قالمىغان
بولاتتۇق. لېكىن بىز، ۋاقىتلىق مەت-
بۇئات سەھىپىلىرىنى ۋاراقلاپ كۆرسەك
ھەيرانلىقتىن ياقىمىزنى تۇتماي تۇ-
رالمايمىز. بىز خۇدانى رەت
قىلىپ، دىنى ئېتىقادلارنى ئەيىبلەپ،
ئۆزىمىز ساختا خۇدا ياساپ چىقتۇق،
ئۇنىڭغا چوقۇندۇق. مىخائىل ئىسا-
كوۋسكى، ماكسىم رىلسكى، ئالىكسى
سوركوۋ، ھەمىت ئالىمجان، غاپۇرغولام
قاتارلىق چوڭ شائىرلار ستالىننى
مەدھىيىلەپ شۇنداق ئەسەرلەرنى يارات-
تىكى، ھەتتا ھازىرغىچە خۇدامۇ بۇن-
چىلىك ماختىلىپ تەرىپلەنمىگەن
بولسا كېرەك. مەن بۇ يەردە مەشھۇر
كومپوزىتور ئىيسا ئاك دونايېۋىس-
كىنىڭ 1949 - يىلى نەشىر قىلىنغان
كىتابىغا كىرگۈزۈلگەن بىر پارچە خې-
تىدىن قىسقا نەقىل كەلتۈرىمەن:
«ستالىن يالغۇز بىزنىڭ دەۋرىمىزنىڭلا
ئۇلۇغ ئادىمى بولۇپ قالماستىن، بەل-
كى ئىنسانىيەت تارىخىدىمۇ، ئۇلۇغۋار-
لىق، بۈيۈكلۈك ۋە مەشھۇرلۇقنىڭ،
ھۆرمەت ۋە ئېھتىرامنىڭ مىسلى كۆ-
رۈلمىگەن زور تىمسالىدۇر. بىز ئۇنىڭ
بىلەن زامانداش، ئەقەللىسى ئۇنىڭ
ئىش پائالىيىتىدە كىچىككىنە خىز-
مەتداش بولغىنىمىز ئۈچۈن پەخىرلى-
نىشىمىز كېرەك. ئەپسۇسكى بىز (بو-
لۇپمۇ ياشلار) ستالىندەك ئادەم بىلەن
بىر ھاۋادىن نەپەس ئېلىۋاتقانلىقى-
مىزنى، بىر ئاسمان ئاستىدىكى زېمىن-
دا بىللە ياشاۋاتقانلىقىمىزنى ئۇنتۇپ
قېلىۋاتىمىز.» بۇ ئادەمنى خۇداغا
ئايلاندۇرۇش بولماي نېمە؟ ۋەھالەنكى،
ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي ستالىن مۇ-
كاپاتى بىلەن تەقدىرلەنگەن بۇ بۈ-
يۈك كومپوزىتور ئۆز جېنىغا قەست

قىلدى. كاۋكاز تارىخىنى يازغان ئالىم گوسىينوۋ «بەشەر قۇياشى» ئىنئام قىلغان مۇكاپاتنى ئالغاندىن كېيىن، ئۆز بېغىدىكى دەرەختە ئېسىلىپ ئۆلۈۋالدى. فادىيېۋدەك تالانتلىق يازغۇچى ئۆزىنى ئاتتى. چولپان، پىترەت، ئىلبېكنىڭ نامىغا قارا چاپلىغانلار، ئابدۇللا قادىرى، ئوسمان ناسىرلارنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلغانلار، مەقسۇد شەيخزادىنى تا ئۆلگۈچە ئازابلىغانلار، ھەممەت سۇلايمانىنىڭ ئون بەش يىللىق ئۆمرىنى سۈرگۈندە ئۆتۈشكە مەجبۇرلىغانلار تېخىچە ئارىمىزدا يۈرۈپتۇ. ئۇلار ۋىجدان ئازابىغا چىدىماي ئۆزلىرىنى ئۆلتۈرۈۋالغىنىنى، ھېچ بولمىغاندا ئەيىبىنى دەۋرگە ئارتىپ خەلقتىن ئەپۇ سورىغىنىنى يوق. ئۇلار ئەڭ چوڭ مۇكاپاتلار بىلەن تەقدىرلىنىپ، پەخرىي ئۇنۋانلارغا ئېرىشىپ، سورۇنلارنىڭ تۆرىدىن ئورۇن ئېلىپ، مۇنبەرلەردە چىرايلىق نۇتۇقلارنى سۆزلەپ يۈرۈپتۇ. ئۇلار كېچىلىرى خاتىرجەم يېتىپ ئۇخلايدۇ. سىزدەك، ئېتىقادىمىزنىڭ سۇسلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىدىن قايغۇرۇپ ئازابلانمايدۇ.

ئالىمباي! لېنىن ئاساس سالغان جەمئىيەتنىڭ داھىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن كىملەرنىڭ قولىغا قالغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ سوتسىيالىزم ھەققىدە قانداق تېتىقسىز پىكىرلەرنى ئويلاپ تاپقانلىقىنى بىز ئەمدى روشەن كۆرۈپ تۇرۇپتىمىز. لېنىن دىندارلارغا چوڭقۇر ھۆرمەت بىلەن قارىغىنى ھالدا، كوممۇنىستلارنىمۇ ئۆز ئېتىقادىغا سادىق، ھەر تەرەپلىمە پاكىز ئادەم بولۇشى كېرەك، دەپ تەلىم بەرگەنىدى. ئەپسۇسكى، لېنىندىن كېيىن دۆلەت ھوقۇقىنى قولدا تۇتۇپ كەلگەن ئادەملەرنىڭ ئىش ـ ھەرىكىتىگە نەزەر سالساق تېنىمىز شۈركىنىدۇ. ستالىن ئەشەددىي قانخور، كاللا كېسەر بولۇپ چىقتى. ژدانوۋ، مولوتوۋ، بېرىيا، يېژوۋ، ۋورشىلوۋ، مىكويانلارنىڭ شەپقەتسىزلىكتە ستالىندىن قېلىشمايدىغانلىقى، قىرغىنىدىن تاساددىپىي ئامان قالغان دۆلەت ئەربابلىرىنىڭ، يازغۇچىلارنىڭ خاتىرىلىرىدىن مەلۇم بولدى. ستالىندىن كېيىن تەختكە چىققان خروششېۋ مەملىكەتنى پۈتۈنلەي پاراكەندە قىلىۋەتتى. يېزا ئىگىلىكىنى، بولۇپمۇ چارۋىچىلىقنى ئىزدىن چىقاردى. ئادەملەرنى بىر پارچە قارا نانغا زار قىلىپ قويدى.

برېژنېۋنىڭ كۆرسەتكەن كاراماتلىرىنى سۆزلەشكە كىشىنىڭ تىلى بارمايدۇ. ئۆزىنىڭ تەمەخور ۋە شۆھرەتپەرەس بولغىنى يەتمىگەندەك، كۈيئوغلىنىڭ پارىخورلۇقىنى، قىزىنىڭ مەملىكەت بويلاپ ئالتۇن، تىللا سودىسى بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنى دېمەمسىز تېخى؟ تۇرغۇنلۇق دەپ نام ئالغان ئاشۇ يىللاردا بىز «داھى»نى قارىتىپ قويۇپ، سىزنىڭ غايىلىرىڭىزدىن روھلىنىپ بىز ئالەمگە ئۇچۇۋاتىمىز، يېڭى يەرلەرنى ئېچىۋاتىمىز، كىتابلار يېزىۋاتىمىز، دەپ تەخسىكەشلىك قىلدۇق. بۇ ئادەملەرنى تېخى يەر يۇتقىنى يوق، ئۇلارنىڭ ھازىرمۇ ھوشۇقى ئالچا. ئۇلار ئەمدى ئاشكارىلىق نىقابى ئاستىدا قايتا قۇرۇشقا كىرىشىپ، مېھنەتكەشلەرنىڭ

دۇنيا قارىشىنى ئۆزگەرتىش بىلەن شۇغۇللانماقتا. بۇنداق كىشىلەرنى كۆرۈپ ماركسنىڭ «خۇدا ئادەمنى ئەمەس، ئادەم خۇدانى ياراتقان» دېگەن گېپىگە ئىشەنمەي تۇرالمايسىز. راستىنى ئېيتقاندا بىز كۆپ خۇدالارنى ئېسىپ بىلىكلاردا بولسا بىرمۇنچە كىچىك خۇدالارنى ياراتتۇق، ئۇلارغا چوقۇندۇق. ئۇلار مەنسەپتىن چۈشۈشى ياكى ئۆلۈشى بىلەن ئۇلارنىڭ چىرىكلىكلىرىنى پاش قىلىپ، ئۇستىگە كىر-يۇندا چاچتۇق...

سوۋېت ئىتتىپاقى دۇنيادا خۇدانى بىرىنچى بولۇپ ئىنكار قىلغان دۆلەت، لېكىن بىز خۇدانى ئىنكار قىلغان ھالدا ئۇنىڭغا شۇنچىلىك باغلىنىپ قالدۇقكى، ئىلاھسىز بىر كۈنىمىزمۇ ئۆتمەيدى. (ئېھتىمال، ئادەمنىڭ تەبىئىتى كىچىكىدۇر چوقۇنۇشقا، كىدىنىدۇر مەدەت ئېلىشقا ماسلاشتۇرۇلۇپ يارىتىلغان بولسا كېرەك.) نەتىجىدە ئۆزىمىزگە ئوخشاش ئادەملەرنى خۇددى يۇنانلارنىڭ ماكىدونىيىلىك ئىسكەنىدەرنى خۇدالار قاتارىغا قوشقىنىدەك مەبۇدىغا ئايلاندۇرۇپ ئالدۇق. ئاشۇ ماكىدونىيىلىك ئىسكەندەرمۇ ئۆزىنىڭ ۋاقىتسىز ئۆلۈمىدىن ئەجەپلىنىپ: «مەن خۇدا بولسام، نېمىشقا مۇنداق ئۆلىمەن» دېگەنىكەن. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش سىتالىن ئۆلگەندە ئۇنىڭغا چوقۇنۇپ، ئۇنىڭغا تايىنىپ ئۆگىنىپ قالغان ئادەملەر: «ياق، بۇنداق زات ئۆلۈشى مۇمكىن ئەمەس، ئۇ بىزنى ئۇرۇش ئاپىتىدىن قۇتۇلدۇردى. ئۇنىڭسىز بىز قاشىزمنى يىگەلىگەن بولاتتۇق» دەپ خىتاب قىلغان. ئەسلىدە

ئەنە شۇ ئامما، پاك دىل ساددا ئادەملەرنىڭ ئۆزلىرى مەلىكەتنىمۇ، ئۆزلىرىنىمۇ بالا-قازادىن ساقلاپ قالغان، تۆككەن قانلىرى، بەرگەن قۇربانلىرى ھېسابىغا ئۇرۇش ئاپىتىنى دەپنە قىلغانىدى.

ئۆزبېكىستاندا تا ئەللىكىنچى يىللارغىچە نېمىلەرنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى بىر ئەسلەپ كۆرۈڭ: ھەممە ئىمانلىق ئېتىقادلىق ئادەملەر سوراقسىز ئېتىلدى، ئەرەب يېزىقىنى بىلگەن ۋە شۇ يېزىقتىكى كىتابلارنى ئوقۇغان ئادەملەر يوقىتىلدى، مىللىي ئۆرپ-ئادەتلەر ئاياغ-ئاستى قىلىندى، مىللىي غۇرۇر كەمسىتىلدى. ھەتتا ئاتمىشىنچى يىللاردا توي-تۆكۈنلەردە كاناي-سۇناي چېلىش كۈنلىق قالدۇقى سۈپىتىدە تەقىقلەندى، يەتمىشىنچى يىللاردا پارتىيىلىك كىشىلەر بالىلىرىنى خەتنە قىلدۇرغىنى ئۈچۈن تەشكىلىي جازاغا ئۇچرىدى. سەكسىنىنچى يىللارنىڭ ئوتتۇرلىرىدا ئۆلگەن ئاتىسىنىڭ جىنازا نامىزىنى ئوقۇتقان ياكى قەبرىستانلىققا بېرىپ كۆز ياش تۆككەن ئادەملەر شەرمەندىلەرچە ئىشتىن بوشىتىلدى. بۇ ئەخمەقلىقلەرنى خەلق ئەمەس، بەلكى ئېسىپ بىلىكىمىزنىڭ رەھبەرلىرى ئويلاپ تاپتى. ئاشۇ چاغلاردا ئەسقەد مۇختەردەك ھۆرمەتلىك يازغۇچىمىز، مۇشۇنداق بولمىغۇر ھەرىكەتلەرگە ئېتىراز بىلدۈرۈپ، ئۆز سەپداشلىرىنى قوغدىسا بولماسمىدى؟ ئۇ چاغلاردا يەنە ئابدۇللا ئارىپوۋتەك تونۇلغان تالانتلىق شائىرمۇ جاسارەتلىك قەلەمكەش-

لەرنى ياقىلاپ ئەمەس، نوپۇزلۇق رەھبەرلەرنىڭ كۆڭلىگە ياقىدىغان شېئىرلارنى يازدى. ئەمدى ئۇ كىچىك داھىلار يوق، ئىنقىراق قىلىپ ئېيتساق ئۇلار قاماقتا. ئەمدى بىز بىر - بىرى-مىزنىڭ يۈزىگە قانداق قارايمىز؟ مەن دۆلەت جىنايەتچىسى دەپ ئېتىراپ قىلىنغان شەراپ رەشىدوۋ ھەققىدە ئەسەر يازغان مىرموھسىن، ئۇنى ئەسەرلىرىگە پىروتوتىپ قىلىپ ئېلىپ ئۇنىڭ ساخاۋەتلىرىدىن بەھرى-مەن بولغان ھەممەت غۇلام، «كەشىر قوشىقى»* غا سۆز بېشى يېزىش بەخ-تىگە مۇيەسسەر بولغىنى ئۈچۈن بېشى كۆككە يەتكەن تۇراپ تولە ۋە باشقا ئونلاپ قەلەم ساھىبلىرىنىڭ بوگۈنكىچە توۋا قىلماي ۋاتقانلىقىغا، خەلققە ئەمەس رەھبەرلەرگە يېقىشى ئۈچۈن ئىنتىلىپ ياشانىڭ پاجىئەلىرىنى ئېچىپ، ياشلارنى ھوشيارلىققا ئۈندى-مەيۋاتقانلىقىغا ئەجەبلەنمەيمەن. ھەر كىمدىن ئۆزىگە يارىشا نەرسە تەلەپ قىلىش كېرەك، ئەلۋەتتە. رۇس يازغۇ-چىلىرى ئوتتۇزىنچى يىللاردا قارىلان-غان قەلەمكەشلەرنى ئاقلاش، چەت ئەل-لەرگە چىقىپ كەتكەن يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىنى چىقىرىپ خەلققە تونۇتۇش-نىڭ غېمىنى يەۋاتقان بىر پەيتتە ئۆزبېك ئەدىبلىرىنىڭ نېمىلەر قىلىپ يۈرۈۋاتقانلىقىغا قارىمامسىز. ئارىمىزدا ھازىرغىچە چولپان، پىترەتلەرنى ئاق-لاشقا توسقۇنلۇق قىلىدىغانلار، ھەتتا بۇندىن بەش ئەسىر بۇرۇن ياشاپ ئىجاد قىلغان بابوردەك بۈيۈك ئاللا-مىغا ئۆزىچە باھا بېرىپ قارىلايدىغان-لار بار. سىز بولسىڭىز مەندىن ئېتىقاد ھەققىدە سورايسىز. ئېتىقادنى قويۇڭ، ئارىمىزدا ۋىجدانى پاك ئادەم تېپى-لامدۇ، دەپ سوراڭ. ئېھتىمال بۇ سوئالىڭىزغا جاۋاب بېرىش ئاسانراق دۇر. ئالىمباي! نېمىشقىدۇر بىزدە ۋىجدانسىز ۋە خىيانەتچى دېگەن ئىبارىلەر پەقەت سودا خادىملىرىغىلا ئىشلىتىلىدۇ. ئۇلارنىڭ خىيانەت قىلىپ تۇرىدىغانلىقى ئىسپات تەلەپ قىلمىدى-غان ئىش ئەمەس. لېكىن ئۇلارنىڭ ئىچىدە مەرت، كىشىلەرگە ياردەم قولىنى سوزىدىغان، جامائەت ئىشلىرى ئۈچۈن جان - دىلى بىلەن خىزمەت قىلىدىغانلىرىمۇ بار. ئەپسۇسكى، مەن زىيالىيلارنىڭ، ھەتتا يازغۇچىلارنىڭ ئارىسىدا باشقىلارغا چىندىن، ئىچى كۆيۈپ ياردەم قىلىدىغان بىرەر مەرتنى ئۇچراتقىنىم يوق. ئۇستاز ئايبەكنىڭ ياشلارغا سەممىي ياردەم بېرىپ كەلگەنلىكىنى كۆپ ئاڭلىغان ئىدۇق. م. پىرىيشۋىن قېرىغان چېغىدا نەشرىياتنىڭ باشلىقىغا تېلېفون بېرىپ ئۆزىنىڭ ئىككى توملۇق تاللانما ئەسەر-لىرىنىڭ ئورنىغا تۆت ياش يازغۇچى-نىڭ كىتابىنى چىقىرىشنى ئۆتۈنگەن-لىكىنى، تىۋار دوۋدىسىكىنىڭ ۋە تىندىرياكوۋنىڭ ئەسەرلىرىنى، ف ئابراموۋنىڭ، چىڭغىز ئايتماتوۋنىڭ ئەسەرلىرىنى ناھايىتى جاپادا بېسىپ چىقارغانلىقىنى، باشقا بىرمۇنچە قەلەمكەشلەرگىمۇ ماددىي ۋە مەنىۋى تەرەپتىن ناھايىتى كۆپ ياردەم بەرگەنلىكىنى بىلىسىز. لېكىن ھازىرقى تىرىك يازغۇچىلىرىمىزنىڭ قايسى بىرى بۇ زاتنى مۇبارەكلىگەنگە ئوخشايدۇ؟ ناھەتكى ئۇلار ئالىمجاننى بىلىق ۋە

* شەراپ رەشىدوۋنىڭ ئەسىرى. (ت)

ئىنسانپەرۋەرلىك دېگەنلەرنى ئۇنتۇپ قالغان بولسا؟ ۋەھالەنكى، شەرق مۇتەپەككۇرلىرى: «ئۆزۈڭگە راۋا كۆرگەننى باشقىلارغىمۇ راۋا كۆرگىن»، دەپ تەلىم بېرىدۇ. نېمىشقا بىز بۇ مىزانغا ئەمەل قىلالمايمىز؟ نېمىشقا ھەممە ئادەم ئۆز مەنپەئەتى، ئۆز ھۇزۇر-ھالاۋىتىنىلا ئويلايدۇ؟ ئاخىر، ئىنساننىڭ ھەرىكىتىگە يارىشا بەرىكەت بېرىلىشىنى، بېخىلنىڭ بېغى كۆكەرمەسلىكىنى ھەممە كىشى ئوبدان بىلىدىغۇ، نېمىشقا بىلىپ تۇرۇپ... قويۇڭ، بىھۇدە سوئاللار بىلەن بېشىڭىزنى قاتۇرماي، بۇنىڭ سەۋەبى ئايان: ئىمان ۋە ئېتىقاد يوقالغان.

سىزنىڭ ئۆتكەندە ئارگېنتىنالىق يازغۇچى خولىئو كورتاسارنىڭ «ئىمزا-ئىمزا» ھېكايىسى ھەققىدە ھاياجانلىنىپ سۆزلىگەنلىكىڭىز ھېچ ئېسىمدىن چىقمايدۇ. ھېكايە قەھرىمانى ئۆتمۈشتە ياشىغان بىر كلاسسىك شائىر ھەققىدە بەكمۇ ئاجايىپ ئەسەر يازىدۇ. ئۇنىڭ ئەسىرى بىر مۇنچە چۇقان-سۈرەنگە سەۋەب بولىدۇ. ئۇنى يۇقىرى لاۋازىم بىلەن ئالىي مۇكاپاتقا تەۋسىيە ئېتىشمەكچى بولغان پەيتتە ئەسەر قەھرىمانى ئۆزى كۆككە كۆتۈرگەن ھېلىقى كلاسسىك شائىرنىڭ ئەسلىدە ئۆتۈپ كەتكەن رەزىل ۋە مۇناپىق ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالىدۇ. ئۇنىڭ مەشۇقىغا ئۆز قولى بىلەن يازغان خېتىنى كۆرىدۇ-دە، ھەممە ئىمتىيازلاردىن ۋاز كېچىپ، كلاسسىك شائىرنىڭ ساتقىن ۋە مۇناپىقلىقىنى پاش قىلىشقا كىرىشىدۇ.

بۇ ھېكايىنى ئەسلىشىمنىڭ سەۋەبى شۇنىڭدىكى، بىزنىڭ ھاياتىمىزدىمۇ مۇشۇنداق ھادىسىلەر ئېشىپ-تېشىپ يېتىدۇ. تونۇگۇنلا تەڭدىشى يوق ئالىيجاناب، ئاجايىپ تەشكىلاتچى دەپ كۆكلەرگە كۆتۈرۈلگەن كىشىلىرىمىز بۈگۈن دۆلەت جىنايەتچىسى بولۇپ چىقىۋاتىدۇ. لېكىن ھازىرغىچە بىزنىڭ بىرەر يازغۇچىمىز كورتاسارنىڭ قەھرىمانىدەك ئۆز روھىيىتىنىمۇ، ئەتراپىدىكى ئادەملەرنىڭ پىكىر تەسەۋۋۇرىنىمۇ ئۆكتەي-توكتەي قىلىپ، ئۆزىگە قارشى، ھازىرغىچە يۈرگۈزۈلۈۋاتقان ناتوغرا سىياسەتلەرگە قارشى بىرەر ئىش قىلغىنى يوق. ياق، مەن ئۇنداق قەلەمكەشلەرنى خاتا قىلغىنى ئۈچۈن ئىز پۈكۈپ كۆز ياش تۆكسۇن دېمەكچى ئەمەسمەن. ئەكسىچە ئاشۇ يازغۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ ئاچچىق قىسمەتلىرى يول قويغان خاتالىرى، تەمەخورلۇقى تۈپەيلىدىن يۈز-ئابرويىنىڭ تۆكۈلگەنلىكلىرى مىسالىدا ياشلارنى ھوشيارلىققا ئۈندەشلىرى لازىم، دەپ ھېسابلايمەن. بۇنىڭدىن يالغۇز ئەدەبىياتىمىزلا ئەمەس، بەلكى كەلگۈسى ئەۋلادىمىزمۇ مەنپەئەت كۆرىدۇ، ئادالەت تىكلىنىدۇ. ۋىجدانىمىز پاكلانمىسىمۇ، ھېچ بولمىغاندا كىرى كېتىدۇ. شۇنىڭ ئۆزى ھالاللىق ۋە پاكلىققا تاشلانغان بىر قەدەم بولىدۇ. بۈگۈنكى ئاشكارىلىق، پۈتۈن ئىتتىپاق 19-پارتىيە قۇرۇلتىيى بەلگىلەپ بەرگەن يول شۇنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ قۇرۇلتاي ھۆججىتىدە: «ئاشكارىلىق، تەنقىد ۋە ئۆز-ئۆزىنى تەنقىد ئاخىرقى ھېسابتا خەلق مەنپەئەتىگە خىزمەت قىلىدۇ. جەمئىيەتنىڭ سىياسىي تەركىبىنى توغرا ئەكس ئەت-

تۇرۇپلا قالماي، ئۇنىڭ كۈچ-قۇدرىتىنى، ھاياتلىقىنى، مەنىۋى ساغلاملىقىنى نامايىش قىلىدۇ»، دېيىلىدۇ.

تۈنۈگۈن سىز تونۇلغان بىر ئالىمنىڭ تېلېۋىزوردىكى مۇناپىقانە چىقىشى ھەققىدە كۆيۈنۈپ تۇرۇپ گەپ قىلغان ئىدىڭىز. مەن ئۇ چاغدا گېپىڭىزگە ھېچقانداق ئىپادە بىلدۈرمىدىم. كۆيۈنىشىڭىزنى قىزىققانلىق ۋە ياشلىقتىن بولۇۋاتىدۇ، دەپ قارىدىم. ئالىمباي، كىملەرگىدۇر ياخشى كۆرۈنۈپ تۈزۈكرەك ئەمەلگە ئېرىشىشتىن باشقا قايغۇسى بولمىغان بۇ ئادەمدىن باشقا نېمە كۈتۈش مۇمكىن؟ ئەسلىدە پەن دوكتورى، ئاكادېمىك بولغان ئادەم خەلق مەنپەئەتى ئۈچۈن زور ئىشلارنى قىلىشى كېرەك. ئاكادېمىك ساخاروۋنىڭ، ۋىگاسوۋنىڭ يادرو فىزىكىسى ساھەسىدىكى كەشپىياتلىرىنى ھەممە بىلىدۇ. پروفېسسور نازىمە دېھقان خوجايېۋانىڭ ئىلمىي ئىزلىنىشلىرى، خەلق سالامەتلىكىنى ساقلاش يولىدىكى ئىشلىرى ماختاشقا سازاۋەر، ئاكادېمىك ئاتابېك ئىشانوۋنىڭ تارىخىمىزنىڭ قارا چاپلانغان سەھىپىلىرىنى ئېچىش يولىدىكى ئۇرۇنۇشلىرى كىشىنى خۇشال قىلىدۇ. لېكىن سىز ئېيتقان ھېلىقى ئالىم پەنگە، خەلققە نېمە بەردى؟ ئۇنىڭ قايسى بىر ئەسىرى قولدىن-قولغا ئۆتۈپ ئوقۇلدى؟ تارىخ بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بۇ ئالىم ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ روسىيىگە ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن قوشۇلمىغانلىقىنى ئىسپاتلىغۇچى ھۆججەتلەر ئاساسىدا يىرىك ئەسەر يېزىشى مۇمكىن ئىدىغۇ؟ بۇ ئىشقا ئۇ ئادەمنىڭ ئىلمىمۇ، قابىلىيىتىمۇ يېتىدۇ. لېكىن يازمايدۇ، يازالمايدۇ! قايسىدۇر بىر نائەھلى تارىخىمىزنى يۈز قېتىم ساختىلاشتۇرسۇن، نەچچە مىڭ يىلدىن بېرى ئىنسانىيەتكە نى-نى ئاللامىلارنى بەرگەن ئەڭ قەدىمىي، ئەڭ مەدەنىيەتلىك، ئەڭ ساۋاتلىق تۈركىي خەلقنى يالغۇز رۇس ئالپاۋۇتىنى بىلمىگىنى ئۈچۈن ساۋاتسىزغا چىقارسۇن، ئىنقىلاب ھارپىسىدىكى مەدەنىي ھاياتىمىزدا ئىلغار ئىشلارنى قىلغان، يېڭىلىق تەرەپدارلىرى بولغان جەدىتلەرنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىنى ئۆگىنىش تەقىقلەنسۇن، ئەدەبىيات تارىخىمىزدا ھەمزە بىلەن بىللە ئونلاپ تالانتلىق شائىرلارنىڭ بولغانلىقىنى ئەتەي سىر تۇتسۇن، بۈگۈنكى كۈنگە كېلىپ خەلق كېۋەزگە سېپىلگەن ئونلاپ زەھەرلىك دورىلاردىن قىرىلىپ كەتسۇن، ئۇ ئادەمگە بەرىبىر. مۆھتەرەم ئاكادېمىك ھەممە نەرسىگە كۆز يۇمۇپ تىلىنى چىشلەپ يۈرۈۋېرىدۇ. ئىش قىلىپ ئورنىدىن، ھۆرمەت-ئېتىباردىن ئايرىلىپ قالمىسىلا بولىۋېرىدۇ.

قاچانكى ئادەمنىڭ ۋىجدانى ئۆلسە، ئىمان-ئېتىقادىدىن ئايرىلسا ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى پەرۋاسىزلىق، مەسخۇشلۇقى ئىگىلەيدۇ. ھازىرقى ئەدەبىي ھاياتىمىزدا ئاشۇنداق مەسخۇشلۇق ھۆكۈم سۈرۈۋاتامدۇ؟ بىز ماختاپ، كىلاسسىكقا چىقىرىپ قويغان يازغۇچىلىرىمىزنىڭ ئەسەرلىرى ھېچقانداق مەنىۋى پەزىلەتلەرگە ئىگە ئەمەسلىكىنى ھېچكىم يۈرەكلىك ئوتتۇرىغا قويالمايۋاتامدۇ؟ نى-نى پەن دوكتورلىرى، پەن كاندىداتلىرى ئالىمەن، دەپ مەيدىسىنى كېرىپ يۈرۈشۈپتۇ. ئۇلار ئەسلىدە ئە-

دەبىي تەنقىدچى ئەمەس، بەلكى ئەدەبىي مەدداھلاردۇر. ئۆتكەن يىلقى يىللىق پىروزا مۇھاكىمە يىغىلىشىدا سىزنىڭ ئېيتقان پىكىرلىرىڭىزدىن بەكمۇ خۇشاللاندىم. ۋەھالەنكى، يىغىن رەئىسى سىزگە بېرىلگەن ۋاقىتنىڭ تۈگىگەنلىكىنى ئېيتىپ، ئالدى بىلەن نوبىل مۇكاپاتى ئېلىڭدە، ئاندىن باشقىلارغا ئەقىل ئۆگىتىڭ، دەپ لوقما سېلىپ گېپىڭىزنى داۋاملاشتۇرۇشقا ئىمكان بەرمىدى. شۇ چاغدا سىز تەنقىدچى ئومۇرزاق ئولجابايۇڭغا: «سىز مېنىڭ ئەسىرىمنى ھېكايە ئەمەس، دېگەندىن كۆرە، بۇ نەرسە ئوغرىلانغان دېسىڭىز خۇشال بولاتتىم. سەۋەبى بۇ ھېكايەمنى كورتاسارنىڭ «ۋەسۋەسە» ناملىق ھېكايىسىغا تەقلىد قىلىپ يازغانمەن» دېدىڭىز. «ۋەسۋەسە» جاھان خەلقلىرىنىڭ ئونلاپ تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ سۆيۈپ ئوقۇلسۇنۇ، ئۆزبېك ئەدەبىياتى مۇتەخەسسىسى بولغان ئادەم ئاشۇ روھتا يېزىلغان ئەسەرنى ھېكايە ئەمەس، دەپ ھېسابلىسۇن. بۇ نېمە؟ پىكرى مەجرۇھلۇقمۇ ياكى ساۋاتسىزلىقمۇ؟ بىز تا ھازىرغىچە بىر چاغلاردا يېزىلغان ئەدەبىيات دەرسلىكلىرى سەۋىيەسىدە پىكىر قىلىپ كېلىۋاتىمىز. بۇ بىزنىڭ ئۆز ئىشىمىزغا ۋىجدانەن يانداشمىغانلىقىمىزنىڭ، زىممىمىزگە ئادەملەرنى مەرىپەتلىك قىلىش مەسئۇلىيىتىنىڭ يۈكلەنگەنلىكىنى ھېس قىلالمىغانلىقىمىزنىڭ نەتىجىسىدۇر. نېمىشقا بىزدە ئەدەبىي تەنقىدنىڭ سەۋىيىسى بۇنچىلىك تۆۋەن؟ ئېھتىمال ئەدەبىياتىمىز تەنقىدتىن تۆۋەن تۇرىدىغاندۇ؟ ئېھتىمال نېمىشقا بىز ھەر قانداق ئېھتىماللارنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، بار مەھسۇلاتىمىزنىڭ ئۆزىنى ئادىل باھالىمايمىز؟ ياكى ۋ. ئاستاپيېۋنىڭ «مېنىڭ قارىشىمچە تەنقىدچى قاراۋۇل ۋە سۈپۈرگۈچى بولۇشى، ئەدەبىي مەيدانىمىزدىكى ھەر خىل ئەخلەت-چاۋالارنى تازىلىشى كېرەك. لېكىن مەن ئونلاپ دوكتور ۋە ئاكادېمىكلار ئىچىدىن مۇنداق ئىشقا لايىق بىرەر تەنقىدچىنى تاپالمىدىم» دېگىنىدەك، بىزدە ھەقىقىي تەنقىدچى يوقمۇ؟

ئالىمباي! ئاندېرسېننىڭ يالىڭاچ پادىشاھ ھەققىدىكى چۆچىكى ئېسىڭىزدىمۇ؟ ئۇنىڭدا قىپيالىڭاچ پادىشاھ «كىيىمىڭىز نېمانچە چىرايلىق، ئۆزىڭىزگە نېمىدېگەن ياراشقان» دېگەندەك سۆزلەر بىلەن ماختىلىدۇ. ھېچكىم ئۇنىڭ يالىڭاچلىقىنى ئېيتىشقا جۈرئەت قىلمايدۇ. ئاخىرىدا ئاشۇنداق بىر مەرت تېپىلىدۇ-دە، پادىشاھ ئۆزىنىڭ ئالدانغانلىقىنى بىلىدۇ. ۋاقتى كېلىپ بىزمۇ ئاشۇنداق ئەھۋالغا چۈشۈپ قالماسمىزمۇ؟ كېيىنكى چاغلاردا مەتبۇئات سەھىپىلىرىدە ئۆزبېكىستان خەلق يازغۇچىلىرى مىرمۇھسىن، ئىبراھىم رەھىم، پروفېسسور ھاپىز ئابدىسەمەتوۋلارنىڭ يازغانلىرىنى ئوقۇپ ھەيران قالدىم. ئۇلار ئاشكارىلىقنى، شەخسىي تەلەپ-دەۋالىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ نومۇسسىزلىق قىلىشنىڭ بىر پۇرسىتى دەپ بىلىسە كېرەك. يېشى يەتمىشكە بېرىپ، بۇ دۇنيادىن ئۇ دۇنياسى يېقىنلىشىپ قالغان بۇ كىشىلەرنىڭ خەلققە ئېيتىدىغان زۆرۈر گەپلىرى، كۆڭۈل ئارزۇلىرى، يۈرىكىنى ئازابلايدى-

...غان ئۆكۈنۈشلىرى، ئەدەبىياتىمىزنىڭ چوڭ، ئۇمۇمىي دەردلىرى، خەلققە يەتكۈزىدىغان ئارمانلىرى يوقمىدۇ؟ بۇ نەرسىلەرنى ئويلىسىڭىز مېڭىڭىزگە سانجىق تۇرۇپ، يۈرىكىڭىز ئېزىلىپ كېتىدۇ. ئەپسۇسكى، ئويلىماي ئىلاجىمىز يوق. چۈنكى بۈگۈنكى ئاشكارىلىق شۇنىڭغا ئۈندەيدۇ. بىزنىڭ ئارزۇيىمىز بىزدىن كېيىنكىلەر ھېلىقى يالىڭاچ پادىشاھنىڭ ئەھۋالىغا چۈشۈپ قالمىسۇن، شەخسىي دەۋا ۋە ئاغرىنىشلار بىلەن ئەمەس، بەلكى مەنىۋىيەتنى يۈكسەلدۈرىدىغان مەسىلىلەر بىلەن شۇغۇللانسۇن، ئادەملەرگە تېخىمۇ كۆپ پايدا يەتكۈزسۇن.

ئادەم ۋىجدانىنى قىينايدىغان ئىشلارنى قىلماسلىقى كېرەك. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزىنى تەمەخورلۇقتىن تارتىشى، بولۇپمۇ ئۆزىگە ئوخشاش ئادەمدىن بىرەر نەرسە كۈتمەسلىكى كېرەك. تەمەخور خۇددى سۆڭەك تۇتقان ئىگىسىنىڭ ئالدىدا قۇيرۇقىنى شىپاڭلىتىپ تۇرغان ئىتقا ئوخشايدۇ. ئېتىقادلىق ئادەم ھېچقاچان، ھېچكىمدىن بىرەر نەرسە كۈتمەيدۇ. ئۇ پەقەت ئۆزىگە ئىشىنىپ، ۋىجدانى بىلەن ياشايدۇ. يەر يۈزىدە بىر ئىمانلىق ئادەم بار ئىكەن، قىيامەت بولمايدۇ، دېگەن گەپ بار. مەن بۇ گەپكە ئىشىنىمەن. تېخى قىيامەت بولمىغانىكەن، ئەتراپىمىزغا خالىس كۆز تاشلىشىمىز، ئېتىقادلىق كىشىلەرنى كۆرسەك بېشىمىزغا كۆتۈرۈشىمىز كېرەك.

ئېتىقاد — ئىنساننى پەسلىكتىن، ھەر قانداق تەمەدىن، رەزىللىكتىن ساقلايدىغان ھىدايەت نۇرى! لېكىن بۇ نەرسە ھەممە كىشىگە نېسىپ بولىۋەرمەيدۇ. ئېتىقادلىق ئادەم ئۆزىگە راۋا كۆرگەن نەرسىدىن باشقىلارنىمۇ تېزرەك بەھرىمەن قىلىشقا ئالدىرايدۇ.

ئاللىباي! يەتمىش يىلدىن بېرى يالغان-ياۋىداقلار بىلەن ئۆزىمىزنى ئالداپ ياشىدۇق. ياسالغان خۇدالارغا چوقۇنۇپ، رەزىل، گۇناھلىق قىلمىشلارغا پاتتۇق. كېلىڭ، ئەمدى ئاشكارىلىق، تەڭلىك شامىلى كۆتۈرۈلگەن بۈگۈنكى كۈندە «ھەقىقەتنى، غاپىل، ناھەق نەرسىلەرگە ئوراپ يوشۇرماڭلار، ئۇنى خەلقتىن پىنھان تۇتماڭلار» دېگەن دانا ھېكمەتكە ئەمەل قىلىپ، كىشىلەر قەلبىگە ئېتىقاد نۇرىنى يەتكۈزۈشكە تىرىشايلى. يەر يۈزىدە ئار-نومۇسنى بىلىدىغان، ئىمانلىق ئادەملەرنىڭ تېخىمۇ كۆپىيىشىنى تىلەيلى.

(ئۆزبېكىستاندا چىقىرىلىدىغان «ياش كۈچ» ژۇرنىلىنىڭ 89-يىللىق 3-سانىدىن ئېلىندى.)

نەشرگە تەييارلىغۇچى:

**مۇھەممەت پولات**

# ئازاد قۇشلار

(ھېكايە)

نەزەر ئىشانقولوۋ [سوۋېت ئىتتىپاقى]



نەزەر ئىشانقولوۋ 1962 - يىلى قەشقەر دەريا ئوبلاستى ئالما يېزىسىدا تۇغۇلغان. تاشكەنت دۆلەت ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ژۇرنالىستلىق فاكۇلتېتىنى تۈگەتكەن. ئۇز كەسپى بويىچە ئاسپىرانت بولغان. ھازىر ھېكايە ۋە پوۋېست ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

20 - ئەسىرنىڭ مۆجىزىلەر ئەسىرى ئىكەنلىكىگە سەنمۇ ئىشىنەتتىڭ. بۇ ئەسىردىن سەنمۇ بىرەر مۆجىزە كۈتۈپ ياشايتتىڭ. ئىشتىن ھالىڭدىن كېتىپ قايتىپ، كىچىككىنە ئۆيۈڭگە كىرىپ تۆشىكىڭگە سوزۇلغىنىڭچە، يالغۇزلۇقتىن يېتىمسىراپ تۇرغان خانەڭدە قاندىقتۇر بىر مۆجىزە روي بېرىشىنى تىڭشايتتىڭ. بۇ مۆجىزە گويا بىر نەچچە مىنۇتتىن كېيىنلا روي بېرىدىغاندەك ئۆز خىيالىڭدىن ئۆزۈڭ لەززەتلىنىپ كۆزلىرىڭنى يۇماتتىڭ. سەن مۆجىزىسىزمۇ بەختلىك ئىدىڭ. دۇنيادىكى مىليونلىغان كىشىلەردەك تىنچ ھايات كەچۈرەتتىڭ. ھەپتىنىڭ ئالتىنچى كۈنى دوستلىرىڭ بىلەن چايخانىلارغا ۋە ئىستىراھەت باغچىلىرىغا باراتتىڭ. ئۇ يەردىن كەيپىڭ كۆتۈرۈلۈپ خۇشال - خۇرام قايتاتتىڭ. لېكىن نېمە ئۈچۈندۇر ھاياتىڭنى ئۆزگەرتىدىغان، زوق - شوخ ئېلىپ كېلىدىغان بىرەر مۆجىزىنى يەنىلا كۈتۈپ ياشايتتىڭ، بۇ مۆجىزە گاھ گۈزەل بىر قىز، گاھ مۇكاپاتلىق چەك ئۇتۇقى قىياپىتىدە، گاھ قاندىقتۇر ئۆزۈڭمۇ بىلمەيدىغان بىر خىل قىياپەتتە كۆز ئالدىڭدا نامايان بولاتتى. بىراق مۆجىزە سېنىڭ ئۆيۈڭگە تۇيۇقسىز كىرىپ كېلىدىغانلىقىنى، پۈتۈن ھاياتىڭنى بىردىن ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋېتىدىغانلىقىنى بىلمەيتتىڭ. سەن ھاياتىڭدىن ۋە خىيالىڭ جامىدىن تۆكۈلگەن شارابدىن مەست ئىدىڭ ۋە كۈن بويى يالغۇز ئۆيۈڭدە

بەختىيار ھالدا ئاستا يورەتتىڭ.
ئۇ كۈنى سەن ئىشتىن پىيادە قايت-
تىڭ. كوچىدا بولغۇسى سوغۇق كۈل-
لەردىن بىشارەت بېرىپ ھەر خىل
ئىزغىرىن شامال شىۋىرلدايتتى. سەن
تېزرەك ئۆيۈڭگە يېتىپ بېرىپ، ئىس-
سىق خانەڭدە دۈزۈر قىلىپ چاي ئى-
چىشنى كۆڭلۈڭگە پۈكۈپ، تېزرەك يورۇش-
كە ھەرىكەت قىلاتتىڭ. ئىزغىرىن شا-
مالنى خۇددى ئۆتكۈر قىلىچتەك كېسىپ
ياراتتىڭ. سەن ئۆز كوچاڭغا بۇرۇل-
غىنىڭدا، سەل ئالدىڭدىراق كېتىۋات-
قان قىزىل پەلتولۇق، چېچى يەلكى-
سىگە يېيىلغان خۇشپىچىم بىر چوكان-
نى كۆرۈپ قالدىڭ. بۇ كوچىدا يا-
شايدىغانلارنى سەن تولۇق بىلەتتىڭ.
سەن چوكاننىڭ كېلىشكەن پاچاقلىرى،
ئىتتىرەپ تۇرغان بىجىرىم يەلكىلىرىگە
قاراپ ئۇنىڭ تېخى ياش ئىكەنلىكى-
نى ھېس قىلدىڭ. كوچىدا سىلەر ئىك-
كىڭلاردىن باشقا ھېچكىم يوق ئىدى.
شۇڭا ئايال بىلەن بىمالال سۆھبەتلى-
شىشىڭ مۇمكىن ئىدى. سەن تېز-تېز
قەدەم تاشلاپ ئايالغا يېتىشىۋال-
دىڭ-دە، ئۇنىڭ بىلەن يانمۇ يان
مېڭىشقا باشلىدىڭ. پەقەت شۇنىدىلا
ئايالنىڭ ھەددىدىن تاشقىرى گۈزەل
ئىكەنلىكىنى بىلىپ يەتتىڭ. ئايال
ساڭا يېقىملىق بىر قاردى-دە،
ئۈندىمەي كېتىپ قالدى. بۇ كۆزلەر
شۇنچىلىك گۈزەل، شۇنچىلىك سېھىر-
لىك ئىدى. ئايالنىڭ يەلكىسىگە
يېيىلغان چىرايلىق چاچلىرى بىر
خىلدا تىنىمسىز تەۋرىنەتتى. ئايال
سېنى پۈتۈنلەي مەپتۇن قىلىۋالدى.
ئىزغىرىن شامال گويا ساڭا تارلىقى

كەلگەندەك يۈز-كۆزلىرىڭنى تىنىماي
چىمچىلدىتىپ، ئايالنىڭ كېلىشكەن
تېزلىرىنى كۆز-كۆز قىلماقچى بول-
غاندەك ئېتەكلىرىنى كەينى-كەينى-
دىن قايرىيتتى. ئايال ساڭا قارىماي
ئېتەكلىرىنى ياپاتتى. ئۇنىڭ چىراي-
لىق ئاپئاق يۈزى گويا تاڭ شەپقى-
دەك قىزىرىپ ئاجايىپ بىر خىل نۇر
بىلەن پارلايتتى. سېنىڭ ئايالغا زو-
قۇڭ كېلىپ ئىختىيارسىز كۈلۈمسى-
رەيتتىڭ. سەن ئۇنىڭ بۇ شەھەرلىك ئەمەس-
لىكىنى بىلىپ يەتكەنىدىڭ. سېنىڭ كۆڭ-
لۈڭ ئاجايىپ بىر خىل يېقىملىق تۇي-
غۇلار بىلەن جۇش ئۇراتتى. سەن بۇ
ئايالنى بىزنىڭ كوچىغا ئۇقۇشماي
كىرىپ قالغان بولسا كېرەك، دەپ
ئويلىدىڭ.
— سىز بۇ يەرلىك بولمىسىڭىز كې-
رەك-ھە؟ — دېدىڭ ئاخىرى تۇلۇمدىن
توقماق چىققاندەك؛ سەن خۇددى سىر-
لىق سېپىل ئىچىدىكى بىر تۈپ
قوشۇننى چاملاپ كۆرۈۋاتقان مەككار
لەشكەر بېشىدەك ئۇنىڭغا سىناق نە-
زىرىڭ بىلەن قارىدىڭ.
— ياق، مۇشۇ يەرلىكمەن، — دېدى
ئايال ساڭا قارىماي يولىنى داۋام
قىلىۋېتىپ. كېيىن ئۇ ساڭا قاراپ
كۈلۈمسىرەپ قويدى. سەن ئايالنىڭ
گېپىنى چاقچاق بولسا كېرەك دەپ
چۈشەندىڭ. بىراق ئايال ناھايىتى
جىددىي سۆزلەۋاتاتتى. ئۇ بۇ كوچى-
نى خېلىدىن بېرى بىلىدىغاندەك ئەر-
كىن ۋە خاتىرجەم كېتىپ باراتتى،
ھەتتا دوقمۇشلاردىمۇ توختىماي ئۆ-
تۈپ كېتەتتى. ئۇ گويا ئېنىق نىشان-
غا قاراپ، ئىلگىرىلەۋاتقان سىرلىق

قوشۇنغا ئوخشايتتى.

— ئۇنداقتا بۇ كوچىدا بولمىسىڭىز
كېرەك — ھە؟ — دەپ سوئالىڭنى دەر-
رۇ ئۆزگەرتتىڭ سەن.

ئاكىغىچە سىلەر سېنىڭ ئۆيۈڭگە
يېقىنلىشىپ قالدىڭلار. شۇڭا سەن ئا-
يالدىن ئايرىلىپ قېلىش خەۋپىنى سې-
زىپ بىئارام بولۇشقا باشلىدىڭ. ۋۇ-
جۇدۇڭغا ئايالنىڭ گۈزەل كۆزلىرىدىن،
سەن خېلىدىن بېرى كۈتۈۋاتقان ۋە
پۈتۈن كېچىلەر بويى ئويلاپ چىقىدى-
غان ئاجايىپ بىر قىزنىڭ مېھرى ئې-
قىپ كىرىشكە باشلىدى.

— ياق، مۇشۇ كوچىدا تۇرىمەن، —
دېدى ئايال ۋە بۇ سۆزى بىلەن گويا
سېنى يانجىپ تاشلىغاندەك تەكەببۇرا-
نە نەزەر تاشلىدى. سەن ئۆز ئۆيۈڭ
تەرەپكە قاراپ بۇرۇلۇۋېتىپ يەنە
سورىدىڭ:

— قىزىق، مەن سىزنى زادىلا كۆر-
مىگەن ئىكەنمەن.

— مەنمۇ سىزنى ئۇچراتمايتتىمەن، —
دېدى ئايال.

— يېقىندا كۆچۈپ كەلگەنمىدىڭىز؟

ئايال ئەمدى ساڭا ھومىيىپ قارى-
دى. ئۇنىڭ بۇ قارىشىدا ماڭا يەنە
قانچىلىك سوئاللىرىڭ بار، سىز دې-
گەن بىر خىل نازلىق ئەركىلەش
بار ئىدى.

— مەن مۇشۇ يەردە تۇغۇلغانمەن.
ئاتا - ئانامۇ مۇشۇ يەردە ياشاش-
قان.

سەن پۈتۈنلەي تالاش قىلىشقا باش-
لىدىڭ. سەن بۇ مەھەللىدە پەقەت
مەن تونۇيدىغان كىشىلەرلا ياشايدۇ،
دەپ ئويلايتتىڭ. چۈنكى سەن بۇ مە-
ھەللىدە موزدوزلۇق قىلىدىغان ئىككى
يەھۇدىدىن باشقا ھەممە كىشىنى تو-
نايتتىڭ. بىراق بۇ ئايالنىڭ ئاتا-
ئانىلىرىنى سەن زادىلا ئېسىڭگە ئالال-
مىدىڭ. سەن ئۆيۈڭنىڭ يېنىغا كەل-
گەندە چەپپىدە توختاپ، ئايالدىن
ئايرىلغۇڭ كەلمىگەن ھالىدا ئۇنى
ئۆيگە تەكلىپ قىلدىڭ.

ئايالمۇ سېنىڭ تەكلىپىڭ بىلەن
ھېچىكىشتىن توختىدى. لېكىن ئۇ ساڭا
بىر مەھەل ھەيران بولۇپ تىكىلىپ
تۇردى — دە، بىردىن قول سومكىسىنى
ئېچىپ ئىچىدىن نېمىنىدۇر ئىزلەشكە
باشلىدى.

— مانا بۇ، مېنىڭ ئۆيۈم، — دېدى
ئايال ئىپتىخارلىق ئاھاڭى بىلەن.
ئۇ ساڭا خەيرلىشىش نەزەرى بىلەن
قارىدى.

سەن كۈلۈمسىرىدىڭ. سەن بۇ ئا-
يال بۇ ئۆيىنىڭ كىمگە تەئەللۇق
ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىدۇ، ئۇ ئە-
تەي مۇغەمبىرلىك قىلىۋاتىدۇ، دەپ
ئويلىدىڭ. لېكىن ئايالنىڭ ھەرىكەتلىرى
قەتئىي ئىدى. ئۇ راستىنلا مۇشۇ ئۆي-
دە ياشايدىغاندەك ئۆزىنى شۇنچە ئەر-
كىن ۋە پەرۋاسىز تۇتاتتى. دەل شۇ
چاغدا سېنىڭ ئېسىڭگە ھەمىشە بىرەر
غەلىتە ئويۇننى ئويلاپ تاپىدىغان
قىزىقچى ئاغىنىلىرىڭ چۈشتى. سەن
بۇ ئايالنى بەلكىم شۇ ئاغىنىلىرىڭ-
نىڭ بىرەرسى ئەۋەتىپ يۈرگەن بول-
مىسۇن يەنە دېگەن گۇمان بىلەن ئا-
يالغا سىنچىلاپ تىكىلدىڭ ۋە ئۇنىڭ
يۈزىدىن بىرەر ئاغىنەڭنىڭ قىزىقچى-
لىقىنىڭ قالدۇق ئىزىنى ئىزلەشكە باش-
لىدىڭ. بىراق ئايال بۇرۇنقىدەكلا

قەتئىي ۋە جىددىي ئىدى. ئۇنىڭدا سەن ئويلىغان قىزىقچىلىق ۋە مۇغەممەرلىكتىن قىلچىمۇ ئەسەر يوق ئىدى. ئۇنىڭ تەكەببۇرانە پارلاۋاتقان سېھىرلىك كۆزلىرى، چىرايلىق، ئاپئاق يۈزلىرى بىلەن، كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان قىپقىزىل، نازۇك لەۋلىرى ئالاھىدە بىر خىل ئىشەنچ بىلەن يانىتتى.

ئايال گويا سېنىڭ كۆڭلۈڭدىكىنى بۇرۇنلا بىلىدىغاندەك سومكىسىدىن ئاچقۇچنى چىقىرىپ ئىشىكنى ئېچىشقا باشلىدى. سەن بۇ سىرلىق ئىشنىڭ تەكتىگە يېتەلمەي خېلىغىچە ئەسەنكىرەپ تۇرۇپ قالدىڭ.

— كەچۈرۈڭ، — دېدىڭ سەن ئەدەب بىلەن، — مەنمۇ دەل مۇشۇ ئۆيدە ياشايمەن.

ئايالنىڭ ئوتلۇق كۆزلىرىدە ھەيرانلىق ۋە غەزەپ جىلۋىلەندى. ئۇ سېنى قانداقتۇر بىر كوچا ئادىمى بولسا كېرەك دەپ، پەرەز قىلىۋاتاتتى. سەن ئايالنىڭ قاراشلىرىدىن بۇ مەنىنى ئۇقۇپ ئۆزۈڭچە خورلۇق ھېس قىلدىڭ.

— سىز راستىنلا ئىشەنمەيۋاتقان بولسىڭىز، مانا، مەرھەمەت قىلىڭ، — سەن شۇنداق دېدىڭ — دە، ئايالنى قىستاپ بىر چەتكە چىقىرىۋېتىپ ئىشىكنى ئاچتىڭ. ئايال ساڭا باشقىدىن قىزىقىپ، بىر ئىشىككە، بىر قولۇڭدىكى ئاچقۇچقا قاراپ قويدى. ساڭا بىر ھازا گۇمان بىلەن تىكىلىپ تۇرغاندىن كېيىن بىردىن مۇلايىملاشتى.

— بەلكىم ئوغرىدۇرسىز، — دېدى ئايال بىر خىل سادىدە تاۋۇش بىلەن، — بىكار ئاۋارە بوپسىز. بىزنىڭ ئۆيدە ئوغرىلىغۇدەك ھېچ نەرسە يوق.

— بەلكىم ئېيتقىنىڭىز راستتۇر، — دېدىڭ سەن بىر خىل ئىشەنچ خۇشاللىقى بىلەن، — بىراق بۇ ئۆي ماڭا ئاتامدىن، ئاتامغا بولسا ئاتىسىدىن قالغان.

— ماڭىمۇ ئاتا — ئانامدىن قالغان، — دېدى ئايال قەتئىي ھالدا، — ئۇلارغىمۇ ئاتا — ئانىلىرىدىن قالغان.

— ئۈچ ئېغىزلىق ئۆي بولسا كېرەك — ھە؟ — دەپ سورىدىڭ سەن ئايالنى سىناپ باقماقچى بولۇپ.

— ھە، ئۈچ ئېغىزلىق، ئۇنىڭدىن باشقا ئايۋان، ئاشخانا، كۆمۈرخانا ۋە قازنىقىمۇ بار.

سېنىڭ ھەيرانلىقىڭ بىردىن گۇمانغا ئايلىنىشقا باشلىدى. مۇبادا ھازىر ساڭا بىرەرسى «ئاتاڭ تىرىلىپ كەلدى» دېگەن تەقدىردىمۇ بۇنچىلىك ھەيران قالمىغان بولاتتىڭ. چۈنكى ئايال سەن تۇرۇۋاتقان بۇ ئۆينى شۇنچىلىك توغرا ۋە كەم — كۈتىسىز تەسۋىرلەپ بەرگەنىدى. سەن ئەمدى ئايالغا ۋەھىمە ۋە قورقۇنچ ئىچىدە تىكىلىپ تۇرۇپ قالدىڭ. بۇ ساڭا ئايال ئەمەس، بەلكى قانداقتۇر بىر ئىنسى — جىن بولۇپ تۇيۇلۇشقا باشلىدى. سەن جىن — شەيتان دېگەنلەرگە ئەزەلدىن ئىشەنمەيتتىڭ. بىراق ھازىر ئىشەنگىڭ، تۆۋە قىلغىڭ كەلدى.

— قىزىق، — دېدىڭ سەن بوشىشىپ، — بەلكىم مېھمانخانىڭىزنىڭ تېمىغا تاغنىڭ سۈرىتى ئېسىلغاندۇ.

— بولمىسىچۇ، — دېدى ئايال، — گۈللەر بەرىق ئۆرۈپ ئېچىلىپ تۇرغان تاغ ئېتىكىنىڭ سۈرىتى بار.

— تامغا يەنە قانداقتۇر بىر نەرسىنىڭ سۈرىتى ئېسىپ قويۇلغان بولسا كېرەك — هە؟

— توغرا، ئاتا — ئانامنىڭ سۈرىتى ئېسىقلىق.

— ياتاق ئۆيىڭىزنىڭ تېمىدا بەلكىم تۈركمەن گىلەمىمۇ باردۇ؟

— ئەلۋەتتە. بۇ گىلەمنى ئاتامغا بىر تۈركمەن دوستى سوۋغا قىلغان.

سەن هەيرانلىقتىن ۋارقىرىۋەتتىڭ. ئايال سېنىڭ ئاتاڭ ۋە ئۆيۈڭ هەققىدە شۇنچىلىك ئېنىق سۆزلەۋاتاتتى. سەن مۆجىزىگە ئىشەنسەڭمۇ مۆجىزىنىڭ ئۆيۈڭگە بۇ خىلدا قەدەم تەشرىپ قىلىشىنى خىيالىڭغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدىڭ. ئۇنىڭ ئۈستىگە مۆجىزە دېگەنىنىڭ خۇددى ئاياللاردەك مەككار ۋە سېھىرلىك بولۇشى مۇمكىنلىكىنى تېخىمۇ بىلمەيتتىڭ.

— سىز بۇلارنى قەيەردىن بىلىسىز، — دەپ سورىدى ئايال ئەمدى ساڭا ئەجەپلىنىپ تىكىلىپ.

— ئاخىر مەن مۇشۇ ئۆيدە ياشايمەن — دە، قانداقلارچە بىلمەسلىكىم مۇمكىن، — دېدىڭ سەن ئازابلىنىق ۋارقىراپ. شامال گاه سېنىڭ، گاه ئايالنىڭ ئۆزىنى سىپاپ ئۆتەتتى. ئۇ بەزىدە ئايالنىڭ ئېتەكلىرىنى قايرىسا، بەزىدە سېنىڭ ياقاڭنى سىلكىپ جېنىڭغا تېگەتتى. سەن توڭلاۋاتقانلىقىڭنى هېس قىلدىڭ.

— بەلكىم ئۆيگە كىرەرمىز، — دېدىڭ سەن يەرنى تەپكىنىڭچە، — پۇتۇم بەلكىمۇ مۇزلاپ كېتىۋاتىدۇ.

ئىككىڭلار بىرلا پەلەمپەيدىن كۆتۈرۈلۈپ، سېنىڭ ئايۋانلىق ئۆيۈڭگە قەدەم باستىڭلار. سەن تۇغۇلغاندىن بېرى ئايرىلماي تۇرۇپ كېلىۋاتقان بۇ ئۆيدە بىرىنچى قېتىم سېنى يات بىر ئايال باشلاپ يۈرەتتى. سەن ئۆزۈڭگە شۇنچىلىك سۆيۈملۈك بولۇپ تۇيۇلىدىغان هويلىغا، ئىككى تۈپ ئۆرۈككە، كىچىككىنە گۈللۈككە، قاڭالىتىر يېپىلغان ئاشخانا تېمىغا گويا بىر ئۆمۈر ئايرىلىپ قېلىۋاتقان كىشىدەك ئىنجاد ئىزدەپ قاراشقا باشلىدىڭ. كۆكسۈڭ يۈرىكىڭ ئۈچۈن قانچىلىك قىممەت ۋە ئەزىز بولسا، بۇ ئۆيۈڭمۇ سەن ئۈچۈن شۇنچىلىك قىممەت ۋە مۇقەددەس ئىدى. ئۆيۈڭدىكى تىنچلىق ۋە ئازادىلىقتىن سېنىڭ تۈنلىرىڭ شۇنچىلىك راهەتلىك، تاڭلىرىڭ بولسا شۇنچىلىك لەززەتلىك ۋە شادىمان ئىدى. سەن ئۆيۈڭدىكى ئاشۇ راهەت ۋە ئارام قوينىدا خۇددى بىپايان دېڭىزدىكى كېمىدەك لەززەتلىنىپ ئۈزەتتىڭ. بەزىدە بولسا خۇددى بىر گۈزەل ناخشىنىڭ تۇيۇقسىز تەكرارلانغان قايتارمىسىدەك، ئۆيۈڭدىكى بۇ راهەتلىك ئارام ئېقىمىنى ئېهتىيات بىلەن بۇزۇپ، ئۆزۈڭنىڭ بەختلىك ئىكەنلىكىڭنى گويا باشقىلارغا بىلدۈرمەكچى بولغاندەك نېمىلەرنىدۇر غىڭشىپمۇ قوياتتىڭ. نەزىرىڭدە هېچكىم سېنى بۇ يەردىن هەيدەپ چىقىرىپ، مۇنداق هاياتىي بەختتىن سېنى مەهرۇم قىلالمايتتى.

ئايال سېنى شۇنچىلىك تەبىئىي هۆرمەت ۋە ئىلتىپات بىلەن باشلاپ با-

راتتى. سىلەر ئاخىرى ئايۋاندىن ئۆت-
تۈپ دالان ئارقىلىق مېھمانخانا. ئۆي-
گە كىردىڭلار. ھەممە نەرسە سەن بۇ-
رۇن جايلاشتۇرۇپ قويغاندەك پاكىز
ۋە تەرتىپلىك تۇراتتى. ئۆيدىن سېنىڭ
ھىدىڭ كېلەتتى. بۇنى سەن ئۆيگە كى-
رىش بىلەنلا سەزگەنىدىڭ. ئايال
گويا ئۆيدىكى ھەممە نەرسە ئۆزىگە
تېگىشلىكتەك ئۆزىنى بەكمۇ ئەركىن
ۋە ئازادە تۇتاتتى. ئۇ ساڭا ئۆتۈكۈڭ-
نى يېشىدىغان يەرنى كۆرسەتكەچ
سەن دائىم كىيىدىغان ساپما كەشنى
ئېلىپ ساڭا ئەدەپ بىلەن ئۇزاتتى.
سەن ئۆيۈڭگە قايتا سىنچىلاپ قارى-
دىڭ. ئۆيدىكى ھەممە نەرسە جاي -
جايىدا تۇراتتى. قايسىدۇر بىر يىللى
بېرىپ كۆرۈپ مەھلىيا بولۇپ قېلىپ،
رەسسام دوستۇڭغا ئېيتىپ سىزدۇرغان
قورام تاش ئەتراپى مەنزىرىسى سۈرى-
تىدىن باھار نەپىسى ئۇرۇلاتتى. سۈ-
رەتتىكى قورام تاش ئۈستىدە پەستى-
كى ئوغلاقا ئىنتىلىپ بويۇن سوزۇپ
تۇرغان قوزىچاقنى كۆرۈپ كۆڭلۈك
باشقىدىن جايىغا چۈشتى. بۇلارنىڭ
ھەممىسى سېنىڭ ئىدى. بۇ يەردىن
سېنى ھېچكىم قوغلاپ چىقىرالمايتتى.
سەن گۇمان ئارىلاش سېنى كۈزىتىپ
تۇرغان ئايالغا ئىشەنچ بىلەن غالى-
بانە تىكىلدىڭ.

— ئېيردىم قايسى بىر يىللى تاغقا
سەيلىگە بارغاندا مۇشۇ مەنزىرىنى
ياقتۇرۇپ قاپتۇ، — دېدى ئايال سې-
نىڭ تامدىكى سۈرەتكە تىكىلىپ قالا-
غانلىقىڭنى كۆرۈپ، — شۇنىڭ بىلەن
ئۇ بىر رەسسام دوستىنى باشلاپ كې-
لىپ مۇشۇ سۈرەتنى سىزدۇردى.

سەن ئايالغا قورقۇنچ ئىچىدە
تىكىلدىڭ. «ئۇ مېنىڭ كۆڭلۈمدىكى
ئويلىرىمنى بىلىۋېلىپ مۇشۇ گەپ-
لەرنى قىلىۋاتىدۇ - غۇ» دېگەن گۇ-
مان سېنى قىيناشقا باشلىدى. ئاخىر
ھەر كۈنى مىجەزلەر تۇغۇلۇپ تۇرى-
دىغان بۇ ئەسىرىمىزدە ئادەمنىڭ يو-
شۇرۇن ئويلىرىنىمۇ بىلىۋالالايدى-
غان ماشىنا ئادەملەرنىڭمۇ ياساپ
چىقىرىش مۇمكىنغۇ؟ سەن ئايالنى
راستىنلا ماشىنا نازىنىن بولۇپ يۈر-
مىسۇن يەنە، دەپ ئويلاپ ئۇنىڭغا
سىنچىلاپ قاراشقا باشلىدىڭ. ياق،
ئۇ ماشىنا نازىنىن ئەمەس، بەلكى
بىر تىرىك سېھرى ئىنسان ئىدى. ئۇ-
نىڭدىكى تەڭداشسىز گۈزەللىكتىن ۋۇ-
جۇدۇڭ لەرزىگە كېلىپ، يۈرىكىڭ گۇ-
پۇلدەپ ئۇراتتى. سەن يەنە ئويلاشقا
باشلىدىڭ. كۆڭلۈڭدە بۇلارنىڭ ھەممى-
سى چۈش بولۇپ چىقمىسۇن يەنە، دې-
گەن يېڭى گۇمان پەيدا بولدى. بۇ
گۇمان ئاستا - ئاستا سېنىڭ كۆڭ-
لۈڭدە بىر خىل ئىشەنچكە ئايلىنىپ،
ئۆزۈڭنى خۇددى چۈش كۆرۈۋاتقاندەك
ھېس قىلىشقا باشلىدىڭ. شۇنىڭ بى-
لەن ئايالغا باشقىدىن كۈلۈمسىرەپ
خاتىرجەم تىكىلدىڭ، ئۇنى خۇشال قىل-
غۇڭ، كۆڭلىنى ئالغۇڭ كەلدى. چۈن-
كى سەن چۈشتىن ئويغانساڭلا بۇ ئۇ-
قۇشماسلىقلارنىڭ ھەممىسى بىر دەمدىلا
ئايان بولاتتى. ھېچكىممۇ سېنى «بۇ
ئۆي مېنىڭكى» دەپ بىئارام قىلالمايت-
تى. سەن بۇرۇنقىدەكلا تاڭدا ئويغى-
نىپ تىنىڭ - دە، ئۆيۈڭدە يالغۇز خوجاي-
ىن بولۇپ، چاي قاينىتىپ ئىچىپ،
كارىۋىتىڭدا خالىغانچە ئېغىناپ ياتات-

تىنىڭ. بىراق بۇ چۈش ئاخىرى يوقتەك
تىنمىسىز داۋام قىلىپ، سېنىڭ كۆڭ-
لۈڭگە يېقىمدىن - يېقى گۇمان ۋە تەخ-
مىنلەرنى قوياتتى.
— ئەنە، ئاۋۇ ئاتا - ئانامنىڭ سۈرى-
تى، — دېدى ئايال، — قارىماققا سىز
بۇنى ئوبدان بىلمەيسىز.
سەن دەرھال ئاتا - ئاناڭنىڭ سۈ-
رىتى ئېسىلغان تەرەپكە قارىدىڭ ۋە
دەھشەتتىن مورىدەك قېتىپ قالدىڭ.
سۈرەتتە ئاتا بىلەن ئاناڭ ساڭا ھەر
قاچانقىدەك كۈلۈمسىرەپ، مېھرىبانلىق
بىلەن قاراپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ كۆ-
زى، يۈزى، تىكىلىشى قىسقىسى ھەم-
مە نەرسىسى سېنىڭ ئاتا - ئاناڭنىڭ
ئۆزى ئىدى. بىراق دوپپىسىنى ھېچ-
قاچان بېشىدىن ئايرىمايدىغان ئاتاڭ
يالاڭباش بولۇپ چاچلىرىمۇ غەلىتىلا
ئىدى. ئاناڭ بولسا خۇددى يېنىڭدىكى
ئايالغا ئوخشاش چاچلىرىنى قويۇۋەتكەن
بولۇپ تىللارەڭ چاچلىرى يەلكىلىرىگە
چېچىلىپ تۇراتتى.
سەن بىردىن ۋەھىمىگە چۈشتۈڭ
ۋە كۆزلىرىڭگە ئىشەنمەي ساراسىملىق
ئىچىدە ئايالغا تىكىلدىڭ.
— ئۆيىڭنىڭ ھۆججىتىنى كۆرۈپ باق-
سام بولامدۇ؟ — دەپ سورىدىڭ سەن
ئالدىراپ.
— مەرھەمەت!
ئايال ساڭا ئۆي كىنىشكىسىنى ئې-
لىپ بەردى. ھۆججەتتە ھەممە نەرسە
توغرا ۋە جايىدا بولۇپ ئۆيىنىڭ ئا-
يالغا تەئەللۇق ئىكەنلىكىنى ئىسپات-
لايدىغان ھەيۋەتلىك تامغىمۇ بېسىلغانى-
دى. سەن نېرىقى ئۆيگە چىقىپ،
ھۆججەتلەر سېلىنغان چاۋەندىن ئۆز

نامىڭغا يېزىلغان ئۆي كىنىشكىسىنى
ئىزدەشكە باشلىدىڭ. كەينىڭدە ھەيران
بولۇپ قاراپ تۇرغان ئايالغا پەرۋا
قىلماي، چاۋەندىكى ھەممە نەرسىنى
تەلۋىلەرچە ھەممە تەرەپكە چاچتىڭ.
ئاخىرى كونىراپ، ۋاراقلىرى سارغى-
يىپ كەتكەن كىنىشكىنى بىر يەردىن
تېپىپ خۇشاللىقتىن ۋارقىرىۋەتتىڭ.
— مانا قاراڭ، بۇ يەرگە ھەممىسى
يېزىلغان. ئۆينىڭ ماڭا تەئەللۇق ئى-
كەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان مۆھۈرمۇ
بار - تېخى!
ئايال سەن بەرگەن كىنىشكىنى
ھەيران بولۇپ ۋاراقلاشقا باشلىدى.
كېيىن ساڭا قاراپ زاڭلىق ئارىلاش
كۈلۈپ كىنىشكىنى ساڭا قايتۇرۇپ
بەردى. سەن ھېچنەرسىنى چۈشەنمەي
گاھ ئايالغا، گاھ قولۇڭدىكى كىنىش-
كىغا قارىغىنىڭچە تۇرۇپ قالدىڭ.
كىنىشكىدىكى ئۆيىڭنىڭ ساڭا تېگىشلىك
ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان مۇناسى-
ۋەتلىك مۇئەسسەسەلەر چىقارغان قارار
يېزىلىدىغان بەت ئاق ۋە بوش ئىدى.
سەن پۈتۈنلەي گاڭگىراپ قالدىڭ ۋە
ھەر كۈنى كەچ گېزىت ئوقۇيدىغان دېرىزە
يېنىغا قويۇلغان كونا كرېسلوغا بې-
رىپ ئۈمىدسىز ھالدا ئۆزۈڭنى تاش-
لىدىڭ. سېنى ئەمدى خورلۇق ۋە چۈش-
كۈنلۈك ھالىڭدىن كەتكۈزگەنىدى.
سەن نىجات ۋە شەپقەت ئىزدەپ پۈ-
تۈن ئۆيىنى دېگۈدەك باشقىدىن كۆز-
دىن كۆچۈرۈپ چىقتىڭ. بىردىن، نېمى-
دۇر ئېسىڭگە ئېلىپ، يانچۇقلىرىڭنى
ئالدىراپ ئىزدەپ قىزىل تاشلىق
پاسپورتىڭنى تاپتىڭ - دە، ئىرغىپ
ئورنۇڭدىن تۇرۇپ، ئايالنىڭ ئالدىغا

بىرىپ ئۇنى ۋارقىلاشقا باشلىدىڭ.

— مانا بۇ يەرگە يېزىلغان، مۇنۇ يەرگە ....— دېدىڭ ئاخىرى بوغۇلۇپ ۋارقىراپ. بىراق سەن بىردىن دېمەك ئەمچىگە چۈشۈپ سۆزدىن توختاپ قالدىڭ. پاسپورتىڭنىڭ ھەر ئايلىق ماتاش ئالىدىغان چېغىڭدا قېرى ئىنجىق بوغالتىر يۈز قېتىملاپ سىنچىلاپ قارايدىغان «ئولتۇرۇشلۇق جايى» دېگەن ۋارىقىدا ئىككى تال ئۇزۇن سىزىقتىن باشقا ھېچنەرسە يوق ئىدى. سەن ھېلىقى كونا كىرىسلوغا قايتىدىن چۆكۈپ قاتقان بېشىڭنى ئۇزۇنغىچە چاڭگاللاپ ھەسرەتلىنىپ ئولتۇرۇپ قالدىڭ. خىيالىڭدا يەنە مەن چۈش كۆرۈۋاتقان بولسام كېرەك، دېگەن يېڭى بىر گۇمان پەيدا بولدى. ئايال بولسا سېنىڭ يېنىڭدا ساڭا شۇبھە ۋە ئەجەپلىنىش بىلەن قاراپ تۇراتتى. كىم بىلىدۇ، ئۇ شۇ تاپتا سەن ھەققىدە ھەر خىل ئويلاردا بولۇۋاتقاندۇر. بەلكى سېنى ئۇچىغا چىققان جەللىكور، مۇتەھەم ئوغرى، كوچىدا ئېقىپ يۈرگەن سەرگەردان دەپ ھېسابلاۋاتقاندۇر، ياكى بولمىسا سېنى بىرسىنىڭ ئۆيىگە زورلۇق بىلەن كىرىۋالغان باسقۇنچى دەپ قاراۋاتقاندۇر. ئايالنىڭ كۆزلىرى ساڭا ۋەھىمىلىك تىكىلگەنىدى. مۇبادا سەن كۆرۈۋاتقان بۇ ئىشلار راستىنلا چۈش بولسا ئۇ چاغدا سەن ھېچقاچان مۇنداق ئۇزۇن چۈش كۆرمىگەن ئىدىڭ. يۈرىكىڭ مۇنداق خەۋپ - خەتەرگە بەرداشلىق بېرەلمەي ئويغىنىپ كەتكەن بولاتتىڭ. لېكىن نېمە ئۈچۈندۇر بۇ قېتىم ئويغانمىدىڭ. قاچان ئويغىنىشىڭنىمۇ بىلگىلى بولمايتتى. بەلكى سەن ئويغانغۇچە ئايىغىڭغا يەنە بىر ئەسىر يىقىلىشى، ياكى ئەسىر ئۈستىگە ئۆزۈڭ يىقىلىپ چۈشۈشىڭ مۇمكىن. ئەمدى سەن قاچان ئويغىنىسەن؟ بۇنى سەنمۇ، مەنمۇ بىلمەيتتىم. كۆز ئالدىڭدىكى بۇ سەلتەنەتلەر سېنى ئۆزىگە تارتىپ مەھكەم باغلىۋالغانىدى. سەن كونا كىرىسلوغا چۆككىنىڭچە بىچارە قىياپەتتە ئولتۇراتتىڭ.

— بەلكى ئۆي ئىگىلىكى بولۇمىگە بىرىپ ئېنىقلاپ كۆرەرمىز، — دېدىڭ سەن ئاخىرى ئايالغا ئۈمىد بىلەن تىكىلىپ.

ئايال سېنىڭ بىچارىلىقىڭنى كۆرۈپ رەھمى كەلدى بولغاي، گېپىڭگە قوشۇلۇپ يەلكىسىنى قىستى

— مەرھەمەت! ماڭا بەرىبىر.

ئايال ئۆزىگە ئىشىنەتتى. شۇڭا ئۇ سەن بىلەن بىللە دۇنيانىڭ نېرىقى چېتىگىمۇ ئەگىشەلەيمەي بىللە بېرىۋېرەتتى.

سىلەر شامال ئوينىۋاتقان ھېلىقى كوچىغا يەنە چىقتىڭلار. شامال ئايالنىڭ ئېتەكلىرىنى يەنە ئوينىلىشقا باشلىدى. سىلەر ھېچنەرسە دېيىشمەي جىمجىت كېتىپ باراتتىڭلار. سەن مۇنداق مۆجىزىنى ھەتتا چۈشۈڭدىمۇ كۆرمىگەنىدىڭ. چۈشلىرىڭگە بولسا ھەرقانداق نەرسە كىرىۋېرەتتى. ئېھتىمال يېنىڭدا كېتىۋاتقان بۇ ئايالنىمۇ قاچاندۇر بىر چاغلاردا چۈشۈڭدە كۆرگەن بولغىدىڭ. لېكىن سەن ئاتا - ئاناڭ، بوۋا - مومىلىرىڭ ياشاپ كەلگەن ئۆينى، ئۆزىڭنىڭ قىلىۋالغان، يەنە كېلىپ چۈشۈڭدە

ئەمەس، بەلكى ئۇكۇڭدا يۈز بېرىۋاتقان مۇنداق ۋەقەنى زادىلا كۆرمىگەنىدىڭ. سەن ئۆزۈڭگىمۇ ئانچە ئىشەنمەي كەتمەيتتىڭ. «بەلكى مەن بۇ يەردە زادىلا ياشىمىغاندۇرمەن، بۇ ئۆي راستىنلا ئايالغا تېگىشلىكتۇر، مەن خۇددى كەچكى شەپەرەڭدەك بۇ ئۆيگە ئادىشىپ كىرىپ قالغان بولۇشۇممۇ مۇمكىن» دېگەندەك ئويلار خىيالىڭدىن كېچىپ، ئايالغا گۇمان ۋە ئىلتىجا بىلەن تىكىلەتتىڭ. دەل شۇ چاغدا گېزىتلەردە تالاش-تارتىش بولغان مۇنداق بىر ۋەقە سېنىڭ ئېسىڭگە چۈشتى: شەھەردىكى تارىخ مۇزېيىدا ئىشلەيدىغان ياش بىر خادىم بوغۇزلانغانىدى. گېزىتلەرنىڭ يېزىشىغا قارىغاندا بۇ خادىم شۇ كۈنى كەچ ئىشتىن چۈشۈپ ئۆز ئۆيىدە ئىشلەۋاتاتتى. بىردىن پۈتۈن مۇزېينى چۇقان-سۈرەن قاپلىدى. مۇزېي قاراۋۇلى بۆلۈمىدىن يۈگۈرۈپ چىقىۋېتىپ پەشايىۋاندا ئىشىككە ئۇرۇۋالدى. چۈنكى ئۇنىڭ ئىشىكىنى كىمدۇر قۇلۇپلاپ تاشلىغانىدى. قاراۋۇل ئاخىرى مۇزېي زالىدا نېمىلەر بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈش ئۈچۈن ئىشىك يوچۇقىدىن قاراپ، ھېلىقى مۇزېي خادىمىنى نەيزىلەرنىڭ ئۇچىغا ئېلىپ چىقىپ كېلىۋاتقان قانداقتۇر پولات قالپاقلىق كىشىلەرنى كۆردى. گېزىتلەرگە قاراۋۇلنىڭ روھىي كېسەللەر دوختۇرخانىسىدا يېتىۋاتقانلىقى يېزىلدى. مۇزېي خادىمىنىڭ قانغا بويالغان جەسىتى يېنىدىن 7-ئەسىردە ياسالغان بىر قىلىچ تېپىلدى. ئادەملەر بۇ ۋەقەنى ھەر خىل ئىزاھلاشتى. بىر مۇنچىلەر بۇنى باشقا سەييارىدىن چۈشكەن كىشىلەرنىڭ ئىشى، دېيىشتى. بىر قىسىم كىشىلەر بولسا بۇ گەپكە ئىشەنمەيتتى. سەن شۇ چاغدا بۇ ئىشلارغا مۇخبىر ئەپەندىلەرنىڭ ئويدۇرمىسى دەپ پەرۋا قىلمىغانىدىڭ. لېكىن ھازىر بۇ ۋەقەلەرگە ئىشەنگۈڭ كېلىپ قالدى ۋە ئايالغا باشقا سەييارىدىن چۈشكەن ئايال بولمىسۇن يەنە دەپ گۇمانلىنىپ قاراشقا باشلىدىڭ. ياق، ئۇنىڭدا باشقا سەييارە ئادىمىنىڭ ھېچقانداق ئالامىتى يوق ئىدى. ئۇ ساڭا قارىغاندىمۇ تەبىئىي، گۈزەل ۋە نازاكەتلىك بولۇپ، ئۇ گويا سۈزۈك ئاسماندا تەنتەنىلىك ئۈزۈپ يۈرگەن ھىلال ئايدەك مەغرۇر ۋە سېھىرلىك تۇستە يېنىڭدا كېتىپ باراتتى. سېنىڭ قىياپىتىڭ بولسا سۇدىن تارتىپ ئېلىنغان كۈچۈكتەك ئېچىنىشلىق ئىدى. پۈتۈن ۋۇجۇدۇڭ بۇلىقى مەغلۇبىيەتنىڭ مۇقەررەرلىكىدىن غال-غال تىترەيتتى. ئۆي خوجىلىقى بۆلۈمىگە سەن ئانچە ئۈمىد باغلىمايتتىڭ. شۇنداق بولسىمۇ يەنە تەۋەككۈل قىلىپ كېتىپ باراتتىڭ. ئايال بولسا سېنىڭ بىئارام قىلغانلىقىڭدىن نارازى بولۇپ ئۆزىچە غۇدۇڭشىپ قوياتتى.

سىلەرنىڭ گېپىڭلارنى، ساڭا دائىم ئۆي ئىجارىسىنى ۋاقتىدا تۆلىمىدىڭ دەپ پوپوزا قىلىدىغان بۆلۈم باشلىقى ھەيران بولۇپ تىڭشىدى. ئاندىن كېيىن قانداقتۇر ھۆججەتلەرنى تەكشۈرۈپ، ساڭا غەزەپ بىلەن تىكىلىپ تۇرۇپ دېدى:

— ئۆي ياسالغىنىدىن بۇيانلا بۇ

خانىمغا تېگىشلىك، سەن تاياقتىن
كېلىپ قالدىڭ؟

سەن ئۈندىمەي سىرتقا يول ئالدىڭ. ئىشىنىڭ ئۇشۇنداق بولۇشىنى سەن ئوبدان بىلەتتىڭ. شۇنىڭ بىلەن سەن ئايالغا ئەگىشىپ ئۆزۈڭگە تېگىشلىك بولمىغان ئۆيگە قاراپ ماڭدىڭ. ئەمدى سەن ئايالنىڭ نازاكەت ۋە تەكەللۇپىدىن بىئارام بولمايتتىڭ، ئۇنىڭغا رايىشلىق بىلەن بويسۇناتتىڭ.

— ئەگەر خالىسىڭىز ۋاقتىنچە بىزنىڭ قازناقتا يېتىپ تۇرۇشىڭىز مۇمكىن! — دېدى ئايال ئۆيگە يېتىپ كىرگىنىڭلاردىن كېيىن، ئۇنىڭ سېنىڭ ئېچىنىشلىق ھالىڭنى كۆرۈپ ئاز-تولا رەھمى كەلگەنىدى، — قازناق سوغۇق، لېكىن نېمە ئامالىڭىز بار دەيسىز؟ قىش ئۆتۈپ كەتسە بىرەر تۇرالغۇ جاي تېپىپ ئالارسىز.

سەن ئاستا باش سىلكىتتىڭ، ھېلىقى كونا كىرىسلودا ئۇزاقىچە ئولتۇرۇپ قاراڭغۇ چۈشۈش بىلەن ئورنىڭدىن تۇردۇڭ-دە، نەگىدۇر يول ئېلىشقا ھازىرلاندىڭ.

— كىيىملىرىمنى ئېلىۋالسام بولامدۇ؟ — دەپ سورىدىڭ سەن ئايالدىن تەقدىرىڭگە تەن بېرىپ.

— قايسى كىيىملەرنى دەيسىز؟

سەن ئىشكاپقا ئېسىپ تويۇلغان كىيىملەرنى ئىشارە قىلدىڭ.

— ئاخىر ئۇلار ئېرىمنىڭ كىيىملىرىغۇ؟ — ئايال ھەيرانلىقتىن ۋارقىرىۋەتتى ۋە دەرھال ئىشكاپنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۇنى ئۆزىنىڭ كېلىشكەن بەستى بىلەن توسۇپ ئالدى؛ سەن ئۇنىڭ بىلەن تارتىشىپ ئولتۇرمىدىڭ. قۇپ-قۇرۇق، ھالىدىن كەتكەن قوللىرىڭنى سېنى ۋايىغا يەتكۈزگەن ئىشىڭ، دېرىزىلەردىن يوشۇرۇش ئۈچۈن يانچۇقۇڭغا سالدىڭ-دە، پۈتۈنلەي تار-مار قىلىنغان مەغلۇب قوشۇندەك ئۆيدىن ئاستا چىقىپ كەتتىڭ...

بۇ چۈشىنىڭ ئاخىرى ئەمەس ئىدى. بۇ چۈشنى سەن ماڭا ئاشۇ سوغۇق شامالىق كۈندە ئېيتىپ بەرگەنىدىڭ. سېنىڭ يۈزلىرىڭ يالغۇزلۇق ۋە ئۈمىدسىزلىكتىن قارايغان بولۇپ، سەن بۇ چۈشۈڭنى ماڭا ئېيتىپ بەرگەن چېغىڭدا مەن ئۆز-ئۆزۈمگە ئىشەنمەي قالدىم. بۇ چۈشنى سەن ماڭا ئېيتىپ بەردىڭمۇ، ياكى مەنمۇ؟ سەن بەلكىم مۇشۇ تاپتا شامالىق كوچىدا مەقسەتسىز تەمتىرەپ يۈرگەندۇرسەن؟ سوغۇق قىش سۆپۈرگىسى سېنىمۇ ئۆز سەھنىسىدىن پاك-پاكىز سۈپۈرۈپ تاشلاش ئۈچۈن سېنى سۇنغان تۇغىنىڭ بىر پارچىسىدەك رەھىمسىز تاتقۇشلاۋاتقاندۇر؟ ياكى سېنى غەزەپ ئوتىدا بىر يېنىپ، بىر ئۆچۈپ كېلىۋاتقان كۆچمەنچى موڭغۇل ئەسكىرىنىڭ ئۈستىدىكى قارا شامالىقتەك ھاۋايىمۇئەللەققە چىقىرىپ تىنىمسىز سىلكىتىۋاتقاندۇر؟ لېكىن مەن بۇ چۈشنى سەن كۆردۈڭمۇ ياكى مەنمۇ زادىلا بىلەلمىدىم. مەن شۇنىڭدىن كېيىن سېنى پەقەت بىر مەرتىۋە ئۇچراتتىم. سەن «ق» مەيدانىدا ياۋايى كەپتەرلەرگە دان سېپىپ ئولتۇراتتىڭ. سېنىڭ كۆزلىرىڭ ئۈمىدتىن پارلاپ، يۈزلىرىڭ بەختتىن

يايراپ كەتكەنىدى. مەن سېنى
خېلىدىن بۇيان بۇ ھالدا كۆرمىگە-
نىدىم. كەپتەرلەر سەن ھەر قېتىم
دان سەپكەندە گۈررىدە ھاۋاغا كۆتۈ-
رۈلۈپ، ھېچقانداق خەۋپ-خەتەر يوق-
لۇقىنى سەزگەندىن كېيىنلا ئاندىن
قايتا يەرگە قونۇپ، سەن سەپكەن
دانلارنى بوغۇلدىشىپ يېيىشەتتى.
سەن بولساڭ ئۇلارغا گۈزەل بىر مەن-
زىرىنى كۆرگەن كىشىدەك تويماي
قارايتتىڭ. مەن يېنىڭدا تۇرۇپ،
سېنىڭ بۇ كەپتەرلەرگە قاراپ نېمە-
لەرنى ئويلاۋاتقانلىقىڭنى بىلىشنى
خالايتتىم. سەن بۇ ۋەتەنسىز قۇشلارغا
قاراپ نېمىلەرنى ھېس قىلدىڭ؟ بەل-
كىم سەن ئۇلارنىڭ ئۇچقۇر، چىرايلىق
قاناتلىرىغا قاراپ ئازاد قۇشلار
ھەققىدە ئويلىغانىدۇرسەن؟ بەلكى
ئۇلارغا قاراپ ۋەتەن ھەققىدە خىيال-
غا چۆككەندۇرسەن؟ بەلكى تۇيغۇلىرىڭنى
كەپتەرلەرگە ئوخشاش يىراق-يىراق-
لارغا ئۇچۇرۇپ كۆرۈپ باقماقچى
بولغاندۇرسەن؟ ياكى سەن ھېچنېمە
ئويلىماي، كۈنلىرىڭنى كەچ قىلىش،
ئۆزۈڭنىڭ ئۆيسىز ئىكەنلىكىڭنى ئۇن-
تۇش، بىرەر ئۆڭكۈر ياكى ۋوگزالنىڭ
بىرەر بۇرجىكىگە بېرىپ تونەش ئۈچۈن
بۇ قۇشلارنى ئۆزۈڭچە ئەمەك قىلىپ
ئولتۇرغاندۇرسەن؟ ياكى بۇ قۇشلارغا
قاراپ، ئۆيسىز قالغان يالغۇز ئۆزۈڭلا
ئەمەسلىكىڭنى، دۇنيادا مىليونلاپ
كىشىنىڭ ئۆيسىز ۋە ۋەتەنسىز ئىكەن-
لىكىنى ئويلاپ ئۆزۈڭنى بەزلىمەكچى
بولغاندۇرسەن؟ بەلكىم سەن تەلىيىڭنى
پەقەت شۇ قۇشلارغىلا ئاشكارىلىغاندۇر-
سەن؟ مەن سېنىڭ شۇ كۈنى «ق» مەي-
دانىدا نېمىلەرنى ئويلىغانلىقىڭنى
زادىلا بىلەلمىدىم. مەن كۈگۈم ۋاقتى
بىلەن ئورنىڭدىن تۇردۇڭ-دە، قار
يېپىپ ئۇخلاۋاتقان، ئادەمسىز،
گۈزۈلدەپ تۇرغان شاماللىق كوچىغا
كىرىپ قاراڭغۇلۇق قوينىغا سىڭىپ
كەتتىڭ. مەن سېنىڭ كەينىڭدىن
قاراپ تۇرۇپ سېنىڭ مۇشۇ تاپتا
راستىنلا قۇشلارغا ئوخشاپ كېتىۋات-
قانلىقىڭ ھەققىدە ئويلاندىم. سەن
قارلار ئۇچۇۋاتقان ئادەمسىز كوچىدا
پەرۋاز قىلىۋاتاتتىڭ. مەن سەن بىلەن
قايتا ئۇچرىشالمىدىم. ئاشۇ كۈنى
«ق» مەيدانىدا كەپتەرلەرگە دان
سېپىپ، ئۇلارنى مەستانىلىق بىلەن
كۆزىتىپ ئولتۇرغان، يۈزىدە ئازاب
ۋە ئىزتىراپ ئەكس ئېتىپ تۇرغان
پەرىشان يىگىت سەنمۇ ياكى مەنمۇ؟
بەلكى مەن كەپتەرلەرگە دان سېپى-
ۋاتقاندا ۋە كېيىنچە ئادەمسىز كوچىغا
كىرىپ قاراڭغۇلۇق قوينىغا سىڭىپ
كېتىۋاتقان چېغىمدا شەپقەت ۋە
ئېچىنىش بىلەن كەينىمدىن قاراپ
قالغان كىشى سەن بولۇشىڭمۇ مۇمكىن.
سەن شۇ قارىشىڭدا بەلكى كەپتەرلەر-
نىڭ قاناتلىرىدىن مېنىڭ ئارزۇلىرىمنى
بىلىشنى، ئۇلارنىڭ ھوشيار كۆزلىرى-
دىن ئۆزۈڭنى كۆرۈشنى خالىغان
بولغىدىڭ؟

شۇنىڭدىن كېيىن مەن توغرۇلۇق
بىر مۇنچە گەپلەرنى ئاڭلىدىم.
بەزىلەر سېنىڭ بىر توپ مەستلەرگە
قوشۇلۇپ، يەر ئاستى يوللىرىدا
تونەپ يۈرگەنلىكىڭنى ئېيتىشتى.
بەزىلەر سېنى ۋوگزاللاردا يېتىپ
يۈرۈپتۇ، دېيىشتى. يەنە بەزىلەر بولسا
سېنى يىراق بىر جايغا قۇرۇلۇشقا

# بىرىژنېۋ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن 18 يىل

(ئەدەبىي ئاخبارات)

فېدور بورلاتىسكىي [سوۋېت ئىتتىپاقى]

(بېشى ئۆتكەن ساندا)

كادىرلارنى ئۆستۈرۈش، ئىشلىتىش ئىدىيەسى ئاددىيلاشتۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بىرىژنېۋ يەنە ئۆزى بىلەن قارىمۇ قارشى بولغان كادىرلارغا قارىتىلغان سىياسەتلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى، ئۇنىڭ مەقسىتى شۇنداق قىلغاندا ھەر بىر ئورگان خىزمەتچىسىنىڭ ئارزۇسىغا ۋەكىللىك قىلغىلى بولاتتى ھەمدە كادىرلارنى تۇراقلاندۇرۇشقا پايدىلىق ئىدى. لېكىن بىرىژنېۋ ستالىننىڭ باستۇرۇش سىياسىتىنى قوللانمىدى، پەقەت ئۆزى بىلەن بىر پىكىرگە كېلەلمىگەنلەرنىلا ئۇكۇشلۇق سىقىپ چىقاردى.

مەكتەپلەردە ئۇنىۋېرسال تېخنىكا مائارىپ تۈزۈمىنى يولغا قويۇش جەھەتتە، بىرىژنېۋ خروششېۋنىڭ 11 يىللىق ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ مائارىپ تۈزۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، بۇرۇنقى 10 يىللىق مائارىپ تۈزۈمىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. دېھقانلارنىڭ تۇرالغۇ ئۆيلىرىنىڭ ئەتراپىدىكى يەرلەر ئۆزىگە قالدۇرۇلدى. كۆممە قوناق ھېكايىسى ئۆتكەن زامان بولۇپ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا لىسېنكومۇ نەزەردىن ساقىت بولدى. شۇنىڭ بىلەن مەركىزىي رايونلار يېزا ئىگىلىك تەرەققىياتىنى تېزلىتىش، بوز يەر ئېچىش يۆنىلىشى تەدرىجىي ئۆزگەرتىلدى. كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى كولخوز ئەزالىرى پېنسىيە فوندى كاپالەتلىكە، كولخوز خىزمەتچىلىرى ئىش ھەققى فوندى كاپالىتىگە ئىگە بولدى. تۇرمۇش لازىمەت بۇيۇملىرىنىڭ تەمىنلەش ئۆلچىمى تۆۋەنلىتىلدى، ئەكسىچە

---

كېتىپتۇ دېيىشتى. ھەتتا سېنى چۆلگە چىقىپ كېتىپتۇ دېگۈچىلەرمۇ بولدى. مەن بۇ گەپلەرگە ئۇنچىلىك ئىشىنىپ كەتمەيدىم. لېكىن دەن سېنىڭ بىز ياشاۋاتقان بۇ شەھەرنى بىر ئۆمۈر تاشلاپ كەتكەنلىكىڭنى بىلمەيتتىم. مەن ھەر كۈنى تارىغىنا ئۆيۈمدە كارىۋىتىمغا سوزۇلغىنىمچە يېتىپ، قانداقتۇر بىر مۆجىزىنىڭ يۈز بېرىشىنى كۈتەتتىم ۋە بۇ مۆجىزە دەل شۇ دەقىقىدە يۈز بېرىدىغاندەك شېرىن بىر لەززەتتىن يۈرىكىم گۈپۈلدەپ ئۇراتتى، بۇنداق چاغدا مەن ئىختىيارسىز ھالدا سېنى ۋە ئاشۇ ئىزغىرىن شامالىق كۈننى ئەسلەيتتىم.

(ئۆزبېكچە «ياش كۈچ» ژۇرنىلىنىڭ 1989 - يىل 1 - سانىدىن ئېلىندى).

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مۇھەممەت پولات

يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىۋېلىنىش باھاسى ئۆستۈرۈلدى.

برېژنېۋ دەۋرىدىكى يېزا ئىگىلىكىگە قارىتىلغان سىياسەتلەر ئاساسەن خرۇشچېۋ دەۋرىدە تۈزۈلگەنىدى. 1965 - يىلى 9 - ئايدىكى ئومۇمىي يىغىن ئىسلاھاتچىلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىملىق سۆزلەش پۇرسىتى بولدى. بۇ شۇ قېتىمقى يىغىندا يېزا ئىگىلىكىنى ئىسلاھ قىلىش تەكلىپى ئوتتۇرىغا قويۇلدى، كوسىگىن ئىسلاھات تەكلىپىنىڭ تەشەببۇسچىسى ئىدى. 1962 - يىلى 9 - ئايدىلا كىشىلەر پروفېسسور خاركوۋ ۋە يېۋسېي لىبېرمانىنىڭ «پىلان، پايدا، مۇكاپات» دېگەن ماقالىسىنى دەۋر قىلىپ مۇزاكىرىنى باشلىۋەتكەنىدى. ئۇلارنىڭ ئاشۇ ماقالىسىدىكى ئىدىيە شۇ قېتىملىق سانائەت ئىسلاھاتىنىڭ ئىدىيىۋى ئاساسى بولۇپ قالغانىدى. كېيىن بۇ خىل ئىدىيە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئاتاقلىق ئالىملىرى ۋاسىلىي نېمچىنوۋ، نوۋوژىلوۋ، كانتوروۋىچلارنىڭ دوكلاتلىرىدا تەرەققىي قىلدۇرۇلدى. 1964 - يىلى 8 - ئايدا خرۇشچېۋنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن موسكۋا «بولشېۋىك» زاۋۇتى ۋە گوركى «ماياك» زاۋۇتىدا ئالىملار ئوتتۇرىغا قويغان يېڭى ئىگىلىك سىستېمىسى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلۇشقا باشلىغانىدى. خرۇشچېۋنىڭ رەسۋاسى چىقىپ «ئۆز ئارزۇسى بويىچە» پېنسىيىگە چىققاندىن كېيىن، بۇ سىناق يەنىلا باشقا سانائەت كارخانىلىرىدا ئومۇمىيۈزلۈك كېڭەيتىلدى. 1965 - يىلى 9 - ئايدىكى ئومۇمىي يىغىندا كوسىگىن ئۆز دوكلاتىدا ئىسلاھات نەتىجىلىرى كىشىنى خۇشال قىلىدۇ دەپ كۆرسەتتى.

ئەمما برېژنېۋ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش قىيىن دەپ قاراپ ئىسلاھات لايىھىسىدىن گۇمانلىناتتى. ئۇ ئىسلاھاتنىڭ خاراكتېرىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلماي، ستالىننىڭ سانائەتلەشتۈرۈش دەۋرىدە پارلاق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن تەدبىرلىرىگىلا ئىشەنچ قىلاتتى. برېژنېۋنىڭ بۇنداق قىلىشى ئاساسلىقى ئۇنىڭ كوسىگىنغا بولغان ھەسەتخورلۇقىدىن كېلىپ چىققان، ئۇنىڭ نەزىرىدە كوسىگىننىڭ باشقىچە بىر ئۈستۈنلۈكى بار ئىدى، چۈنكى كوسىگىن پېشقەدەم رەھبەر، ئۇنىڭ ئۈستىگە ۋەتەن ئۇرۇشىدىن ئىلگىرىلا ئۇنىڭ ئىناۋىتى تىكلەنگەنىدى.

برېژنېۋ ھاكىمىيەت تۇتقان دەسلەپكى مەزگىلدە، ۋارشاۋا شەرتنامىسىدىكى دۆلەتلەر باشلىقلىرىنىڭ بىر قېتىملىق يىغىنىدا مۇنداق بىر كۈلكىلىك ئىش بولدى. ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ رەھبەرلىرى ھەممىسى چوڭ يىغىندا ئالدى بىلەن تەييارلىۋالغان سۆز تېكىستلىرىگە قاراپ سۆزلىدى، پەقەت برېژنېۋلا سۆز تېكىستى تەييارلىمىغانىدى. شۇ قېتىمدا رومىنىيە ۋەكىللەر ئۆمىكىگە پارتىيە رەھبىرى ئەمەس، بەلكى مىنىستىرلار مەجلىسىنىڭ رەئىسى ئۆمەك باشلىقى بولغانىكەن، شۇڭا رومىنىيە ۋەكىللەر ئۆمىكى بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ ھۆججەتلىرىگە پارتىيە رەھبەرلىرى ئەمەس، دۆلەت رەھبەرلىرى ئىمزا قويسا دېگەن تەكلىپنى بەردى. برېژنېۋ خۇددى توك سوقىۋەتكەندەك ئور-

نىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى ـ دە، ئۇنداقتا قانداق بولىدۇ؟ ھۆججەت دېگەنگە دۆلەتنىڭ بىرىنچى قول رەھبىرى قول قويىدۇ، بىرىنچى قول رەھبەر ئەلۋەتتە پارتىيە رەھبىرى بولامدۇ؟ دېگەن مەزمۇندا ئىككى ئېغىز سۆز قىلدى.

ئەينى ۋاقىتتا، ئورگاندا بىرېژنېۋ 9 ـ ئايدىكى ئومۇمىي يىغىندا كوسىگىننىڭ دوكلاتى ھەققىدە: «بۇ چاپا تارتىپ نېمىنى ۋۇجۇدقا چىقىرالايدۇ؟ ئىسلاھات، ئىسلاھات ... دېگىنى بىلەن بۇ كىمگە خۇشياقىدۇ؟ بۇنى ھېچكىم چۈشەنمەيدۇ. بىزگە كېرىكى ياخشى خىزمەت ئىشلەش، بۇنىڭدىن باشقا گەپ يوق» دەپتۇمىش، دېگەن سۆزلەر تارقىلىپ كەتكەنىدى.

بەلكىم مېنىڭ بىرېژنېۋغا بولغان قارىشىم بىر تەرەپلىمە بولۇشى مۇمكىن، چۈنكى مەن ئۇنىڭ بىلەن بىرلا قېتىم سۆھبەتلەشكەنىدىم. بىز يەنىلا ئۇنى چۈشىنىدىغان كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭغا بەرگەن باھاسىنى ئاڭلاپ باقايلى. ئا. بوۋىن مۇنداق دېگەنىدى: «بىرېژنېۋنى ئاتاقلىق سىياسەتچى دېگىلى بولمايدۇ. مېنىڭ كۆزىتىشىمچە ئۇ يامان ئادەم ئەمەس، كىشىلەرگە ئاسان يېقىنلىشالايدۇ، ئۆزىنىڭ ئىرادىسىدىن ئاسانلىقچە يانمايدۇ. ئۇ قىزغىن، مېھماندوست، بولكىغا تۆز سالىدىغان ياخشى رەھبەر. ئۇ ئوۋ ئوۋلاشنى ياخشى كۆرىدۇ... تۇرمۇشتىكى كىچىك ئىشلاردىن لەززەتلىنىدۇ».

بىز «ئىككى بىرېژنېۋ ئۇقتىمىنەزەرىنى» قوۋۋەتلىمەيمىز. يەنى 70 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىنىڭ ئالدى ۋە كەينى دەپ ئايرىمايمىز. بەزىلەر بىرېژنېۋ دەسلەپتە ئىقتىسادىي ۋە باشقا تەرەپلەردىكى ئىسلاھاتنى قوللىغان دەپ قارايدۇ. ئەمما بىز بىرېژنېۋنىڭ 1965 ـ يىلى 9 ـ ئايدىكى ئومۇمىي يىغىندا سۆزلىگەن ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇن دوكلاتىنى كۆرۈپ باقساقلا ھەممىنى چۈشىنىپ كېتەلەيمىز. بۇ ماقالە بىرېژنېۋغا باھا بېرىشتە تولىمۇ ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە. شۇ چاغلاردىلا كىشىلەر بىرېژنېۋنىڭ خاتالىقى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان ئىسلاھاتنى بوغۇپ تاشلىدى، بىرېژنېۋ كوسىگىننىڭ ئىسلاھات تەكلىپىگە ئەڭ ئاكتىپ قارشى تۇرغۇچى دېگەننى بىلگەنىدى.

ئىنتايىن قورقۇنچلۇق بولغان قۇرۇق گەپ قىلىش ئەنئەنىسى دەل بىرېژنېۋ دەۋرىدە شەكىللەنگەنىدى. ئۇ سۆزلەپ كەتكەن قۇرۇق گەپلەر «ئۇنىڭ» توققۇز توملۇق تاللانمىسى ئەسەرلىرىگە پاتمىدى. ئەلۋەتتە ئۇنىڭ بەزى ياخشى، توغرا مەزمۇندىكى سۆزلىرىمۇ بار، لېكىن بۇلارنى قايتا سۆزلەپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق. بىرېژنېۋغا سۆز تېكىستى يېزىپ بېرىدىغانلار ئاجايىپ قابىلىيەتلىك كىشىلەر ئىدى. مەسىلەن: 1966 ـ يىلى «ھەقىقەت گېزىتى» دە ئۇنىڭ «تەرەققىي قىلغان سوتسىيالىستىك جەمئىيەت قۇرۇش توغرىسىدا» سەرلەۋھىلىك بىر پارچە ماقالىسى ئېلان قىلىندى، ئەمەلىيەتتە بولسا ئۇنىڭدا «كوممۇنىزم قۇرۇلۇشىنى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇش» شوئارىنىڭ ئەھمىيىتى ئىنكار قىلىنغان بولۇپ، نۆۋەتتە بىزنىڭ بەرپا قىلغىنىمىز پەقەت قالاق سوتسىيالىزم شەكلى، بۇنىڭدىن كېيىنكى تەرەققىيات يۆنىلىشىمىز پەن ـ تېخنىكىدا زامانىۋىلىشىش،

باشقۇرۇش قۇرۇلمىسىنى مۇۋاپىقلاشتۇرۇش ۋە دېموكراتىيىنى جارى قىلدۇرۇشقا
قاراپ ئىلگىرىلەش دېگەن ئىدىيە ئېتىراپ قىلىنغان. «ئىدىيە سىستېمىسى
گىرىمخانىسى» دىن كەلگەن «گىرىمچى» ئۇستاملار نېمە خىزمەتلەرنى ئىشلى-
گەندۇ؟ ئۇلار پەقەت برېژنېۋنىڭ ئاغزىدىن پايدىلىنىپلا بىر تەرەققىي قىلغان
سوتسىيالىستىك جەمئىيەت قۇرۇپ چىقتۇق دېگەن يولىيورۇقنى ئوتتۇرىغا قويدى. بەلكى
يەنە سوۋېت ئىتتىپاقى ئاساسىي قانۇنىنىڭ كىرىش سۆزىنىمۇ قىستاپ كىرگۈزدى.
شۇنىڭ بىلەن ھەممە نەرسە قۇرۇق تەشۋىقاتقا ئايلىنىپ كەتتى. برېژنېۋنىڭ «دەسلەپكى
دەۋرى» دە بولسۇن ياكى «ئاخىرقى دەۋرى» دە بولسۇن پۈتۈنلەي شۇنداق بولغانىدى.

برېژنېۋنىڭ ئوغلى مۇنداق بىر گەپنى قىلغانىدى: بۇ گەپ داۋىدوۋ-
نىڭ داچىسىدا بولغانىكەن. ئەينى ۋاقىتتا ئۇ يەردە بىر سۆز تېگىشتى تەيي-
يارلىنىۋاتقانىكەن. بىرەيلەن برېژنېۋغا بىر قىسىم ئىش ھەققى توۋەن كىشى-
لەرنىڭ تۇرمۇش قىيىنچىلىقىنى ئېيتىپتۇ. ئەمما برېژنېۋ: بۇ سىلەرنىڭ تۇر-
مۇش يولىنى بىلمىگەنلىكىڭلار، ئىش ھەققىدىلا تايانغان بىلەن جان باقىلى
بولمايدۇ، ھازىرقىدەك ئېسىمدە تۇرۇپتۇكى ياش ۋاقتىمدا ئوتتۇرا تېخنىكومدا
ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمىزدا بىز دائىم ۋوگزاللارغا بېرىپ يۈك چۈشۈرۈپ ئاز-تولا
قوشۇمچە كىرىم قىلاتتۇق، ئۇ ۋاقىتلاردىكى ئىشلارنى سىلەر بىلمەيسىلەر. ۋاگون-
دىن 2-3 تاغار ياكى يەشىك مال چۈشۈرسەك بىرسى ئۆزىمىزنىڭ بولاتتى،
دۆلىتىمىزدە ھەممىلا ئادەم شۇنداق قىلسا بولمامدۇ دەپتۇ.

كىم گۇناھكار؟ برېژنېۋمۇ؟ پۇقرا گۇناھكارمۇ؟ ئۇلار ماختاپ قويسا
ئۇچۇپ كېتىدىغان، سوزۇلۇچان خاراكتېرگە ئىگە قۇرۇق قاچا؟ ئۇلار نېمىنى
بىلىدۇ؟ ھەم نېمە ئىش قىلالايدۇ؟ تارىخ سەھنىسىگە يالاپ چىقىپ جازالاشقا
تېگىشلىكى يەنىلا برېژنېۋنىڭ سىياسىي تۈزۈمى. چۈنكى ئۇنىڭ سىياسىي
تۈزۈمى نامراتلىقنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، زور بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ ئىدىيە-
سىنى چىرىتتى.

مانا شۇلار دۆلىتىمىزنىڭ تەرەققىياتىنى توختىتىپ قويدى دېيىشكە
بولامدۇ؟ ئەلۋەتتە ئۇنداق دېيىشكە بولمايدۇ. خەلق داۋاملىق ئىشلەپچىقىرىش
بىلەن شۇغۇللانماقتا. سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى ئاستا بولسىمۇ ئالغا ئىلگىرى-
لېدى. ئەمما مۇنداق ئىككى خىل ئىنتايىن خەۋپلىك ھادىسە كىشىلەرنىڭ
دىققەت-ئېتىبارىنى قوزغىماقتا:

بىرىنچىسى، يېقىلغۇنىڭ قېزىلىشى جىددىي ئېشىپ كەتتى: دېمەك كىشى-
لەر كېيىنكى ئەۋلادلار ئۈچۈن ساقلاپ قويۇلغان زاپاسنى يېمەكتە. لېكىن
ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھازىرقى مەنپەئەتىنىلا كۆزدە تۇتۇپ، كېيىنكى ئەۋلادلارغا
ئېتىبار بەرمىدى.

ئىككىنچىسى، پۈتكۈل مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىشىدا ئىستېمال بۇيۇملىرى
ئىشلەپچىقىرىشى بارغانسېرى ئازىيىپ كەتتى، بەزى ساھەلەر سانىنىلا قوغلى-
شىپ، سۈپەتكە ئەھمىيەت بەرمىدى.

مانا شۇ بىر قاتار سەۋەبلەر دۆلىتىمىزنى 20 يىللىق پۇرسەتتىن مەھرۇم قىلدى. دۇنيا مىقياسىدىكى ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان ساناتەت ئىنقىلابى بىز بىلەن مۇناسىۋەتسىز بولۇپ قالدى. بۇ بىر مەزگىل ئىچىدە ياپونىيە بىر سەكرەپلا دۇنيا بويىچە ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان ساناتەت دۆلىتىگە ئايلىنىپ كەتتى، جەنۇبىي چاۋشيەن ياپونىيىگە سوگدىشىپلا يوقىرى سۈرئەت بىلەن تەرەققىي قىلماقتا؛ بىرازىلىيەمۇ يېڭىدىن قۇدرەتلىك ساناتەت مەركىزى قاتارىغا قوشۇلدى. بىزمۇ ھازىرقى دۇنيادىكى دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ دۆلەت بىلەن ھەربىي ئىشلاردا تەڭلەشتۇق ئەلۋەتتە، لېكىن بۇنىڭ نېمە قىممىتى بار؟ بىزنىڭ سەرپ قىلغان بەدىلىمىز باشقا نۇرغۇن ئىقتىسادىي ساھەلەرنى ھۈنەر-سەنئەت جەھەتتە ئارقىدا قالدۇردى. يېزا ئىگىلىكىنى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراتتى، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى ئۆسمىدى.

بۇ خىل ۋەزىيەت سوتسىيالىزمنىڭ قېلىپى ئۈستىدىكى ئىزدىنىشنىڭ يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىۋەتتى. ئەكسىچە بىيۇروكراتلىقنى كۈچەيتتى. مەسىلە كۆرۈلدى، ئەمما دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ بۇ ھەقتىكى ئىنكاسى تولىمۇ نوقۇل بولدى. ئۇنداقتا بۇ مەسىلىلەرنى كىم ھەل قىلىدۇ؟ يېڭىباشتىن مىنىستىرلىكلەرنى ۋە باشقا شۇنىڭغا ئوخشاش ئاپپاراتلارنى قۇرۇش كېرەك.

يېزا ئىگىلىكى ۋە ئاشلىق مەسىلىسى سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئەجەللىك ئاجىزلىق. 70 - يىللاردا سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوغۇت ئىشلەپچىقىرىش، ئەمگەك ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمدارلىقى ئامېرىكىنىڭكىدىن نەچچە ھەسسە تۆۋەن بولدى. سوۋېت ئىتتىپاقىدا $\frac{1}{4}$ قىسىم ئىش ھەققى كىرىمى بار يېزا ئىگىلىك ئەمگەكچىسىمۇ دۆلەتنى باقالمىدى. ئەمما ئامېرىكىدا 3% نى ئىگىلەيدىغان يەر ئىگىلىرى ئىشلەپچىقارغان ئاشلىقنىڭ خېلى كۆپ قىسمى چەت ئەلگە ئېكسپورت قىلىندى.

ئىگىلىك ۋە ساناتەتنىڭ ئارقىدا قېلىشىدا بىرلا سەۋەب بار، ئۇ بولسىمۇ رەھبەرلىكنىڭ خالى بولغىلى بولمايدىغان ئاپپاراتلار ئىسلاھاتى يەنى ساناتەتنى ئىگىلىك باشقۇرۇشقا يۈزلەندۈرۈش، مۇلازىمەت كەسپىنى ھەمكارلاشتۇرۇش، يېزا - كەنتلەر كوروپىسى ۋە ئائىلىلەرگە ھوقۇقنى بېرىشنى بىلمىگەنلىكى ۋە ئۇنىڭدىن قورقانلىقىدىنلا ئىبارەت. مانا بۇنى ئاشۇ يىللاردىكى تۈزۈمنىڭ ھەددىدىن زىيادە دېموكراتىيىلاشمىپ كېتىشى ۋە برېژنېۋنىڭ بىيۇروكراتلىقى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

ئىسلاھات جەريانىدا تۈرتكىلىك رول ئوينايدىغان سىناقلارغا توسقۇنلۇق قىلىدىغان ھەر قانداق ئىگىلىك مۇستەقىللىقى، پىكىر مۇستەقىللىقىغا يول قويۇشقا بولمايدۇ.

برېژنېۋ دەۋرىدىكى مۇھىم ساۋاقلارنىڭ بىرى ستالىن دەۋرىدە شەكىللەنگەن باشقۇرۇش سىستېمىسى يىمىرىپ تاشلاندى. شۇنىڭ بىلەن دۆلەت جەمئىيەت تەرەققىياتىغا كاپالەتلىك قىلالمايلا قالماستىن، ئەكسىچە ئىگىلىك، مەدەي-

نىيەت ۋە ئەخلاق جەھەتتە ئىجتىمائىي تەرەققىياتقا پۈتلەيكا شاك بولدى. ئەپسۇسلىنارلىقى بۇ خىل ھادىسە 20 يىلغا يېقىن داۋاملاشتى. بۇ خىل ھالەت ئەمدى ھەرگىزمۇ تەكرارلانماسلىقى كېرەك!

ئەگەر برېژنېۋ ستالىننىڭ باستۇرۇش سىياسىتىنى قوللانغان بولسا، بۇ خىل چىرىكلىشىش سىستېمىسىغا قارىتا ئۈنۈمى بولارمىدىكىن دېيەلىشىمىزمۇ مۇمكىن. چۈنكى تېخىمۇ ئىنقىلابىي ئىختىيارىي ئەمگەككە، شەخسلەرنىڭ قىزىقىشى ۋە تەشەببۇسكارلىقىغا، ئىجادچانلىقىغا، ئۆزلۈكسىز ئىزدىنىش ۋە رىقابەتچانلىقىغا مۇھتاج. ئاپپاراتلار ئىسلاھاتى تۇرغۇنلۇقنى تۈگىتىشنىڭ مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان شۇنداقلا مەنتىقىغە ئۇيغۇن بولغان بىردىنبىر چىقىش يولى.

ئۇزۇندىن بۇيان كىشىلەر ئومۇميۈزلۈك ھەرقانداق كىشى دۆلەتكە رەھبەرلىك قىلىمەن دېسە ئېنىق پروگراممىسى بولۇشى شەرت، چۈنكى ئۇ ئىنتايىن يۈكسەك دەرىجىدە خەلقنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدۇ دەپ قاراپ كەلمەكتە. بىز ئۆتكەن زاماندىكى بۈگۈنكىدەك ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن ئۇستازلارنى ئەسلەپ ئولتۇرمىساقمۇ، بىزنىڭ روسىيە تارىخىدىلا پوشكىننىڭ يېقىن دوستى ژۇكوۋسكى پادىشاھنىڭ ئورۇنباسارى بولۇپ قالغاندىمۇ شۇنداق بولمىغانمۇ؟ ھازىرقى ۋاقىتتا ھەممىلا كىشى دېگۈدەك: دۆلەتنىڭ رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى زىممىسىگە ئالىدىغان كىشى چوقۇم تۇغما شەرتلەرنى ھازىرلىغاندىن سىرت يەنە ۋالىي مائارىپ تەربىيىسى كۆرگەن بولۇشى، پۇقرالىق مەسئۇلىيەت تەربىيىلىنىشىنى باشتىن كەچۈرگەن بولۇشى، ئۇزۇن مۇددەت سىياسىي پائالىيەتلەرنىڭ سىنىقىدىن ئۆتكەن بولۇشى، ئىجتىمائىي ۋە دۆلەت ئىشلىرى پائالىيەتلىرىگە قاتناشقان بولۇشى، ناتىقلىق قابىلىيىتى ۋە سىياسىيونلۇق ساپاسى بولۇشى لازىملىقىنى بىلىدۇ. بىز غەرب ئەللىرىنىڭ تەجرىبىسىنى قوللانمايمىز ھەم قوللىنالمايمىز. ئۆزىمىزمۇ خەقتىن كەم ئەمەس. ھەممىلا ئوبلاستلىق پارتكوم شۇجىسىنىڭ بىزنىڭ بۇ ئۇلۇغ دۆلىتىمىزگە رەھبەرلىك قىلىپ كېتەلەيدىغانلىقىنى بىزمۇ بىلىمىز.

ئىنقىلاب دەۋرىدىن باشلاپ، سىياسىي رەھبەرلەرنىڭ يېڭى ئىلمىي ئېقىمى "ئەنئەنىسى مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەنىدى. ئىجتىمائىي ئالاھىدىلىك بۇ ئەنئەنىنىڭ ئاساسىي ئۆلچىمى: بىر ئائىلىنىڭ ئاتىقى چىققان، ئىقتىسادىي ئاساسى ئاجىز، بىلىمى كەمچىل بولۇشىمۇ مۇمكىن، ئەمما ئۇ يەنىلا خەلققە مەنسۇپ ئادەم بولۇشى كېرەك. ئەلۋەتتە ھەربىر ئايال، دۆلەتنىڭ رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى زىممىسىگە ئالالايدۇ دېيىشمۇ ھېچكىم ئىشەنمەيدۇ. ئىنقىلاب غەلىبە قىلغاندىن كېيىن تەشكىللەنگەن ئەڭ ئالىي رەھبەرلىك قاتلىمىدا بىرمۇ ئايال يوق، بىر ئىشچى ياكى بىر دېھقانمۇ يوق. لېنىن دەۋرىدە بىلىمى بار ياكى ئازراق بىلىمى بار ئادەتتىكى زىيالىيلار مەركىزىي كومىتېتنىڭ ئەزاسى بولۇپ سىياسىي بيۇرونى تەشكىل قىلغانىدى، ئۇلار ئاتاقلىق ياكى مۇنەۋۋەر سىياسىيونلار، قىزغىنلىقى تولۇپ تاشقان تەشۋىقاتچىلار، تەشكىلاتچىلار ۋە داھىيلار ئىدى؛

ئۇچۇق ئاشكارا بولۇش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ئاز سانلىق كىشىلەرنىڭ ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىشمۇ ئىنتايىن مۇھىم. ئىنقىلابىي ئىسلاھات دەسلەپىدە كۆپ سانلىققا تايىنالمايدۇ. بەلكى ئاز سانلىق كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسى، ئۇقتىسى نەزەرى ۋە ئىرادىسىگە تايىنىدۇ. كونىلار بىلەن يېڭىلار ئوتتۇرىسىدا ھامان ھەر قانداق ۋاقىتتا كۈرەش بولىدۇ. ئەمما 30-يىللاردا ستالىن كۆپ سانلىق كىشىلەرنىڭ ئىرادىسىگە تايانغان. شۇنىڭ بىلەن ئاز ساندىكى كىشىلەرنىڭ ئىرادىسىگە سەل قارىدى. ئۇنىڭ سەبداشىرى ئۈستىدە مۇنازىرە ئېلىپ بېرىش ھاجەتسىز، مەسىلە ئۇلار بىلەن مۇناسىۋەتسىز. خروششېۋ شەخسىگە چوقۇنۇشقا كۈچلۈك قارشى تۇرغۇچى ئىدى. ئۇ كۆپ سانلىقنى دەپ سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ قويۇش كۆرۈنىشكە سادىقلىق بىلەن ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا قاتناشقانىدى. ئەينى ۋاقىتتا كۆپ سانلىق كىشىلەر بۇخارىننىڭ خاتا دەپ قارىغانىدى. ئۇنىڭ نېمە كارايىتى بار، نىكولاي ئىۋانوۋىچ ئۆز يولۇڭغا ماڭىۋەرمەمسەن، ئۇلار بىلەن نېمە كارىڭ، ئوق ھامان تۆشۈكنى تاپىدۇ...

بىراق، برېژنېۋ دەۋرىدە ئۇ يالغۇزلىمىدى؟ رەھبەرلىك ئورگىنىدىكى مۇتلەق كۆپ سانلىق كىشىلەر ئۇنىڭغا چوقۇنغانىدى. چۈنكى برېژنېۋ ئۇلارغا نام - ئاتاق، مۇكاپات، پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ پۇلى قاتارلىق پايدىلارنى بەرگەن ھەمدە داچا سالدۇرۇپ بەرگەن ۋە سوۋغا قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار برېژنېۋنى ۋە ئۇنىڭ كۆپ ئەجىر سىڭدۈرمەي ئىگە بولۇۋالغان ئىجتىمائىي ئورنىنى قوللىغان.

خۇشامەتچىلەر سىياسىي تۇرمۇشتىن چىقىپ كەتسۇن، بەلكىم ھەممىلا سىياسىي رەھبەر تەخسىكەشلەرنى ياخشى كۆرۈشى مۇمكىن. بولۇپمۇ ستالىن ۋە برېژنېۋ دەۋرىدىكى سىياسىي رەھبەرلەر ھەددىدىن ئارتۇق بولغان ئۆزىنى قۇربانلىق قىلىشتىن يانمايدىغان تەخسىكەشلىكنى تېخىمۇ ياخشى كۆردى. ئۇلارنىڭ ئىشەنچە قىلغىنى ئاشۇ چىرايلىق سۆزلەر ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ ئىززا تارتماس قەلبى كۈچى ۋە سادىقلىقى يارىراپ قالغان. بىزنىڭ بىر قىسىم كىشىلىرىمىز باركى ئۇلار ئانچە ئاقىلانە بولمىسىمۇ ئەمما ئۇلار قايماق كەسكەن پىچاقتەك ھەممە سىياسىي تىزىملەردىن توسالغۇسىز ئۆتۈپ كەتتى. بۈگۈنكى كۈندە ئۇلار يەنە ئۆزىنى قوغداش كۈرىشىدە قىزغىن چاپماقتا.

نۆۋەتتە يەنە بەزى كىشىلەرنىڭ تەلىپى ئۆگىدىن كېلىپ رەھبەرلىك ئورۇنلىرىغا ئۆتتى. بەلكى يەنە بەزىلەر رەھبەرلىك ئورنىغا قاراپ يامىشىماقتا. بۇ كىشىلەرنىڭ ئېنىق بولغان دۆلەتنى تۈزەش پروگراممىسى بار، ئۇلار مەسىلىنى تېپىپ ھەل قىلىدىغان سىياسىي ئىسلاھاتنى مۇھىم نۇقتا

قىلماقتا. بىز سىياسىي داھىلارنىڭ يېڭى ئىستىلىنى ۋە پروتوكول خەلقنىڭ يېڭى دېموكراتىيىسىنى ئورنىتىشنى ئۈمىد قىلىمىز.

بۇ جەھەتتە ئەڭ مۇھىم مەسىلە ستالىن ۋە بىرېژنېۋ ئەنئەنىسىنىڭ تەكرارلانماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىشتىن ئىبارەت.

(خەنزۇچە «ئەدەبىي ئاخباراتلار» ژۇرنىلىنىڭ 1989 - يىلى 2 - سانىدىن ئېلىندى)

غۇجى تۇمۇر تەرجىمىسى


《天尔塔格》 «تەڭرىتاغ» قوش ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنىلى

1990年第一期 (1990 - يىل 1 - سان)

| | |
|---|---|
| 主办单位：乌鲁木齐市文学艺术界联合会 | ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى تەرىپىدىن چىقىرىلىدى. |
| 编辑出版：《天尔塔格》编辑部 | «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزۈپ نەشر قىلىدۇ |
| 地　址：乌鲁木齐市新华南路16号 | ئادرېس: ئۈرۈمچى جەنۇبىي شىنخۇا يولى 16 - نومۇر |
| 电话：78897 | تېلېفون: 78897 |
| 印　刷：新疆人民卫生出版社印刷厂 | شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى |
| 国内统一刊号CN65—1012/1 | مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى CN65-1012/1 |
| 邮局代号58—83 | پوچتا ۋەكالەت نومۇرى: 58 — 83 |
| 零售价：1.20元 | پارچە سېتىلىشى: 1.20 يۈەن |




تەڭرىتاغ ئەدەبىياتى ۋە سۆيگۈ مۇكاپاتى يىغىنىدىن

# ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىسى ئۈگرە چۆپ زاۋۇتى سىز ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ



ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىسى ئۈگرە چۆپ زاۋۇتى ئۇزۇن يىللىق تارىخقا ئىگە مەخسۇس ئۈگرە چۆپ ئىشلەپچىقىرىدىغان كەسپىي زاۋۇت.

بۇ زاۋۇت چەت ئەلدىن يۈرۈشلەشكەن زامانىۋى ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى كىرگۈزۈپ، تېخنىكا يېڭىلاش ئارقىلىق يىللىق مەھسۇلات مىقدارىنى 8000 توننىغا، مەھسۇلات قىممىتىنى 7 مىليون يۈەنگە يەتكۈزدى، تۆت خىل مەھسۇلات ئاپتونوم رايون بويىچە ئەلا مەھسۇلات، بىر خىل مەھسۇلات سودا مىنىستىرلىكى بويىچە ئەلا مەھسۇلات بولۇپ باھالاندى.



1988 - يىلى دۆلىتىمىزدە تۇنجى قېتىم ئېلىپ بېرىلغان يېمەكلىكلەرنى كۆرگەزمە قىلىپ باھالاشتا بۇ زاۋۇتنىڭ «ئىنچىكە ئۈگرە» سى ئالتۇن مېدالغا ئېرىشىپ، ئاپتونوم رايونىمىزغا شەرەپ كەلتۈردى.




زاۋۇت باشلىقى:
مىجىت لىتىپ

زاۋۇت ئادرېسى:
ئۈرۈمچى جەنۇبىي
شىنخۇا يولى 3 - قورۇ

تېلېفون نومۇرى:
25873 · 22769